گۈلچېھرە چوڭئەلەم ئەزىز



# قىرىق كېچە

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

قىرىق كېچە

گۈلچېھرە چوڭئەلەم ئەزىز

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن

مەيلى شاھ، مەيلى ئالىم بولسۇن، ئىنسان بولسىلا تۆھپىكار ئانىلار- نىڭ ئاق سۈتىدە چوڭ بولىدۇ. ئانىلار ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۇلۇغ. «قىرىق كېچە» مېنىڭ نەزىرىمدە ئانىلار ئوبرازى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان ياخشى كىتاب. شۇڭا، بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئالقىشىغا ئېرىشىشىگە ئىشەنچىم كامىل.

— ماھنۇر قاسىم

ئانا ئانىلىق بۈيۈكلىكىدە دۇنيانى پۈتۈن دۇنيا قىلغانلىقى بىلەن ئۇ- لۇغ ئىنسان دەپ قارايمەن. گۈلچېھرە ئەزىزنىڭ ئۇشبۇ كىتابىدىن مەن ئاشۇنداق بىر ئانىنىڭ سىماسىنى كۆردۈم. كىتابتا تەسۋىرلىنىۋاتقىنى مېنىڭ ئانام، سىزنىڭ ئانىڭىز، ھەممىمىزنىڭ ئانىسى بولمىش بۈيۈك ئانىلاردىن ئىدى...

— ئىمىن ئەھمىدى

12- دېكابىر ناماز ئەسىرگە يېقىن ۋالىدەئى مېھرىبانىمنىڭ خۇددى ئوغۇز سۈتى تېمىپ، سىڭىپ قالغاندەك سۇس ئاق چۈشكەن، كۆڭلىدەك يۇمشاق، مېھرىدەك ھارارەتلىك، ھاۋادەك بەرىكەتلىك قوللىرىنى تۇتقى- نىمچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم...

يازغۇچى سىڭلىم گۈلچېھرە ئەزىز ئاناجانىمنىڭ ھەسرىتىگە «قىرىق كېچە»نى يېزىپ ئاز- تولا تەسەللى تاپقان بولۇشى مۇمكىن. مەنمۇ بۇ كىتابنى ئوقۇپ ئانىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ھەسرىتىنى، ئانىنىڭ ئۇ- لۇغلۇقىنى، مېھىر- مۇھەببىتىنى قايغۇ- ھەسرىتىم بىلەن ھېس قىلدىم. ئانىغا بېغىشلانغان بۇ كىتاب مېنى ھەقىقەتەن ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى، ئانىسىزلىق ئوتىدا پۇچۇلانغان قەلبىمگە تەسەللى بولدى.

— ياسىنجان سادىق چوغلان

دۇنيانى ئانىسىز، ئانىنىڭ مۇھەببىتىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ كىتاب بۈيۈك مۇھەببەت ۋە قۇدرەتلىك كۈچ بولغان ئانا ھەق- قىدە بىر كىنو ئىشلەش ئارمانىمنى كۈچەيتىۋەتتى. «قىرىق كېچە» ئا- نامغا بولغان سېغىنىش ۋە مۇھەببىتىمنى يالقۇنلاتتى...

— شىرزات ياقۇپ

ISBN 978-7-228-19296-0
9 787228 192960 >



www.uyghurkitap.com

گۈلچېھرە چوڭئەلەم ئەزىز

# قىرىق كېچە



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

四十夜：维吾尔文 / 古丽切克热·艾则孜著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2016.2
ISBN 978-7-228-19296-0

Ⅰ. ①四… Ⅱ. ①古… Ⅲ. ①叙事文学 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第039348号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布里米提 |
| 封面设计 | 努尔买买提·艾买尔 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 8.25 |
| 版　　次 | 2016年3月第1版 |
| 印　　次 | 2016年3月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 3000 |
| 定　　价 | 25.00 元 |

# كىرىش سۆز

## خالىدە ئىسرائىل

ياش يازغۇچى گۈلچېھرە ئەزىز يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دىققەتنى تارتىپ، ياخشى باھالارغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «ئوينايدىغان بالا بارمۇ» ناملىق بالىلار VCD پىلاستىنكىسى، «ئەلۋىدا، مۇرات ناسىروف»، «مەيىن شاماللىق دىيالوگ»، «ئەركىلەيدۇ كۆيۈگىدە ھايات»، «بىر دادىنىڭ بايانى»، «دۇنيادا ھەممىدىن يامان ئايرىلىش»، «ئەسلەيمەن سېنى»، «جېنىم ئانا»، «مەن چوڭ بولغان مەھەللە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. 2014 ـ يىلى بىز ئۇنىڭ «ئەي ھايات، قۇچاقلا مېنى» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىدىن زوق ئالدۇق ۋە بۇ ئارقىلىق مۇئەللىپىنىڭ قازاقىستاندىكى كەچمىشلىرى بىلەن ئۇ يەردىكى داڭلىق كارخانىچى دىلمۇرات قوزىيېف ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشتۇق. ئەمدىكى گەپ، گۈلچېھرەنىڭ يېڭى كىتابى «قىرىق كېچە» قولىمىزدا تۇرۇپتۇ. ھەربىر كىتاب يېڭى بىر دۇنيا دېيىشىدۇ. قېنى، بىز گۈلچېھرەنىڭ بۇ يېڭى دۇنياسىغا قەدەم قويۇپ باقايلى...

باشتىلا دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدىغىنى «قىرىق كېچە» ناملىق ماۋزۇدۇر. كىشىگە شەرق ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ زور شۆھرەتكە ئىگە «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنى ئەسلىتىدىغان ھەم خەلقىمىزنىڭ ئۆلۈم، دەپنە

ئىشلىرىدىكى قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بۇ ماۋزۇ كىشىنى ئۆزگىچە تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ماۋزۇغا ئەگىشىپ كۆزىمىزگە تاشلىنىدىغىنى تاللانغان شېئىرىي مىسرالار ياندىشقان ھەر بابنىڭ ماۋزۇسى. ھېچقانداق بەلگە، سان - سېپىرسىز ئۇستىلەپ تىزىلغان بۇ گۈزەل سۆزلەر گويا بىر تىزىق لەئەل - ياقۇتتەك كۆزلەرنى چاقنىدۇ ياكى بىر بۆلەك ئېسىل مودېرنىزملىق شېئىردەك لەززەت بەخش ئېتىدۇ. كىتابنىڭ ھەربىر بۆلىكى ئاشۇ ماۋزۇلار ئاستىدىكى بىر كۇپلېتلىق تاللانغان شېئىرلاردىن باشلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئېسىل شېئىرلار ھەرقايسى بۆلەكلەردىكى مەزمۇن بىلەن بىرلىشىپ كىتابنى يېڭىچە شەكىلگە ھەم كۈچلۈك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلغان.

كىتاب ئارقىلىق تونۇشىدىغىنىمىز بىر ئانا. ئۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇيالىغان، كىشىلىك ھايات، رەڭدار دۇنيا ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى، نەزەرىيەۋى ھېكمەتلەر بىلەن ئۇچرىشالىغان، ئۆمرىنى ئائىلىسى، ئېرى ۋە پەرزەنتلىرى يولىدىكى مىننەتسىز ئەمگەكلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئەمما، ئۇ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەلۋەك بولىقىدا، ئەنئەنە تۇسى قويۇق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ياشىغان. ئۇ ئاشۇ بولاقتىن شەربەت ئىچىپ، تۇغما زېرەكلىكى، ئۆزگىچە ئوي - پىكرى، ئانىلىق قەلبى ۋە تەسەۋۋۇر - تەجرىبىلىرى بىلەن كىشىلىك ھايات ۋە دۇنيا ھەققىدە ئۆزىگە خاس ئەقىل - پاراسەت ۋە يەكۈنگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ قاراشلىرى، ئەقىل - پاراسىتى، پەزىلىتى ھەر خىل تاشقى تەسىرلەر تۈپەيلى ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە يېقىنلىقى بىلەن بىزگە شۇنچە يېقىملىق، جەلپكار تۇيۇلىدۇ، بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە تالىق بارچە قىممەتلىك، گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ئاشۇ ئاددىي، ئەمما ئۇلۇغ ئانىلىرىمىز، موملىرىمىز، تاغ سۈپەت دادىلىرىمىز ۋە بوۋىلىرىمىزنىڭ

ۋۇجۇدىدا ھېلىھەم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئىگە بولۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، زامانىۋىلىشىش، يەر شارىلىشىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ ئىنسانىي، بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشتا ئاشۇ گۈزەل ئەنئەنىلەرگە يەنىمۇ موھتاج بولىدىغانلىقىمىزنى سەممىمىزگە سالىدۇ.

كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغىنى، مۇئەللىپ ئانىسى ھەققىدىكى بۇ ئەسلىمىسىنى مىللىي ئەنئەنە، ئۆرپ ـ ئادەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، مۇھەببەت، دوستلۇق، پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا ـ ئانىلار، قېرىنداشلار، قېيىنئانا ـ كېلىنلەر مۇناسىۋىتى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھاياتقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئويلىنىشقا ئايلاندۇرغان. كىتابتىكى ئىبرەتلىك ھېكايىلەر، تەمسىللەر، ھېكمەتلەرگە ئەگىشىپ ئانىنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا بارغانسېرى زورىيىپ بارىدۇ. ئىختىيارسىز تېخىمۇ نۇرغۇن ئانىلارنى ــ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ھايات ياشاۋاتقان، پەرزەنتلىرى، ئائىلىسى ئۈچۈن، تېخىمۇ بەختىيار، ئىناق تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئۇن ـ تىنسىز قۇربانلىق بەرگەن، بېرىۋاتقان، ئەمما ئەجرى ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان پىداكار ئانىلارنى ئەسلەيمىز. قەلبىمىز ئانىلارغا، ئانىلىرىمىزغا بولغان مىننەتدارلىق، سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن تولۇپ، خۇددى مۇئەللىپ ئېيتقاندەك «ئاھ، كېچىككىشكە تولغان دۇنيا، بۇرۇنراق قەدرىڭنى بىلگىنىمدە ئىدى، باغرىڭدا تېخىمۇ كۆپ ئەللەيلىنىپ مېھرىڭگە قېنىۋالاتتىم، ئانا، سەن ئۈچۈن پەرھات كەبى تاغلارنى تالقان قىلاتتىم، ئانا، سەن ئۈچۈنلا ياشايتتىم، ئانا» دېگۈمىز كېلىدۇ.

«قىرىق كېچە»نىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى تىلىدا دېيىشكە بولىدۇ. ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئەسلىي تىل ئۇسلۇبىغا يېقىن، ئۆزگىچە گۈزەل سۆزلەر ۋە مەنىلىرىدىن تۇزۇلگەن نەپىس جۈملىلەر، بۇ گۈزەل، نەپىس جۈملىلەر ئۆزىدە ئىپادىلىگەن

رەڭدارلىق ۋە ھېكمەت بىزنى مەھلىيا قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان تىل ئىشلىتىش ئادەتلىرىمىز ۋە جۈملە شەكىللىرىمىز ئۈستىدە ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

«قىرىق كېچە» مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان، ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك كىتاب، ئوقۇغىنىمىزدا كىتابنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرىدا قىستۇرۇلغان بەزى مەزمۇن، ۋەقەلەر زورۇقۇپ قىستۇرۇلغاندەك بىلىنىدۇ. ئەمما، ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزسەك، بۇ مەزمۇنلارنىڭ كىتابنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا زۆرۈر تولۇقلىما بولغانلىقى، كىتابنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى بايقايمىز.

ئومۇمەن، «قىرىق كېچە» يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئايال ئاپتورلارنىڭ ئەجرى بىلەن يورۇقلۇققا چىقىۋاتقان بىر تۈركۈم كىتابلار ئىچىدە تېما، مەزمۇن، شەكىل، تىل ئۇسلۇبى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىدىغان ئەسەر بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ كىتابى ئارقىلىق ئۆز ئەمەلىي كۈچىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئاياللار ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ رەڭدارلىشىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. مەن ياش يازغۇچىمىز گۈلچېھرە ئەزىزنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە يەنىمۇ زور ئۈمىد تىلەيمەن.

2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي



www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ............................................ 1
ئاھ، ئانا ! بىر ئىدا ئېزەر يۈرەكنى ................... 3
سېنى ماڭا بىتاپ دېدىلەر... ............................ 6
ئويچان كېچە، جىمجىت شۇ قەدەر ........................ 14
كۆز ياشلىرىم سەل بولغان چاغلار ....................... 19
پۈتۈلگەن تەقدىر ........................................ 22
ئېسىل روھ .............................................. 30
ئەجەب دۇنيا ............................................ 39
بەزى كېچە ئۆمۈردىن ئۇزۇن .............................. 48
سېنىڭ يۈرىكىڭگە كېتەي مەن ............................. 68
ھەسرەتلىنىپ يىغلاي دېسەم ئانام يوق ................... 78
ئۆمۈر دەرياسى ........................................ 107
يۈرەك ئايغا ئوخشايدۇ .................................. 136
ئۇچۇۋاتقان يۈرەك ...................................... 156
سىرلىق دۇنيا ........................................... 174
ھىجران ئازابى ......................................... 223
يالغان كۈلۈش تەستۇر، بەكمۇ تەس ...................... 228
ئاچچىق ئەسلىمە ........................................ 237
چىدا يۈرىكىم .......................................... 249

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

ئانام ئالەمدىن ئۆتتى ...

ئانام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ھاياتىمدا ئانامنىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى، ئانامنىڭ تۇرمۇشۇمدا تۇتقان پەۋقۇلئاددە ئورنىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بەزىلەر ئانىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتسا بۇ سۆزگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ئازابنى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان پەريادنى ھېس قىلمىغان، بىلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن... خىيالىمچە بولغاندا ئانام مەڭگۈ ياشايتتى، مەڭگۈ مېنى تاشلاپ كەتمەيتتى.

ئاھ، ھەسرىتا، ئانام كەتتى ! باشقىلارنىڭ ئانىسىغا ئوخشاشلا مېنىڭ ئاناممۇ بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، ماڭا خوش دەپ قويۇشقىمۇ، مېھرى بىلەن قۇچاقلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۇ ئالەمگە كەتتى. مەن يالغۇز قالدىم. ئەسلىمىلەر، چۈشلەر ماڭا ھەمراھ بولۇشقا باشلىدى. دادام قازا قىلغاندىمۇ ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلانغان، ئۆرتەنگەن، نالە ـ پەرياد قىلغاندىم. بىراق، بۇ ئازابلار كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا بېسىقىغا چۈشۈپ، تىنچلىنىپ قالغاندىم. چۈنكى، ئۇ چاغدا يېنىمدا غەمخورچۇم، پاسىبانىم، مېھرىبانىم ئانام بار ئىدى. ئۇنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ، ئەركىلەپ ئۆزۈمگە تەسەللى تاپقاندىم. ئانامنىڭ ئوتلۇق مېھرىدە تالاي ئازابلار ئۇنتۇلغانىدى. ھازىرچۇ؟ ھېچكىمىم يوق. غېرىب يۈرىكىم ئەنسىز سوقىدۇ. تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋەھىمە، قورقۇنچ دەۋرەپ كېلىدۇ. كىمنى قۇچاقلايمەن؟ كىمدىن تەسەللى تاپىمەن؟ ھېچكىم يوق ... ماڭا قالغىنى ئۈزاققا سوزۇلغان چۈش، ئايغى

www.uyghurkitap.com

چىقماس شېرىن ئەسلىمە ... ئۆيگە كىرىپ قاياققىلا نەزەر تاشلىسام ئانامنىڭ مېھىرلىك كۆزلىرى ماڭا كۈلۈپ قارايدۇ، ئۆينىڭ قايسى بۇرجىكىگە بارسام ئانامنىڭ شېرىن ھىدى پۇرايدۇ. گويا ئانام ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە — ئەسلىمەمدە، چۈشۈمدە مېڭىپ يۈرىدۇ. ئاھ ئانا! پەريادلىق ئاھىم زېمىن - ئاسماننى تىترىتىدۇ. يۈرىكىم دەيدۇ: يازغىن، ئەسلىمىلىرىڭنى، چۈشۈڭنى، خىياللىرىڭنى ياز، ئاناڭ ھەققىدىكى گۈزەل خاتىرىلەرنى ياز، شۇندىلا تەسەللىگە ئېرىشىشىڭ مۇمكىن!

يۈرىكىمنىڭ ئىلتىجاسىغا بويسۇنۇپ يېزىشقا باشلىدىم. كۆز يېشىم سىياھقا ئايلاندى. ھەسرەت - نادامىتىم بىر تامچە، بىر تامچىدىن تېمىپ چۈشتى ...

# ئاھ، ئانا! بىر نىدا ئېزەر يۈرەكنى

ئاھ، ئانا! بىر نىدا ئېزەر يۈرەكنى،
نە نىدا، پەريادىم قۇچار پەلەكنى.
كەتتىڭىز، مەن غېرىب قىزىڭىز قالدىم،
مەن نەدىن تاپىمەن سىزدەك يۆلەكنى.

تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بوۋاق تەڭرىدىن سوراپتۇ:
— مەن نە سەۋەبتىن ئۇ ئالەمگە بارىمەن؟
— ياشاش ۋە سىنىلىش ئۇچۇن، — دەپتۇ تەڭرى. بوۋاق يەنە سوراپتۇ:
— ئاڭلىسام ئۇ ئالەمدە ئەسكى ئادەملەر كۆپ ئىمىش، جەمئىيەت رەزىللىك ۋە جىنايەت بىلەن تولغان دەيدۇ، ئۇلاردىن قانداق ساقلىنىمەن؟
— خاتىرجەم بول، ساڭا بىر پەرىشتىنى قوشۇپ ئەۋەتتىم، — دەپتۇ تەڭرى، — ئۇ ساڭا قانداق ياشاش، نىمە قىلىشنى ئۆگىتىپ، بىر ئۆمۈر يول باشلايدۇ.
دەل شۇ چاغدا بوۋاق تۇغۇلىدىغان پەيت كېلىپ، پەرىشتىلەر ئۇنى ئالغىلى كەپتۇ. مېڭىش ئالدىدا بوۋاق يەنە تەڭرىدىن:
— ئۇ پەرىشتىنىڭ ئىسمى نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ. تەڭرى:
— ئۇنىڭ ئىسمى مۇھىم ئەمەس، لېكىن سەن ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىرىسەن، — دەپتۇ ...

— خاتىرەمدىن

ھاياتىمدا مەن ئۈنتۇيالمايدىغان كەچمىش، تەسلىمە تالاي. لېكىن، ئاشۇ كۈننىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۆمۈرلۈك ئازابلىق كۈنلىرىمنىڭ ئىپتىداسى بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي؟! شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنى زادىلا تاپالمىدىم. ھاياتقا ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان، دۇنياغا مۇھەببەت بىلەن باقىدىغان كۆزلىرىمدىن پەقەت ياش قۇرۇمىدى. ھەممە ـ ھەممە مېنى تاشلاپ كەتكەندەك، دۇنيا ماڭا شۇنچىلىك رەھىمسىز، شۇنچىلىك ۋاپاسىز بىلىندى. ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم بوتىلاقتەك بوزلايتتىم، كۆز يېشىم توختايدىغاندەك ئەمەس.

— ئاھ، ئانا ... جېنىم ئانا، يۈرەك ـ باغرىم ئانا، قېنى سەن، ئانا؟

— ئىدالىرىم مېنى ھالسىرىتىپ يىقىتتى. شۇ چاغدا شۇ يىقىلغانچە باقىي دۇنيادىكى سۆيۈملۈك ئانامنىڭ قېشىغا كېتىشنىمۇ ئارمان قىلدىم. ھاياتىمنىڭ ئانام بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەقەت ۋە پەقەت شۇ كۈندىن باشلاپ ئاندىن چۈشەندىم. «ئىشىكتىن مۇردا چىقسا، تۆكۈلۈكتىن سەۋر كىرىدۇ» دېيىدىكەن. لېكىن، مېنىڭ تۆكۈلۈكىمدىن سەۋر ئەمەس، سۆزلەشكە تىل، يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدىغان ماتەم ـ مۇسىبەت، داغى ـ ھەسرەت كىرەتتى.

بەزلەش، سەۋر تىلەش، كۆڭۈل ياساشلارمۇ، «قىرىقى توشسا سەل ئېسىڭىزگە كېلىسىز» دېگەندەك تەسەللى سۆزلەرمۇ يېشىمنى توختىتالمىدى. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز نادامەت، ئاھ ـ پەرياد ئىچىدە ئۆتتى.

ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ سائەت ـ سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ، كۆزلىرىم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالغاندەك يېتىپ كېتەتتىم... خىيالىمدا ئانام مېنى باغرىغا بېسىپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتەتتى. جېنىم ئانا، سەۋر قىلىشىم، ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇشۇم كېرەك ئىدى. ساڭا پەقەت

چىدىمىدىم، ئانا. بىلىمەن بۇ جان بىزگە بېرىلگەن ئامانەت، بەرگەن ئىگىسى ۋاقتى كەلگەندە ئېلىپ كېتىدۇ، تەقدىرگە تەن بەرمەي ئىلاج يوق. لېكىن، ئانا، تەقدىرگە تەن بېرەلمىدىم. «نېمىشقىمۇ كۆپرەك بىللە بولۇۋالمىغاندىمەن، كۆپرەك مۇڭدىشىۋالمىغاندىمەن؟ خىزمىتىنى كۆپرەك قىلىۋالمىغاندىمەن؟» دېگەن ھەسرەت، ئۆكۈنۈش، ئارمان يۈرىكىمگە تىرنا سېلىپ ئارام بەرمەيتتى. خىيالىمدا ئانامنى قۇچاقلاپ يىغلايتتىم، ئانام مېنى سۆيۈپ تەسەللى بېرەتتى. كۆز ياشلىرىم ياستۇقۇمنى ھۆل قىلىپ، ئېسىمگە كېلىپ، بۇنىڭ پەقەت بىر خىيالىم ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە يىغام تېخىمۇ ئەۋجگە چىقاتتى. ئانامنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كەتتىمكى، بۇ ئوتقا، ئۇ سېغىنىشقا زادى چىدىيالمايتتىم، خۇددى ئانام مېنى كۈتۈۋاتقاندەك، باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، پۇراپ، سۆيۈپ قېنىۋېلىشنى ئىستەپ قەبرىستانلىققا يول ئالاتتىم. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ كىم بىلەن كۆرۈشسەم:

— ئانىڭىز بارمۇ؟ كۆپرەك بىللە بولۇڭ، مۇڭدىشىڭ، ئۇلار ھامان كېتىدۇ، — دەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىم. كوچىلاردا ئانام دېمەتلىك ئاياللارنى كۆرسەم ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كېتىمەن، ئۇلارنىڭ تۇرۇپلا ئانامغا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن...

ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداش، دوست - يارەن، ھەقەمسايىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېيتىش - بەزلەشلىرى، گۈزەل مەنزىرىلىك تەبىئەت، ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان زىلال سۇلار، پازىل - ئۆلىمالارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىمۇ مۇسىبەت ئازابىمنى ھېچ يېنىكلىتەر ئەمەس.

ئەمدى يالغۇز قالغىنىمغا ئىشەندىم.

مەن يىغلىسام مېھرىلىك بىر قول كۆز يېشىمنى پاك - پاكىز سۈرتۈۋېتەتتى، بۈگۈن ئۇ قول يوق. يوللاردا ماڭالماي ئېزىقسام بىر ماياك يولۇمنى يورۇتاتتى، ئۇ ئانامنىڭ يۈرىكى ئىدى. ئەمدى ئاشۇ ئوتلۇق يۈرەكنى ئانا زېمىن قوينىغا ئالدى.

كۆزۈممۇ، يۈرىكىممۇ يىغلاۋاتىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سېنى ماڭا بىتاپ دېدىلەر…

چۈشۈم بولۇپ قالسىدى بۈگۈن،
قاناتىنى كەردى زۇلمەت تۈن.
ئانا، دېدىم، قان قۇستى ئاھىم،
قارا دولقۇن ئارا يىتتى كۈن.

2012 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېل.

ئىنىمنىڭ تېلېفوندىكى ئەنسىز ئاۋازىدىن مېڭەمدە چاقماقلار چېقىلىپ، گويا مېنى ئاسماندىن يەرگە تاشلاپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى.

ــ ئانام تۈگەپ كېتىپتۇ... ــ ئىنىمنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازىدىن تۈرۈپكىنى تاشلاپ پەرياد ئۇرۇپ يولغا يىقىلدىم.

ــ ياق ! ياق ! ياق ! ... ئانا ...

ئانامنىڭ تېخى يېرىم سائەت بۇرۇن تېلېفوندا سۆزلىگەن ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاۋاتاتتى. 20 ـ ئاپرېل ئىنىمنىڭ قىينىئانىسىنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتكەندى. ئانامنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ھەممەيلەن قەشقەردىكى بۇ ئۆلۈمگە بارماسلىقىنى، كېيىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە پەتە ئوقۇشنى ئېيتتى. لېكىن، ئانام: «بىز قۇدا تۇرساق، سەت تۇرمىسۇن» دەپ بارغۇسى كەلدى. مەنمۇ «ئىنىمنىڭ ھۆرمىتى، بوپتۇ، بارغىن» دەپ يولغا سېلىپ قويغانىدىم. ۋاي ئىست، ئۇن كۈن ئۆتمەستىن ئانامنىڭمۇ بىزنى تاشلاپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان؟

— بولدى ياشىغىم يوق، مەنمۇ ئانامنىڭ قېشىغا كېتىمەن...

ئايرودۇرۇمنىڭ كۈتۈش زالىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق پىچىرلاپ ياتاتتىم. يېنىمدا يەڭگەم، ئىنىم ۋە ئايالى بېشىمنى سىلاپ تۇراتتى. «شۇم خەۋەر ئوقتىن تېز تارقىلىدۇ» دېگەندەك، ئانامنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئايرودۇرۇمغا چىققانلار ھالىمغا قاراپ «ئەلھۆكمىلىللا» دېيىشەتتى. «ياق... ياق... بۇ خەۋەر يالغان، ئانام تۈگەپ كەتمىدى» ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىمچە ياتاتتىم. تېخى ئون كۈن بۇرۇن ئانامنى مۇشۇ ئايرودۇرۇمدىن قەشقەرگە ئۇزىتىپ قويغانىدىم، خوشلاشقاندا ئانام مېنى قۇچاقلاپ قانماي سۆيۈپ كەتكەنىدى. شۇ خوشلىشىش، شۇ سۆيۈشنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. ئانام بىلەن بىللە ماڭغان مۇكەررەم ئاچام ۋە خۇرشىدە ئاچام ئانامنى ئېلىپ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئورنىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، خاتىرجەم بولۇپ قايتقانىدىم. يول بويى نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سورىغانىدىم. «بۇ يەردە ئانام ماڭغان، بۇ يەردە ئانامنىڭ قەدەم ئىزلىرى بار» كۆزلىرىم يەردىن ئانامنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئايروپىلان قوزغىلىپ سىلكىنىمەكتە ئىدى، ھەممەيلەن ئەنسىزلىك بىلەن ئولتۇراتتى. لېكىن، مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بۇ سىلكىنىشتىن قورقماي ئولتۇراتتىم. «ئۆلۈپ كەتسەم ئانامنىڭ قېشىغا بارىمەن، ئانامنى كۆرىمەن.» كۆزۈم يىغىدىن قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەنىدى. «قاچان بارىمىز، نېمانداق ئاستا ئۇچىدۇ، ئايروپىلان توختاپ قالدىمۇ نېمە؟ ۋاي قەشقەرگە قاچان بارىمىز؟» ئاخىرى قەشقەر ئايرودۇرۇمىغىمۇ كەلدۇق.

كۆزۈمگە ھېچكىم ۋە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. يۈگۈرگەن پېتى سىرتقا چاپتىم. بىزنى ئايرودۇرۇمدىن ئۆيگە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىككى ماشىنا يانمۇيان كېتىۋاتاتتى، ئىنىم چىققان ماشىنا بىزدىن سەل ئالدىدا ئىدى.

— مەن ئاۋۇ ماشىنىغا چىقاي، بىزدىن تېز مېڭىۋاتىدۇ، — جىددىيلەشكىنىمدىن تىتىلداپ كېتىۋاتاتتىم.

— نېمانداق ئۆيگە بېرىپ بولالمايمىز؟ بىزنىڭ ئۆي بۇنچىلىك يىراق ئەمەستىغۇ؟

نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. يىراقتىن ئىشىكىمىز ئالدىدا تۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ پەرياد ئۇردۇم:

— ۋاي جېنىم ئانام، مېنىڭ ئانام قېنى؟!

ماشىنىدىن چۈشۈپلا يەرگە يىقىلدىم، كىملەرنىڭ يۆلەپ تۇرغۇزغىنىنى بىلمەيمەن. «جېنىم ئانا، قېنى سەن، ئانا!» دەپ تولغىنىمچە يەنە يىقىلدىم. كىچىك ئاكام يىغلىغان پېتى كېلىپ مېنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئەكىرىپ قويدى. ھويلىدا كۆتۈرۈلگەن يىغا ـ زار نالەمنى باسالمىدى. قارا پەلتو، ئايالچە كەمچەت تۇماق كىيگەن ئاياللار توپىدىن ئانامنى ئىزدەيتتىم. پۇتۇمدا ماغدۇر يوق ئىدى، يەنە يىقىلدىم.

— ۋاي ئانام قېنى؟ مەن قەشقەرگە ساق يولغا سېلىپ قويغانىدىمغۇ؟ ۋاي يۈرىكىم ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ...

ھويلىمىزغا ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان پەتىچىلەر، بىر ـ بىرىگە ئېسىلىشىپ يىغلىشىۋاتقان ھازىدارلار، مېنىڭ نالە ـ پەريادىم...

بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر قىز قېرىندىشىم، ئانام «مېنىڭ بىر جۈپ قىزىلگۈلۈم، بىر جۈپ قىزىم» دەپ ھەۋەسلىنىدىغان ئاچامنى ئىككى ئايال يۆلەپ يېنىمغا ئەكەلدى. بۇ تۇيۇقسىز جۇدالىق ئالدىدا ئاچاممۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

— ئاچا، ئانام قېنى؟ بۇ راستىمۇ؟ بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزىمىز، مەن تۈگەشتىم... مەندىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇڭلار... — يىغا ـ زار ئىچىمۇ ئەۋجگە چىقتى.

— سەۋر قىلسىلا، ئەمدى ئورۇنلىرىدىن تۇرمىسىلا ئانىلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيلا، تېزدىن تەرەت ئالسىلا، ھازىر ئېلىپ ماڭىدۇ، — ئاچامنىڭ دوستى نۇربىيەنىڭ سۆزىدىن ئېسىمگە كېلىپ دەس ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ئاھ، خۇدا ! ئانام ياتقان ئۆيگە ئېتىلدىم. ئانام ئاپپاق ئاخىرەتلىكتە لىباسلىنىپ تىنچ ياتاتتى. قىزىلگۈل بەرگىلىرى ھەممە يەرگە قويۇق چېچىلغان، ئۆي شۇنچىلىك خۇشبۇي ئىدىكى، ئۇ بۇ ھاياتىمدا پۇرىغان ئەڭ خۇش پۇراق ھەم شۇ ئىدى. ئاھ، جېنىم ئانا، ھاياتلىقىڭدىمۇ ئاق رەڭنى، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرەتتىڭ، گۈل پەرۋىش قىلاتتىڭ، چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرنى چېكەڭگە قىستۇرۇۋېلىشقا ئامراق ئىدىڭ. مانا ئۇ دۇنياغىمۇ ئاق كىيىم بىلەن گۈللەر ئىچىدە ئۇزاۋېتىپسەن... ئاق ياغلىق چىگىشكەن، قوللىرىدا تەسۋى سىيرىپ، ئانامغا ئاللادىن مەغپىرەت تىلەپ ئولتۇرغان ئاياللار تۇشمۇتۇشتىن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم دەپ كىرسىلە، رازىلىق بەرسىلە، مەن سىلىدىن رازى دېسىلە، سىلىمۇ مەندىن رازى بولسىلا دېسىلە، — دېيىشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جېنىم ئانا، مېنى ساقلاپ ياتتىلىمۇ، ئانا، بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، ئانا، مەن سىلىدىن ھەر ئىككىلا ئالەم رازى، يۈرىكىم ئانا، مېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغانلىرىغا رازى بولسىلا، ئانا، ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتۈپ قالغان بولسام، دىللىرىنى ئاغرىتىپ قويغان بولسام كەچۈرسىلە، ئانا، بىزدىن رازى بولسىلا، ئانا، بىز ھەممىمىز سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى، ئانا...

ئاخىرقى قېتىم بىز بەش بالا، كېلىن، كۈيۇئوغۇل، نەۋرىلەر رازىلىق بېرىپ ھەسرەت ـ نادامەتلىك يىغا ـ زار ئىچىدە ئانام بىلەن خوشلاشتۇق.

— جېنىم ئانا، سىلىنى ياراتقان ئىگىسىگە تاپشۇردۇم، ئاللا سىلىگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرەر، جەننەتۇل فىردەۋس، جەننەتۇل رىزۋاننىڭ ئىشىكلىرىنى ئوچۇق قىلار، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلار... ئامىن !

ئانامنى جىنازىغا سېلىشتى، مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىشقا چىدىماي يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم. جىنازىنى ئوراپ تۇرغان قېرىنداشلىرىم،

يىغا ـ زار، دۇئا ـ تىلەكلەر ئىچىدە ئانامنى قول ـ قولغا تەگمەي كۆتۈرۈپ مېڭىشتى، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەينىمدىن يۈگۈردۈم، ھەممىسى ماڭا ئېسىلىۋېلىشتى.

ــ يامان بولىدۇ، قىز بالا چىقسا بولمايدۇ، ــ قۇلىقىمغا بۇ سۆزلەر مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ــ ياق، مەن بىر كۆرۈۋالاي، كەينىدىن بىر كۆرۈۋالاي، ۋاي، مېنى توسماڭلار، يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالاي...

كەينىمدىن چىققان بىر توپ ئاياللار مېنى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشتى... ئاھ، جېنىم ئانا، بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم سەن ئىدىڭ، ساڭا قاناي بۇگۈنگە كەلگەنىدىم، بۇ ئايرىلىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، مەن سەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدىم، ئەمدى مەن سېنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيمەن، ھەرگىزمۇ...

يۇرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق قىرائەت باشلاندى، بۇۋىلەر ئانامنىڭ روھىناتىغا ئاللادىن مەغپىرەت تىلەۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ، ئانام ئۇچۇن دۇئا قىلماقتا ئىدىم...

جېنىم ئانا، سېنى مەسچىتكە ئېلىپ مېڭىشتى. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا «مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ياغلىقسىز، كالتە يەڭ كىيىملەر بىلەن ئۆتۈپ قالماڭ، ئەزان چىققاندا گەپ قىلماڭ، دۇئا قىلىڭ. مەسچىت دېگەن ئاللانىڭ ئۆيى، بۇ دۇنيادا مەزلۇم بولغاچقا مەسچىتكە بارمىغىنىمىز بىلەن ئۇ دۇنياغا مەسچىتتە نامىزىنى چۈشۈرمىگىچە يۈزى يورۇق بارغىلى بولمايدۇ» دەيتتىڭ. مانا سەن ئاللانىڭ ئۆيى دەپ ئۇلۇغلايدىغان ھەم بىزنى ئۇلۇغلىتىدىغان مەسچىتكە سېنى ئېلىپ مېڭىشتى. ئانا سەن مۇقەددەس شەھەر مەككىگە بارغىنىڭدا كەبىدىكى ناماز ئوقۇغان تەسىراتلىرىڭنى قانچە قېتىم تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپ: «ئادەم مەسچىتتە بالىلىرىنىمۇ، ئۆيىنىمۇ، دۇنيانىمۇ ئويلىمايدىكەن، ئاللادىن باشقا، ئۇ دۇنيادىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىكەن» دېگەنىدىڭ. سېنى مۇقەددەس تاۋاپگاھقا ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇ

يەردىن قەبرىستانلىقتا ئاچچىق يەرلىككە قويۇشىدۇ. سېنى سوغۇق قارا يەر قوينىغا كۆمۈپ قويۇشىدۇ... ئىنسان تۇپراقتىن يارالغان، يەنە تۇپراققا قايتىدۇ دېگەندەك، سەن ئاشۇ جىمجىت ئانا يەر قوينىغا كىرىپ كېتىسەن...

پەتىگە كەلگەنلەر ئۇزاشتى، يىراقتىن كەلگەن تۇغقانلار قونۇپ قېلىشتى، يىغا ـ زارىدىن ھالسىرىغان ئىدىم، ئۇنۇم پۇتۇپ ئاران ـ ئاران چىقىۋاتاتتى. مەن ياتقان ئۆيدە ياتقانلار يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھەممە ئۆيگە كىرىپ چىقتىم، ھەممە ئۇخلاپ كېتىشكەندى. ئانامنىڭ ھىدىنى تاپالماي رەللە بولاتتىم. ئاسمانغا قارىدىم، ئاي بۇلۇتلار ئىچىدىن ئاستا چىقىپ، ھالىمغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك يەنە ئاستا بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇندى. ئەي، تولۇن ئاي، بالىلىق چاغلىرىمدا بۇ ئۆيدە، دەل مۇشۇ ھويلىدا، دەل مۇشۇ ئورۇندا ئانامنىڭ دائىم ئاسمانغا قاراپ ساڭا ھەۋەس ۋە سېغىنىش بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئاستا يېنىغا كەلسەم، مېنى قۇچاقلاپ: «ئانام رەھمەتلىك تۇگەپ يەرلىككە ياتقان كۈنى كەچتە ئۇيقۇم كەلمەي، ھويلىغا چىقىپ ئاسمانغا قارىسام، ئاي مۇشۇنداق تولۇپتىكەن، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاي تولغان كۈن ئىدى، شۇڭا مەن ئاينىڭ تولغىنىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن، ئايغا قارىسام ئانامنى ئەسلەيمەن» دېگەنىدى. مانا بۈگۈن مەن ئاشۇ ئايغا قاراپ ئانامنى ئەسلەۋاتىمەن. جېنىم ئانا، ئەمدى ئايغا قاراپ ئانىسىنى سېغىنىش ماڭا قالدىمۇ؟ سەن دائىم ئايغا قاراپ: «ئىسىت ئانام، جاپاكەش ئانام، مېنى ئۇخلىۋالسۇن دەپ كېچىسى مېنى ئويغاتماي بالىلىرىمنى بېقىپ بېرەتتى ئانام، يەۋال، يېتىۋال، ئارام ئېلىۋال دەپ كۆزۈمگە قارايتتى ئانام، ئەجەب قەدرىنى بىلمەپتىمەن ئانامنىڭ...» دەپ يىغلىساڭ، كۆز ياشلىرىڭنى سۈرتۈپ، قوللىرىڭغا سۆيۈپ، قۇچىقىڭدا يېتىپ تەسەللى بېرەتتىم: «بىز بارغۇ ئانا، سېنى بەك ئاياپمىز، مومامغا دۇئا قىلايلى. قارىغىنا، ئاينىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارغا، نېمىدېگەن گۈزەل، ئاۋۇ ئەڭ

ئېگىز دىكى مېنىڭ يۇلتۇزۇم، يېنىدىكى سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ» دېسەم، «راست، نېمىدېگەن چىرايلىق، كۈندۈزنىڭ زىننىتى قۇياش، كېچىنىڭ زىننىتى ئاي ـ يۇلتۇزلار. ئۇلار ئەرشنى قوغدايدىغان پەرىشتىلەر ئىمىش» دېگەنىدىڭ. بۈگۈن مەن ئايغا قاراپ سېنى سېغىنىپ ئۆكسۈپ يىغلىماقتىمەن. لېكىن، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ باغرىمغا باسىدىغان ھېچكىمىم يوق. بۈگۈن ئايغا قاراپ يۇلتۇزۇمنى ئىزدىگۈممۇ يوق. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇز مېنىڭمۇ يۈرىكىمنى ئېقىتىۋەتتى. ئاي بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى، خېلى كۈتۈپ باققان بولساممۇ چىقمىدى. بەلكىم ناله ـ پەريادىمغا چىدىمىغاندۇ. ئاسمانغا قاراپ بوينۇممۇ تېلىپ كەتكەنىدى. ئۆيگە كىردىم. ھەممەيلەن ئۇيقۇدا. تۇۋا، بۇلار ئۇخلاۋاتىدىغۇ؟ ئانام توگەپ كەتسىمۇ ئۇخلىيالايدىكىنە؟ يۈرىكىم قېپىغا سىغمايۋاتاتتى، نەپەسىم سىقىلىپ تىنالمايۋاتاتتىم. يۈرىكىمنىڭ بىئارامىلىقىغا چىدىماي مەيدەمگە مۇشتلاپ، ئاۋازىمنىمۇ چىقىرالماي ناله قىلاتتىم. ئاچچىق ئەلەمدە بوزلىشىمدىن ئۆيدىكىلەر ئويغاندى.

— ۋاي خۇدايىم، ئۆزىڭىزنى تامغا ئۇرۇپ يىغلاۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ — يەڭگەم يېنىمغا كېلىپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى، — ئۇنداق قىلماڭ، ئانا ـ بالا ھامان ئايرىلىدۇ. سەۋر قىلىڭ، ئاغرىپ قالىسىز. ھېلىمۇ ئاز يىغلىمىدىڭىز، ھالىڭىز قالمىدى. بۇنداق قىلسىڭىز ئانامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ.

— مەن ئەمدى قانداق ياشايمەن، ئانىسىز ھاياتقا قانداق كۆنىمەن، — ئۆزۈمنى تامغا ئۇرۇپ يىغلايتتىم، — سەھەردە تۇپراق بېشىغا چىقمىز دېگەنغۇ، نېمىشقا بۇنچە ئۇخلايسىلەر؟ ماڭايلى، ئانام يالغۇز قالدى... — ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايتتىم. ئۇلار يەنە ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئانامنى يۇيۇپ ئاخىرەتلىككە ئالغان ئۆيگە كىرىپ يەرگە مەيدەمنى يېقىپ ياتتىم...

ئاھ، رەھىمسىز دۇنيا، ئاھ، قاباھەتلىك ئەجەل، ئاھ، ماتەم ـ

مۇسىبەتتىن چاك - چاك يېرىلغان يۈرەك! مۇشۇنداق ئېغىر بىر كۈننىڭ ھامان كېلىشىنى بىلەتتىم. لېكىن، بۇنچە تېز كېلەر دەپ پەقەت ئويلىمىغانىكەنمەن. تالاي ئايرىلىش بېشىمغا كەلگەنۇ، لېكىن يۈرىكىمنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئېلىپ كەتكەن بۇنداق ئايرىلىشنى كۆرمىگەنمەن. تالاي يىغلىغانمەن، لېكىن كۆزۈمدىن قان - زەرداب ئاققان ئاچچىق ياشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغانمەن. ئاھ، ئانامدىن ئايرىلغان تاڭ ئاتماس كېچە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# ئويچان كېچە، جىمجىت شۇ قەدەر

ئويچان كېچە، جىمجىت شۇقەدەر،
جىملىق گويا ماڭا شۇم خەۋەر.
گۇللەر توزۇپ كەتمەكتە ئۇنسىز،
يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ تۇگەر ...

سەھەرنىڭ جىملىقى ھەممىمىزنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرى بىلەن بۇزۇلدى. مۇسىبەتنىڭ ئېغىرلىقى شۇ بولسا كېرەك، نۇرسىز كۆزلەر، روھسىز تەنلەر، ئەلەملىك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلار ئۆيىنىمۇ، ھويلىنىمۇ، ھاۋانىمۇ چۇشكۈن تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ھەممىمىز ئۈنسىز ئىدۇق. ئولتۇرساقمۇ، قوپساقمۇ، ماڭساقمۇ ئېغىر بىر دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت قەددىمىزنى بېسىپ مۈكچەيتىپلا قويغانىدى. بىردەمدىلا ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلار، ئانامنىڭ دوستلىرى پەتىلەپ كېلىشكە باشلىدى... تۇپراق بېشىغا يول ئالدۇق. توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى سۇرتۇپ ئۇلگۇرمەيۋاتاتتىم. تۇنۇگۈن بۇ يوللاردا ئانامنى ئېلىپ مېڭىشقان، بۇ يولدا ئانام ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ تالاي قېتىم ماڭغان، ئەمدى بۇ يولدا مېڭىش بىزگە قالدى.

تۇپراق بېشىدا بىزدىن بۇرۇن چىقىپ بولغان تۇغقانلىرىمىز بىزنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. دادام رەھمەتلىك دائىم: «يات يېگۈچە، تۇغقان ئۆلگۈچە، دەپ ھاياتلىقتا يامانلاشقان تۇغقانلارمۇ ئۆلۈمدە ئاق باغلاپ يىغلاپ تۇرۇشىدۇ. قېرىنداشنىڭ بېغى

مۇستەھكەم» دەيتتى ...
كېچىدىن بىرى ياغقان يامغۇر ئەتراپنى نەمخۇش ھىد بىلەن شامالدىتىپ تۇراتتى. زومچاق - زومچاق قەبرىلەر ئارىسىدا ئانامنىڭ قەبرىسىگە قاراپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم.
— ئانا، جېنىم ئانا ! بىزنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ يېتىۋالدىڭمۇ، ئانا؟ دادامنىڭ يوقلۇقىنى، دادىسىز يېتىملىكىمىزنى بىلىندۇرمىگەن ئانام، چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كەلگەن ئانام، سېنىڭدىن ئايرىلىپ بۇ دەردلەرنى زادى كۆتۈرەلمىدىمغۇ، ئانا؟! ئانىنىڭ ئۈتى باشقا بولىدىكەنغۇ، ئانا ...
قىرائەت ئاۋازى مېنى يىغىدىن توختاتتى. ئەرلەر قەبرە ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ قىرائەت ئاڭلاۋاتاتتى. ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كىرىۋاتقان مۇڭلۇق بۇ قىرائەتتىن ئىختىيارسىز تەسكىن تېپىۋاتاتتىم. ئۇزاق دۇئادىن كېيىن ئەرلەر يىراقلاپ تۇرۇشتى، ئاياللار قەبرە يېنىغا كەلدۇق. ئاچام ئىككىمىز قەبرىنى قۇچاقلاپ يىغلايتتۇق. ئاچامنىڭ قوشاقلىرى ھەممەيلەننى يىغلىتىۋەتتى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئانا ! تىنچ ياتلىمۇ، ئانا؟ بىزنى قارا يېتىم قىلىپ كەتتىلىمۇ، ئانا؟ دادا دېگەنلەرگە قاراپ يىغلايمىزمۇ، ئانا؟ ئانا دېگەنلەرگە قاراپ يىغلايمىزمۇ، ئانا؟ دادىمىزنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمىغانىدىلىغۇ، ئانا؟ يېتىملىكىمىزنى بىلىندۇرمىگەنىدىلىغۇ، ئانا؟ ئەمدى ئاجىز - بىچارىلىكىمىزنى بىلدۇققۇ، ئانا؟ ...
— بۇنداق يىغلىساڭلار يامان بولىدۇ، مەرھۇمغا ئازاب بولىدۇ، — دەپ تۇغقانلار بىزنى قەبرە يېنىدىن ئېلىپ كېتىشتى.
قەبرە بېشىدىن قايتىپ كەلدۇق. ئۆيگە كېلىۋاتقان پەتىچىلەر، تىلەۋاتقان سەۋر - تەسەللىلەر ئۈزۈلمەيتتى. قۇرئان - تىلاۋەتلەر بىلەن قولىمىز دۇئادىن چۈشمەيتتى. بىر كېچە - كۈندۈز گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. بەدىنىم سۇسىراپ كەتتىمۇ، ئاچام زورلاپ ئىچۈرگەن بىر پىيالە چاينى مىڭ تەستە ئىچتىم.

شۇ ئان كۆز ئالدىمغا ئانامنىڭ ئەتىگەندە ئىچكۈم كەلمەي ئاشۇرۇپ قويغان سۈتنى كەينىمدىن كۆتۈرۈپ، مەن ئاياغ كىيگۈچە تۇتۇپ تۇرغان ھالىتى كەلدى. «جېنىم قىزىم، بۇنى ئىچىۋېتىڭ، چۈشكىچە مۇشۇ ھېساب بولۇپ قالىدۇ، ئانداق بولسىمۇ قۇۋۋەت بولىدۇ. ئادەم ياش چېغىدا توپلىغان بەدەن قۇۋۋىتى بىلەن ياشايدۇ. سىلەر سەل قارايسىلەر، قۇۋۋەتسىز بەدەن ئاسان ئاجىزلايدۇ، تېز قېرىپ كېتىدۇ. مانا، ئىككى ئوتلىسىلا تۈگەيدۇ، جېنىم بالام ...» شۇنداق سۆزلەر بىلەن ئايىغىمنى كىيىپ بولۇپ، سۈتنى ئىچىۋېتەتتىم. ئانام خۇددى ئۆزى ئىچكەندەك خۇشال بولۇپ مېنى سۆيۈپ خوشلىشاتتى.

ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئايال پەتنىچىلەر بىزنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ تەسەللى بېرىشەتتى. ئۇلارنىڭ قارىلىق كىيىملەر بىلەن ئاق ياغلىق ئارتىشىپ كېلىشى، بىزگە ھېسداشلىق قىلىشلىرى، قايغۇلۇق چىرايلىرى، تولىمۇ چىرايلىق ئېيتىلغان تەسەللى سۆزلىرى، سەۋر تىلەشلىرىدىن ئادەملىرى قائىدە - يوسۇنلۇق، ئىمان - ئېتىقادلىق ئەزىزانە ئانا يۇرتۇمغا بولغان كۈچلۈك بىر مۇھەببەت ئوتى قەلبىمدە يالقۇنجايتتى.

باللىق چاغلىرىمدىكى دوستلىرىم — باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم كەلدى، ئۇلارنى كۆرۈپ ئاز - تولا ئۆزۈمگە كەلدىم ھەم ھەيران قالدىم. چۈنكى، بۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى بىلەن مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن بېرى كۆرۈشۈپ باقمىغانىدىم. ئانامنىڭ ۋاپاتى شۇنچە يىل كۆرۈشمىگەن، ھەتتا بىرەر ئۇچۇر - خەۋىرىنىمۇ ئالالمىغان بۇ ساۋاقداشلىرىمنى جەم قىلغانىدى. ئۇلارنى شۇنچىلىك چىڭ قۇچاقلىدىمكى، زادى قويۇپ بەرگۈم يوقتەك، خۇددى ئانام مېنى قۇچاقلىغاندەك. باللىقتىكى بۇ دوست - ساۋاقداشلىرىمنىڭ مۇرىلىرىنى مېھرىم بىلەن سىلاپ كېتىۋاتاتتىم... باللىق چاغلىرىمدىكى غەمسىز كۈنلىرىمنى سېغىنغاندەك، مەڭگۈ كەلمەس باللىقىمغا چىدىمىغاندەك بوزلاپ يىغلاپ كېتىۋاتاتتىم.

مەكتەپ يېشىغا توشقان ئاشۇ يىلى ئانام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ قويغانىدى. مەيداندا قاتار تىزىلغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا كىرىپ ئانامغا مۆلدۈرلەپ قارىدىم، تاكى شۇ كۈنگىچە مەن ئانامنىڭ سايىسىدەك يېنىدىن زادى ئايرىلىپ باقمىغانىدىم. ئاناممۇ ماڭا چىدىمىغاندەك بالىلار ئارىسىدىن ماڭا تويماي قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەنمۇ ئانامنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي ئەندىشە بىلەن قاراپ تۇراتتىم، شۇ تاپتىلا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانامنى قۇچاقلىۋالغۇم كېلىپ كېتىۋاتاتتى. بىزنى قاتار قىلىپ سىنىپلارغا ئەكىرىشتى، كۆزۈم يەنىلا ئانامدا ئىدى. ئانام ماڭا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئىلھام بېرىۋاتاتتى. سىنىپقا كىرگۈچە كۆزۈم كەينىمدە، بوينۇم قايرىلىپ كەتكۈچە ئانامنى ئىزدەۋاتاتتىم. سىنىپقا كىرىپ ئۈدۈل دېرىزە يېنىغا كەلگەنىدىم. شۇ كۈنى چۈشتە ئۆيىمىزگە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانامغا ئۆزۈمنى ئېتىپ يىغلاپ كەتكەنىدىم. تاماق ئېتىۋاتقان ئانام نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي مەندىن ئەنسىرەپ: «نېمە بولدى سىزگە؟ نېمىشقا يىغلايسىز، قىزىم؟» دېسە، «ئانا سېنى سېغىنىپ كەتتىم» دەپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتكەنىدىم. ئانام بۇ گېپىمدىن كۈلۈپ كېتىپ، مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتكەنىدى. شۇ قېتىم ئانامنى چىڭ قۇچاقلاپ زادى قويۇپ بەرگۈم كەلمىگەنىدى. قۇچاقلاشنىڭ قانچىلىك مۇھەببەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى مانا بۈگۈن ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىۋاتىمەن. مۇھەببەتلىك، مېھىرلىك قۇچاقلاشنىڭ تەسىر كۈچىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. بوۋاقلارنى ئانىنىڭ قۇچاقلىشى يۈرەك بىلەن يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى تىڭشىشى بولسا، بالىلىق چاغلاردىكى قۇچاقلاش پەرزەنتلەرگە ئىشەنچ ھەم مېھىر بېغىشلايدىكەن. ئانامنىڭ شۇ مېھىرلىك قۇچاقلىشى ماڭا مەڭگۈلۈك ئۆچمەس ھەم ئۆڭمەس مۇھەببەت بېغىشلىغانىكەن. تاكى بۈگۈنگىچە شۇ مېھىرلىك قۇچاقلاشنىڭ لەززىتىنى

تەمشىپ، شۇنىڭدىن ھارارەت ئېلىپ ياشاپ كەلدىم. پەدەرى بۇزرۇكلىرىمىز، سۆيۈملۈك ئانىلىرىمىز كۈندە ئۆيىمىزدە، كۆزىمىزدە، تىنىقلىرى يېنىمىزدا بولغانلىقتىن مەڭگۈ قېشىمىزدا تۇرىدىغاندەك، بىزدىن ئايرىلمايدىغاندەك ھېسسىياتتا بولىدىكەنمىز. ئۇلارغا ئاز ـ تولا مېھىر بېغىشلاشقا قېرىقلىق قىلىدىكەنمىز، ھەتتا «ئانا سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ بىرەر قېتىم باغرىمىزغا چىڭ باسمايدىكەنمىز. ھاياتلىقنىڭ، ياشلىقنىڭ، تۇرمۇشنىڭ تۈگىمەس ئالدىراشلىقلىرى بىزنى شۇ قەدەر بىخۇد قىلىۋېتىدىكەنكى، يولىمىزغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ئاتا ـ ئانىمىزغا بىرەر قېتىم سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ قويۇشنىمۇ ئۇنتار ئىكەنمىز. دادام رەھمەتلىك تۈگەپ كەتكەندە ئانام مېنى يەنە شۇ مېھرىلىك باغرىغا مەھكەم بېسىپ، مۇرەمنى، دۈمبەمنى سىلاپ، پىچىرلاپ تەسەللى بەرگەنىدى. ئەسلىدە ئانام شۇ قۇچاقلاش، شۇ سىلاشلىرى بىلەن مېنىڭ ئازابىمنى ئۆز باغرىغا كۆچۈرۈۋالغان، ئۆزىگىمۇ تەسەللى بەرگەنىكەن. لېكىن، بۈگۈن مەن ھېچكىمنىڭ بۇنداق مېھرىلىك قۇچاقلىشىنى بىلمىدىم...

# كۆز ياشلىرىم سەل بولغان چاغلار

دېيىشەر: ئۇنتۇتار ھەممىنى ۋاقىت،
ئەسلىمە غۇۋالاپ بارار بارغانچە.
ياق، ئۇنداق ئەمەس ئۇ، بەزەن ئەسلىمە
كۈچىيەر ۋاقىتىمىز ئۆتسىمۇ قانچە.

بۈگۈن ئانامنىڭ ئۈچ نەزىرىنى بەردۇق.

ئاق سەللىلىك، ئۇزۇن يەكتەكلەرنى كىيىشكەن بىر-بىرىدىن سالاپەتلىك بوۋايلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىشىۋاتاتتى.

كىچىك چاغلىرىمدا بۇنداق بوۋايلارنى كۆپ ئۇچرىتاتتىم، يىراقتىن ئۇلارنىڭ ناللىق ئۆتۈكلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەم ۋەزمىن تىۋىشىنى، يۆتىلىپ بەلگە بېرىشىنى ئاڭلىغان ئاياللار دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. بىز قىزلارمۇ، ئويناۋاتقان باللارمۇ ئۇلارغا يول بېرىپ ئەيمەنگەن ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتۇق. ئارىمىزدىكى سەل چېچەنرەك بەزى باللار:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھاجىم دادا، — دەپ سالام بېرەتتى. بوۋايلار دەرھاللا سالام قايتۇرۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، باللىرىم، ھە، كىمنىڭ بالىسى سەن، سالىمىڭدىن داداڭنى بىلگەندەك بولۇۋاتىمەن، — دېيىشكە، كىمدۇر بىرسى دادىمىزنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەتتى، — باركاللا، بالام، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلغىنىڭغا باركاللا. ئاتا-ئاناڭغا رەھمەت، ئوبدان تەربىيە ئاپسەن، ئاللا ئىمان-ئىنساپىڭنى بەرسۇن. بىزدەك بولغاندا باشقىلار سېنىڭمۇ شۇنداق

ھۆرمەت - ئىززىتىڭنى قىلغاي، ئامىن... — دەپ دۇئا قىلىشاتتى.

ئىنسان ھېچقاچان كىمدىن قاچان تۇغۇلۇشىنى، قاچان قەيەردە، قانداق تەقدىر بىلەن ئۆلۈشىنى بىلگەن ئەمەس. لېكىن، ئىنساننىڭ ھەقىقىي بەختى پەرزەنتلىك ئاتا - ئانىدىن ياخشى تەربىيە ئېلىشى بولسا كېرەك.

توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئانا باغرىدا مۇھەببەت بىلەن يېتىلگەن، خالىسا تۇغۇلۇپ، خالىسا كېرىلىپ، خالىسا تېپىپ ئەركىن يېتىلىۋاتقان بوۋاق ئانا باغرىدىكى ياشاش ۋاقتى توشۇپ بۇ يورۇق دۇنياغا چۈشۈش بۇيرۇلغاندا زادى چۈشكىلى ئۇنىمايمىش. ئانا ئاچچىق تولغاق ئازابىدىن تېزرەك يېنىكلەپ، يۈرەك پارىسى بىلەن تېزرەك دىدارلىشىشنى ئارمان قىلىپ نالە قىلسا، بوۋاق: «مەن بۇ كەڭ دۇنيانى تاشلاپ، ئۇ تار دۇنياغا چۈشمەيمەن »دەپ ئۇنىمايمىش. كېيىن پەرىشتىلەر ھاسىسى بىلەن بوۋاقنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتەرىمىش، بوۋاق ئامالسىز ئاچچىق نالىسى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن كەڭ دۇنيا بولغان ئانا باغرىدىن يىغلاپ چۈشەرىمىش، كېيىن ئانىسىنىڭ باغرىغا مەھكەم بېسىپ، كۆكسىدىن ئوغۇز سۈتى بېرىشى بىلەن ئالدىنىپ بۇ دۇنياغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپمۇ قالارمىش، ئىنساننىڭ ئاسان ئالدىنىپ قېلىشىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. بالىلىق چاغلىرىمىزدا ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئالدىشى بىلەن چوڭ بولىدىكەنمىز. مەسىلەن، «بۇ ئىشنى قىلىۋەتسەڭ پۇل بېرىمەن، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالساڭ ساياھەتكە ئاپىرىمەن» ۋەھاكازالار. كېيىن شۇ بويىچە قىلساق پۇلنىڭ ئورنىغا ئويۇنچۇق، ساياھەتنىڭ ئورنىغا باغچىغا ئاپىرىپلا قۇتۇلاتتى. لېكىن، بىز بۇنى چوڭ ئالداش دەپ قارايتتۇق. چۈنكى، بىز بۇ دۇنيانى ئانا باغرىدەك كەڭ ھەم سەمىمىي دەپ چۈشىنەتتۇق ... ئەمەلىيەتتە مېھىر - مۇھەببەت يوشۇرۇنغان بۇ ئالداش بىزگە يەنە بىر خىل سۆيۈملۈك

تۆيغۇلارنىمۇ بېرەتتى. ياشلىقىمىزدا ئاشىقلىقنىڭ ئالدىشىغا ئۇچرايدىكەنمىز. ئاتا - ئانىمىزغا ئىشەنگەندەك ئىشەنگەن ئادەملىرىمىز بىزنى رەھىمسىزلەرچە ئالدايدىكەن. بۇ ئالداش قالدۇرغان ساقايماس جاراھەت روھىي دۇنيايىمىزنىمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈپ ھېچكىمگە، ھېچقانداق سۆزلەرگە، ھەتتا دەبدەبىلىك ۋەدىلەرگىمۇ ئىشەنمەس قىلىپ قويىدىكەن. ھايات، تۇرمۇش بېسىمى بۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىزنى تېخىمۇ مەنىۋىيەتتى ئېچىرقىغان بىچارىلەردىن قىلىپمۇ ئۆلگۈرىدىكەن، بۇ روھىي كەمتۈكلۈك ھەتتا مىجەز - خاراكتېرىمىزغىمۇ تەسىر قىلىپ، بىزنى قوپال، مۇھەببەتسىز قىلىپمۇ قويىدىكەن. بۇ قىرتاق مىجەزىمىزنىڭ تاجاۋۇزىغا ھەتتا ئاشۇ مۇلايىم ئاتا - ئانىمىزمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن. لېكىن، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئەپۇ داستىخىنى ھەرقاچان ئالدىمىزغا سېلىقلىق تۇرىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

# پۈتۈلگەن تەقدىر

ئۆتمۈش قولىنى چىقاردى،
پىچىرلىدىم ئۆكسۈپ قەلبىمدىن.
ئۇنىڭ قولىدىكى گۈللەر
لەۋلىرىدە ئوينىغان جىلۋە
يوقالدى بىر - بىر چۈشۈم سەتھىدىن.

— ئانا، ئانا... ئاچام نېمىشقا مەن بىلەن قورچاق ئوينىماي يىراققا كېتىدۇ؟

— بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، قىزىم، شۇ شەھەردە يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن...

بۇ ئالتە ياشقا كىرگەن يىلىم ئون ئىككى ياشلىق ئاچام سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ماڭغاندا سورىغان سوئالىمغا ئانامنىڭ بەرگەن جاۋابى ئىدى.

يەنە شۇ يىلى رەھمەتلىك مومام (ئانامنىڭ ئانىسى) تۈگەپ كەتكەندە، ئانامنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ يۈزىنى سىلاپ، سۆيۈپ، قۇلاق تۈۋىگە كىلىپ ئاستا سورىغان بالىلارچە سوئالىم ھېلىھەم يادىمدا:

— ئانا، چوڭ ئانام ئەمدى زادى قايتىپ كەلمەمدۇ؟

بۇ سوئالىمدىن ئانام تېخىمۇ ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ كەتكەن. ماڭا بېرىدىغان جاۋابىنى قوشاق قىلىپ يىغلاپ ھەممەيلەننى يىغلىتىۋەتكەنىدى:

— ۋاي كەلمەيدۇ، جېنىم قىزىم، بۇ ئاللانىڭ تەقدىرى،

قىزىم. پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن تەقدىر ـ قىسمەت بۇ، قىزىم. چوڭ ئاتىڭىز كەلمەسكە كەتتى، قىزىم. بىزنى بېقىپ، بىزنى ئاسراپ، نەۋرىلىرىنى بېقىپ، جاپايىمىزنى تارتىپ راھىتىمىزنى كۆرمىگەن ئانام كەلمەسكە كەتتى، قىزىم. مېنى ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ، كېچىسى مېنى ئويغاتماي، بالىلىرىمغا قاراپ، سىلەرنى بېقىپ بەرگەن ئانام ئۇ دۇنياغا كەتتى، قىزىم. ئەجەب بېقىۋالماپتىكەنمەن، ئانام مەڭگۈ يېنىمدا تۇرىدۇ دېگەن بولغىيمىدىم. تارتىشقان ئۆيلەرمۇ قالىدىكەن، چىدىمىغان بالىلارمۇ قالىدىكەن. ۋاي شۇ مال ـ دۇنيامۇ قالىدىكەن، ھەممىسى قالىدىكەن، ئاتا ـ ئانا قالمايدىكەن...

ئانامنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغىسىغا چىدىماي بۇدرۇق قوللىرىم بىلەن ئانامنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ مەنمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتكەنىدىم. ئانام مېنى باغرىغا بېسىپ، مۈرەمگە يېنىك ئۇرۇپ قويغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئانام باشقىچە جىمغۇرلىشىپ كەتكەنىدى.

ئانام خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كېتەتتى، تالاي قېتىم كىتاب ئوقۇپ تاڭ ئاتقۇزغانىدى. «ئانا نېمىشقا كېچىسى ئۇخلىماي كىتاب ئوقۇيسەن؟» دېسەم، «كىتاب پىغانلىرىمنى ئالىدۇ، غەم ـ قايغۇلىرىمنى بىردەم بولسىمۇ پەسكويغا چۈشۈرىدۇ» دەيتتى. ئانام كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، بىر كىتاب قولىغا چىقىپ قالسا، كۈندۈزى ئۆي ئىشلىرى بىلەن ۋاقتى يەتمىسە كېچىسى ئۇخلىماي ئوقۇپ تۈگىتەتتى، كىتابنى كۆپ ئوقۇغاچقىمۇ ئەدەبىي، لىرىك سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتەتتى، تەبىئەت تەسۋىرلىرىنى، ئوبراز تەسۋىرىنى كىتابتىكىدەك تەسۋىرلەيتتى، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئۆز ھېسسىياتىدەك سۆزلەيتتى. بىرەر ئادەم ھەققىدە سۆزلىسە، «پالانى كىتابتىكى پالانىدەك كۆڭلى ئوچۇق ئادەم ئىكەن، پالانى كىتابتىكى پوكۇنىدەك قۇۋ، مەككار ئادەم ئىكەن، بۇنداق ئادەم ئاخىرى ۋەيران بولماي قالمايدۇ، لېكىن ئۆزى ۋەيران بولغۇچە

بىر مۇنچە پاكىز يۈرەكنى قان ـ زەرداب قىلىۋېتىدۇ» دەيتتى. ئانام ئادەملەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە بەك دىققەت قىلاتتى، چىراي ـ قىياپىتىگە قاراپ ئادەمگە باھا بېرەتتى. «بۇ قىزنىڭ كۆڭلى زادى بىر يەردە ئەمەس، كۆزى تىنچ تۇرمايدۇ. كۆڭلى تىنچ بولمىغان ئادەمنىڭ كۆزىمۇ تىنچ تۇرمايدۇ، بىر كىتابتا ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ كۆز ئالمىسى مىدىرلىسا چۈش كۆرۈۋاتقىنىنىڭ ئىپادىسى دەپ ئوقۇغانمەن. كۆز بىلەن كۆڭۈل بىر گەپ» دەيتتى. «بىر ئادەم بىلەن سۆزلەشسىڭىز كۆزىگە دىققەت قىلىڭ، بۇ ھەم ھۆرمەت ھەم كۆپ ئىشلارنى سېزەلەيسىز» دەيتتى. «بىرسىنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز چىرايىغا دىققەت قىلىڭ، مېھمان ياقمىغىدەك كەيپىيات بولسا چىنە ـ قاچىغا تېگىپ بولغۇچە ئىشىم چىقىپ قالدى دەپ كېتىڭ» دەپ نەسىھەت قىلاتتى...

ئۇ چاغلاردا بۇ سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ، گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە: «ۋاي بۇنى بىلىمەن، تولا ئاڭلاپ ياد بولۇپ كەتتى» دەيتتىم. مانا بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ سۆزلەرنىڭ ھېكمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن...

ئانام ئانىسى ھەققىدە كۆپ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. شۇ تالاي ھېكايىلەر ئىچىدىكى بىر ھېكايە ھېلىمۇ يۈرىكىمنى لەرزىگە سالىدۇ. چۈنكى، بۇ مومامنىڭلا ھېكايىسى بولماستىن، تالاي پىداكار ئانىلارنىڭ ھېكايىسىدۇر. بۇ خىل پىداكارلىقنى پەقەت ۋە پەقەت ئانىلارلا قىلالايدۇ، خالاس.

ئانام مۇنداق ھېكايە قىلاتتى:

— رەھمەتلىك ئانام نىساخان ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، ھاممىسى نۇرنىساخان بېقىپ چوڭ قىلىپ، دادام ئەخمەت يۇسۇپكە ياتلىق بوپتىكەن. ئانام دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئىدى، چوڭ ئانام چولپانخانمۇ، چوڭ دادام يۇسۇپ ئاخۇنمۇ دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتاتتىكەن. ئانام ھەربىر ناخشىنى ئېيتىپ شۇ ناخشىنىڭ تارىخىنى قوشۇپ سۆزلەپ

بىرەتتى. مەسىلەن، «بۇ ناخشا ما تىتەي دەۋرىدە تۇغۇلغان يىغىلىقىدا چىققان، دۇتار چېلىپ مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتسام بىر نەچچە ئەسكەر ھويلىمىزغا كىرىپ قولۇمدىكى دۇتارغا ھەيران بولۇپ قولدىن ـ قولغا ئېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلىشىپ كېتىشكەن» دەيتتى. رەھمەتلىك ئانام ئۆزى ئانا مېھرىگە قانماي چوڭ بولغاچقىمىكىن، بىزنى باغرىغا بېسىپ مېھىر بىلەن چوڭ قىلغانىدى. ئۇ چاغلاردا جاھان ھازىرقىدەك تىنچ ـ خاتىرجەم بولمىسىمۇ، بىر خىل مېھىر ـ مۇھەببەتلىك كەيپىيات بار ئىدى. ئىشىكىمىزگە قۇلۇپ سالمايتتۇق، ھەممە ئائىلە شۇنداق قىلاتتى. ئۆيىمىزدە ئادەم بولمىسا، قورسىقىمىز ئاچسا قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ نان قويغان يەردىن ئېلىپ يەپ چىقاتتۇق. بىز ئالتە بالا ئىدۇق. بەزىدە ئانام رەھمەتلىك تاماقلارنى قاچىلارغا بۆلۈپ بولۇپ ئۆزى قاتتىق ناننى يەپ ئولتۇراتتى. «ئانا سەن نېمىشقا تاماق يېمەيسەن؟» دېسەم، «مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى، قۇرۇق نان يېيىش ئادەمگە پايدىلىق، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى ئالىدۇ» دەيتتى. قازاندىكى تاماقنى بىزگە پاك ـ پاكىز ئۇسۇپ بېرىپ: «يەڭلار، مۇشۇ ۋاقىتتا يىلىكىڭلار توشمىسا بولمايدۇ» دەيتتى. مانا بۈگۈنكى كۈندە مەنمۇ ئانا بولۇپ ئانامنىڭ قەلبىنى تولۇق چۈشىنىۋاتىمەن، «ئوخلاۋېرىڭلار، مېنىڭ ئۇيقۇم كەلمىدى، بۇ كىرلەرنى يۇيۇۋېتىپ ياتىمەن. بۇ چۈلىنى سەن سوغۇققىنا ئىچىۋال، مەن پەقەت ئۇسسىمىدىم» دېگەن بۇ سۆزلەر دۇنيادا ئانىدىن باشقا ھەرقانداق ئىنسان ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئالدىراپ دېيەلمەيدىغان سۆزلەر. مانا بۈگۈن سۆيۈملۈك ئانامنىڭ ھەربىر سۆزىنى، ھەربىر ھەرىكەتلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ كەينىدە ئاجايىپ بىر پىداكارلىق بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن.

ئانامنىڭ يۇقىرىقى ھېكايىسىنى ھازىر ئەسلىسەم يۈرىكىم قوقاستا پۇچىلىغاندەك ئېچىشىدۇ.

2005 ـ يىلى دادام قازا قىلدى. رەھمەتلىك ئانام قىرىق

www.uyghurkitap.com

سەككىز يىل بىللە ياشىغان، ئاللىقاچان ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان ھەمراھىدىن ئايرىلىپ، بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. مۇكەممەل ئائىلە يوسۇنى ئىچىدە چوڭ بولغان ئانام «ئەر رازى، خۇدا رازى» دېگەن ئەقىدە بىلەن ياشاپ، ئائىلە، جۈپتى ھالالى، پەرزەنت ئۈچۈن مۇھەببەت ھەم ياشلىقىنى بەدەل قىلغانىدى.

ئانام ئانىسىنىڭ سەنئەتلىك تەربىيە مۇھىتىدا يېتىلگەن رومانتىك قىز. دادام توي ــ مەرىكىلەردە «بەگ ئەۋلادى» دېيىلىپ، تۆر سۈرۈشتۇرۇپ ئولتۇرىدىغان، ئاياللىرى شەرمى ــ ھايالىق جەمەتتە چوڭ بولغان ئادەم ئىدى. ئانام كىتابلارنىڭ ئۆزىنى ھاياجانغا سالغان بۆلەكلىرىنى بىزگە ئوقۇپ بېرەتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى قوشۇپ سۆزلەپ كېتەتتى. «قاراڭ بۇ قىزنىڭ ھېسسىياتىنى، خۇددى مېنىڭ ھېسسىياتىمدەكلا تەسۋىرلەپتۇ. كىچىك ۋاقتىمدا مەنمۇ شۇنداق نازۇك ئىدىم، ئاسان خاپا بولۇپ قالاتتىم. مەكتەپتە سەنئەت كۇرۇژۇكىدا ئىدىم، دەرستىن چۈشۈپ كۇرۇژۇكتا تۈرلۈك نومۇر تەييارلايتتۇق. دوستلىرىم مەخپىرەت، رازىيە، ھۆرىيەت، تۇرسۇنپاشا كۇرۇژۇك زالى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۆيگە قايتقۇچە قاتار تىزىلىشىپ كۈلۈشۈپ ماڭاتتۇق. چەتكىرەك چىقىپ قالسام خاپا بولۇپ جىمىپ قالاتتىم. ‹ۋاي گۈلئايىم، سىنىڭ چەتتە مېڭىشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قاپتۇق، كېلە ئوتتۇرىدا ماڭ›، دەپ مېنى ئارىغا ئېلىپ ماڭاتتى. يېنىمىزدىكى پۇللارنى يىغساق، ئاران بىر قاچا لەڭپۇڭ كېلەتتى. بەشىمىز بېشىمىزنى بىر قاچىغا تىقىۋېلىپ يەيتتۇق.›»

رەھمەتلىك ئانام بۇلارنى دەپ بېرىۋېتىپ شۇ چاغ كۆز ئالدىغا كەلگەندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى...

ئانامنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنىڭ بىرى دوستلىرىغا بولغان ئەقىدىسى، ۋاپادارلىقى، ئۇلارنى تاشلىماي ئىزدەپ تۇرۇشى ئىدى. ئانام تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە

ئوقۇغان دوستلىرى بىلەن تاشلاشماي قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتكەن، ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى دوستى ئۈچۈن بەك ئازابلانغانىدى، ئۇلارنىڭ روھى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. بۇرۇنقى دوستلۇق ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ يىغلاپ كېتەتتى.

دادام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئانام ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، كۆڭۈلسىز كەچمىشلەرنى كۆپرەك تىلغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل كەيپىياتنىڭ ئازاب ھەم ئىچ ئاغرىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۆز بېشىمغا كەلگەندە — ئۆزۈممۇ ئانامنىڭ ئىچ ئاغرىقىغا چىدىماي تېرىككەك، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، ئاسان رەنجىيدىغان، ئانچىكى ئىشلارنىمۇ زىغىرلايدىغان بولۇپ قالغاندىلا چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ كۈنلەردە باشقىلاردىن ئاڭلىغان «ئىچ ئاغرىقىغا كېسەل بولۇپ قالدى»، «ئىچ ئاغرىقىغا تولا يىغلاپ كۆزىگە ئاق چۈشتى»، «ئىچ ئاغرىقىدا ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن سۆزلەرنىڭ ۋەزنىنى چۈشەندىم.

دادام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئانام بارغانسېرى يالغۇزسىرايدىغان بولۇپ قالدى. يىراق ـ يېقىندىكى بالىلىرىنىڭ، نەۋرىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى دەيتتى. ئانام بىلەن ھەممىدىن كۆپ بىللە بولغان، بىللە ياشىغانمۇ مەن، شۇڭلاشقا بولغاچقىمىكىن، ئانام ئارقىلىق ئانىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، ئۇلارنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندىم. ئانام ھەربىر بالىسىنىڭ تېلېفون قىلمىغانلىقىغا قانچە كۈن بولغانلىقىنى، تېلېفوندىكى ئىنتوناتسىيەسىدىن كەيپىياتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ سۆزلەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ مەن ئۇلارغا ئانامنىڭ ئەنسىرەپ قالغانلىقىنى، تېلېفون قىلىشىنى دەپ چاندۇرماي ئۇچۇر يوللىۋېتەتتىم، كېيىنچە ئانام بۇ ئىشىمنىمۇ بىلىپ قالدى.

بىر كۈنى رادىيودا بىر مۇۋاسىتە ناخشا تەلەپ قىلىش پىروگراممىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرساق، بىر موماي ناخشا تەلەپ

www.uyghurkitap.com

قىلدى، موماي بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، بۇ ناخشىنى بالىلىرىنى سېغىنىپ شۇلار ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغانلىقىنى دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى: «بىلىمەن، بالىلىرىمنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، كېلەلمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ كۈندە بىرەر قېتىم تېلېفون قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بالىلىرىمنى كۈندە كۆرۈپ تۇرىمەنمىكىن دەپ، قېرىدىم دېمەي نەۋرىلەرنى بېقىپ بەردىم. ئۇ چاغدا بالىلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۈندە كېلەتتى. ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ يەسلىگە، مەكتەپكە كەتتى... »

قارىسام ئانام يىغلاۋېتىپتۇ.

— ۋاي نېمىگە يىغلايسەن، ئانا؟ سەن يالغۇز قالمىدىڭغۇ؟ مەن بارغۇ؟ ھەممە بالىلىرىڭ يوقلاپ كۈندە تېلېفون قىلىپ تۇرىدۇغۇ، — دېدىم ئانامنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— ھەي، سىلەر ئانىلارنىڭ كۆڭلىنى ھەرگىز چۈشەنمەيسىلەر، ئادەم چوڭ بولغانسېرى بالىلاردىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، ئەمەلىيەتتە قورقۇش ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئايىغىنىمىز. بالىلار كېلىدۇ، كېلىشىدىن كېتىشى تېز، بىر پۇتى تالادا. ئاتا ـ ئانا ياشانغاندا بالىلىرىغا زادى قانمايدىكەن. يېنىمدا ئۇزاقراق ئولتۇرسىكەن، كۆپرەك پاراڭلاشسىكەن دەپ چاڭقاپ كېتىدىكەن. لېكىن، بالىلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارمۇ كەلگۈسىدە ئاتا ـ ئانا بولغاندا — بىزدەك ياشىنىپ بالىسىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قالغاندا، ئاندىن بىزنى ئەسلەيدۇ، لېكىن ئۇ چاغدا بىزنىڭ قۇيرۇقىمىزنى قۇم باسىدۇ. ئىسىت، ئانام، دېسە يەردىن سادا چىقمايدۇ... — دېدى ئانام ئۇھسىنىپ.

ئانامغا كۆپ تەسەللى بېرەتتىم، كېيىنچە چاقچاق قىلىپ: «ئاپا ساڭا بىر ھەمراھ تېپىپ بېرەيلىمىكىن، سېنى قايتا ياتلىق قىلىپ قويايلىمىكىن» دەپ قويسام شۇنداق خاپا بولۇپ كەتكەنىدى. ئانىنىڭ بالىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئاجايىپ قۇربانلارنى بېرەلەيدىغان پىداكارلىقى ئالدىدا بۇ تىلىمنىڭ ئۈچىدىكىلا گەپ، كۆڭلۈمدىكى سۆز بولماسلىقى مۇمكىن.

چۈنكى، باللارنىڭ يات بىر ئادەمنى «دادا» دېيىشى ھەرگىز ئاسان ئەمەس. بەلكىم باللار ئانىسىغا كۆندە كېلىپ ھەمراھ بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئانىسى ئۈچۈن بۇ ئادەمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىسمۇ، لېكىن يات كۆرۈپ يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئاغرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئانا تولۇق چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئۆزىنىڭ مۇھەببەتسىراپ ئۆتۈشىگە چىدايدۇكى، بالىسىنىڭ بۇ سەۋەبتىن ئازابلىنىشىغا چىدىمايدۇ.

ئانام كۆندە ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكسە كېرەك، تۇرۇپلا ئاكامنىڭ، ئىنىمنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ نەۋرىلىرىنى كۆرگۈسى كېلەتتى، يەنە تۇرۇپلا: «بولدىلا، كېلىنلىرىم ئىشلەۋاتسا، ئانام بار دەپ بارىدىغان يېرىگە بارالماي، قىلىدىغان ئىشىنى قىلالماي بالامنىڭ تىلىنى قىسقا قىلىپ قويىماي» دەپ دەرھال يالتىياتتى ...

ئاھ، ئانىلار، بالىلىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۇلارنى ئاياپ ـ ئاسراپ ئۆيلىنالىغانلىرىنى قىلالماي، ھەتتا دېيەلمەي ئۆتكەن ئانىلار ... تالاي مۇشكۇلات بىلەن ئوغۇللىرىنى بېقىپ، يىلىكى توشسۇن دەپ ئىككى ياشقا كىرگۈچە ئېمىتىپ، قاتارغا قوشۇپ، تەقدىر ـ رىزقىنى قوشقان بىر قىزنىڭ قولىغا رازى ـ رىزالىق بىلەن ئۆزى تۇتقۇزۇپ، ئاخىرى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، كۆزىگە تەلمۈرۈپ، ئارمان بىلەن كەتكەن بىچارە ئانىلار ... ئاھ يىگىتلەر، ئەرلەر، ئاناڭلاردىن پەرزەنتلىك مېھىر ـ مۇھەببىتىنى قىزغىنىۋاتقان ئاشۇ ئاياللىرىڭلارغا: «ئانام بولمىسا مەن نەدە؟ مەن بولمىسام سەن نەدە؟ سەنمۇ ئانا ئەمەسمۇ؟ بۇ يۈرەكنىڭ تالاي ئىشىكى ئاناڭلاردىمۇ بار. سېنىڭ ئورنۇڭ ھامان كۆزۈمدە، ئانامنىڭ ئورنى ھامان قەلب تۆرۈمدە. بۇ ئورۇنلارغا ھېچكىم پۇتلاشمايدۇ. مېنى ئاتا ـ ئانامغىمۇ، قېرىنداشلىرىمغىمۇ بەرگىن، بۇ دۇنيادا كۆزۈمنى ئېچىپ كۆرگىنىم شۇلار، ئانام مېنى ساڭلا تۇغۇپ بەرگەن ئەمەس، مەن يەنە بىرمۇنچە ئادەمگە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرىمگىمۇ كېرەك» دەڭلار...

www.uyghurkitap.com

# ئېسىل روھ

قاياقتىندۇر كەلدى سوغ شامال،
كۆزلىرىمنى يۇمدۇم بىماجال.
ھەسرەت بىلەن نەمدىلىپ مەڭزىم،
يانار يۈلتۈز كىرپىكتە تال ـ تال.

كىچىك ۋاقتىمدا پاكىستاننىڭ ھېكايە فىلىمى «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت»تە باش قەھرىمان خەمىت بىلەن رۇخسارى ئۆلۈپ كەتكەندە، روھىنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ بىر كۆرۈنۈشكە ھەيران بولۇپ، ئانامدىن سورىغانىدىم:

— ئانا، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم يەنە تىرىلەمدۇ؟ ئاسمانغا چىقىپ كېتەمدۇ؟

ئانام بۇ سوئالىمغا يىراقلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ ھەسرەتلىك خورسىنىپ مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى:

— بۇ دۇنيا بىزگە مەڭگۈلۈك باقىمەندە ئەمەس. بىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تېنىمىز تۇپراق ئاستىدا قالىدۇ، روھىمىز ئۇ دۇنياغا قايتىدۇ... ئۇچۇپ يۈرۈپ بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرىمىزىمىش ...

— ئۇ دۇنيادا نېمە ئىش قىلىدۇ، ئانا؟

— بۇ دۇنيادا قىلغان ئىش ـ ئەمەللىرىمىزدىن ھېساب بېرىمىز، ياخشى ئىشلارنى قىلساق جەننەتكە كىرىمىز، نىمىنى ئارزۇ قىلساق شۇنىڭغا يېتىمىز، يامان ئىش قىلغان بولساق دوزاختا چۈشىمىز، ئوتتا كۆيىمىز. ئۇ يەردە ماۋۇ بالام ئىدى،

ئانام ئىدى دەپ ئۇنى قۇتقۇزالمايمىز. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ قايغۇسىدا يۈرىمىز، شۇڭا بۇ دۇنيادا توغرا ئىش ــ ئەمەللەر بىلەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئىسىل سۈپەتلەر بىلەن ياشىشىمىز كېرەك. سورىقى، ئىگىسى بار دۇنيا بۇ. قاچان ئۆلۈشىمىزنى، قانداق ئۆلۈشىمىزنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز. ھەممىمىز ئاشۇ كەتسە كەلمەس دۇنياغا كېتىمىز. ياخشى كۆرگەنلەرمۇ يىغلاپ قالىدۇ، رەقىبلەرمۇ قالىدۇ، ھامان كېتىمىز...

ئانام شۇنداق دەۋېتىپ يىغلاپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈن شۇ سۆزلىرىنى ئويلاپ ئانامنىڭ جىسمىنى قويىنىغا ئالغان تۇپراق بېشىدا ئولتۇرىمەن. يىغا، ماتەم ــ مۇسىبەتتىن ئېغىرلاشقان بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم. كۆزۈم ئانامنىڭ روھىنى ئىزدىمەكتە، كۆزۈم تاپالمىدى ــ يۇ، يۈرىكىم تاپتى. يۈرىكىمنى قاماللاپ قەبرىگە يۆلىنىپ قالدىم... قوللىرىم دۇئادا... تىترەپ تۇرغان جانسىز ئالىقانلىرىم كۆز ياشلىرىمغا تولماقتا: «ئاھ ئانا، ئاللا ساڭا جەننەتتىن ئورۇن بېرەر. ئاھ ئانا، تالاي ئانىلارغا ئوخشاش سەن بىر ئۆمۈر بىزنىڭ كىر ــ قاتلىرىمىزنى يۇدۇڭ، بۇنىڭ بىلەن گۇناھلىرىڭنى قوشۇپ يۇدۇڭ... كېچىچە ئۇخلىماي بىزنى ئېمىتتىڭ. دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىبادەتنى قىلدىڭ... مۇقەددەس كەبىنى سۆيۈرگەندەك ئۆيىمىزنى تالاي قېتىم سۆيۈردۇڭ، چۈنكى ئائىلىنى مۇقەددەس بىلىپ قەدىرلىدىڭ. بىر ئۆمۈر بىزگە داستىخان راسلاپ، داستىخان ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ رىزىقلاندۇردۇڭ. يوق بولسا قاقشىمىدىڭ، بار بولسا بۇزۇپ ــ چاچمىدىڭ. سەن بار يەردە بەرىكەت بار ئىكەن، ئانا. ئانا بار ئۆيدە پەرىشتىلەر بولىدۇ، بەرىكەت ياغىدۇ، دېسە بىلمەپتىكەنمەن، جېنىم ئانا، خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلغان، ياپيېشىل، گۈلچىمەنلەر ئوراپ تۇرغان جەننەت سېنىڭ مەڭگۈلۈك ئورنۇڭ بولغاي، ئانا، چۈنكى سەن يېشىللىقنى، گۈزەللىكنى، تەبىئەتنى خويمۇ ياخشى كۆرەتتىڭ، تەبىئەتتىن

ھۇزۇرلىنىشنى بىلەتتىڭ...» نىدالىق پەريادىم ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۇقچۇپ چىقىۋاتاتتى.

1993 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئايلىرىدا ئانام شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 ـ دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى ئاجراتما بۆلۈمىدە داۋالاندى. بۇ دەل ئانامدا دىيابېت كېسىلى بايقالغان چاغ بولۇپ، دوختۇر خۇرشىدە ھاجىم داۋالاۋاتاتتى. شۇ كۈنلەردە دوستۇم مۇنىرە بىلەن ئانامنىڭ ياتىقىغا كىرسەك ئۇ يوق، ياتاقتىكىلەر ئانامنىڭ ئايلىنىپ كىرەي دەپ سىرتقا چىقىپ كەتكىنىگە بىر ھەر سائەتچە بولغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئىزدەپ سىرتقا چىقتۇق. بۇ بۆلۈم رۇس پاسونىدىكى ئاستى تاختايلىق C شەكىللىك ئىككى قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، بىنانىڭ ئالدى ھەم يان تەرىپى باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانىدى. ئانامنىڭ مۇشۇنداق دەل ـ دەرەخلىك بوستان ئىچىدە تىنچ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، شۇ يەردىن تاپىمىز دەپ ئۇدۇللا چىقتۇق. ئانام بىنانىڭ يان تەرىپىدىكى دەرەخلىكتە ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. يىراقتىن ئانامنى كۆرۈپ ئۇدۇل كەلدۇق، قەدىمىم ئىختىيارسىز توختاپ قالدى، ئانامغا قاراپ خۇددى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىلغان ماي بوياق رەسىمگە قاراۋاتقاندەك ھەۋەسلىنىپ تۇرۇپ كەتتىم. ئۆكتەبىر ئايلىرى بولغاچقا، سارغايغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى بەس ـ بەستە چۈشۈۋاتقان بولۇپ، ئاناممۇ غازاڭلار ئارىسىدا، ئورۇندۇق ئۈستىگە چۈشكەن غازاڭلار ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. ئوتتۇرا بوي ئانام ئورۇندۇققا يۆلىنىپ، قوللىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئاسمانغا، دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى، بۇ مەنزىرە ماڭا باشقىچە گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى، سۈرەتكە تارتىۋالغۇم كەلدى. ئەپسۇس ئۇ چاغدا يېنىمدا فوتو ئاپپارات يوق ئىدى.

ــ قارىغىنا ئانامنىڭ ئولتۇرۇشىغا خۇددى گۈزەل ماي بوياق رەسىمدەك، ئانام تەبىئەتنى بەك ياخشى كۆرىدۇ جۇمۇ،

غازاڭلاردىنمۇ ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدۇ... — دېدىم دوستۇم مۇنىرەگە، ئارقىدىن:

— ھە، سىلى دوختۇر دېگەندەك ھەرىكەت قىلماي، يەنە ئولتۇرۇۋاپلىغۇ، خېنىم، — دېدىم ئانامغا چاقچاق قىلىپ.

ئانام بىزنى يېنىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دوستۇم بىلەن ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن:

— قاراڭلار ئاۋۇ دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا، گاھىلىرى قىزغۇچ، گاھىلىرى سۇس سېرىق، گاھىلىرى قۇرۇپ كەتكەن سېرىق يوپۇرماق، نېمىدېگەن چىرايلىق. ھەممە پەسىلنىڭ بىر گۈزەللىكى بار جۇمۇ. سىزمۇ مۇشۇنداق ئالتۇن رەڭ كۆزدە تۇغۇلغانىدىڭىز. بۇ غازاڭلار كۈزدە چۈشكىنى بىلەن ئەتىيازدا يەنە چىقىدۇ. ئاللا دۇنيادا ھېچنېمىنى كېرەكسىز ياراتمىغان. بۇ غازاڭلارنى قوي - كالىلار يەيدۇ، قېلىپ قالغانلىرى يەنە شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە سىڭىپ ئوغۇت بولىدۇ. ئەمدىلا كۆكىرىۋاتقان دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا قارىسا ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، ئۈمىد پەيدا بولغاندەك بولىدۇ. مانا شۇ يوپۇرماقلار سارغىيىپ چۈشۈپ تۈگەيدۇ، ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ خۇددى شۇنىڭدەك، سىلەر ياش يوپۇرماقلارغا، بىز سارغىيىۋاتقان مۇشۇ يوپۇرماقلارغا ئوخشايمىز... — دېدى.

— بۇ سۆزلەرنى قايسى كىتابتىن ئوقۇدۇڭ، ئانا؟ — دېدىم ئانامنىڭ سەل مۇڭلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ.

— كىتابتىن ئوقۇمىدىم، بىراق، بۇ دېگەن ئەمەلىيەت. ياشلىقىم پاشالىقىم، ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر، دېسە نېمە دەيدىكىن دەپتىكەنمىز، ياشلىقىدا ئادەم نۇرغۇن نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن، قولدىن كەتكەندە «ئاھ» دەپ قالىدىكەن.

— بىزنى كۆرۈپ ياشلىقىڭىزنى ئەسلەپ ھەسرەتلىنىۋاتامسەن، ئانا؟ ياشلىقىڭنى ماڭا كۆچۈرۈپ قويدۇڭغۇ؟ قارىسام سېنىلا تارتىپتىمەن، ھەممە مىجەزىڭ مەندە بار ئىكەن.

— ياشلىقىمغا چىدىماي ئەمەس، سالامەتلىكىمنى

ئاسرىمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. رەھمەتلىك ئانام: «تۇغۇتلۇق ۋاقتىڭدا قولۇڭنى سوغۇق سۇغا تىقما» دېسە ئاڭلىماي سوغۇق سۇدا كىر يۇيۇپ، «ئىسسىقىڭنىڭ كەينىدىن سوغۇق يېمە، چىشىڭدا ئۇچكە چاقما» دېسە ئۇنىماي چېقىپ، مانا ئەمدىلىكتە چىشلىرىمدىن ئايرىلىۋاتىمەن.

— راست ئانا، قاش - كىرپىك چۈشۈپ كەتسە يەنە قايتا چىقىدىكەن، مۇشۇ چىش چۈشۈپ كەتسە ئەجەب چىقمايدىكەن - ھە؟

— ھەئە، ھەرگىز چىقمايدۇ. ئالتۇن - تىللادىن، ئېسىل سەدەپتىن سالسىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ چىشىدەك بولمايدۇ. بۇمۇ خۇددى كۆڭۈلگە ئوخشايدۇ. «سۇغا سالساڭ سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس يانغان كۆڭۈلنى» دېگەندەك، كۆڭۈلمۇ بىر ئىشتىن، بىرەركىمدىن قالسا ھەرگىز ئەسلىگە كەلمەيدۇ. خۇددى چۈشۈپ كەتكەن چىش قايتا چىقمىغاندەك، دەز كەتكەن پىيالىدەك كۆڭۈلنى غەش قىلغىنى قىلغان.

— قارا، ئانا، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەرگە، ئۇلارنىڭ ئۈستى تەرىپى ئەجەب بىر - بىرىگە تارتىشقاندەك بارا - بارا گىرەلىشىپ كېتىدىكىنە؟ بەك چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن، ئوتتۇرىسى خىيابانلىق يول.

ئانام بىر پەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن:

— دۇنيادا ھەممە نېمىنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، يىلتىزى چوڭقۇرلىغانسېرى يېتىلگەن دەرەختەك مۇستەھكەملىنىدۇ. يىلتىزى ئاجىز نەرسە بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بۇ دەرەخ شاخلىرىنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى، ئالدى بىلەن يىلتىزىنىڭ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكىنىدىن بولغان. يىلتىزى بىرلەشكەن دەرەخلەر ھامان بىرلىشىدۇ، ئادەملەرمۇ خۇددى شۇنداق. يىلتىزى بىر تۇغقانلار ئۇچراشسا ئۆزلىرى تونۇشمىسىمۇ يۈرىكى تونۇيدۇ،

كۆزى تونۇيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يىلتىزى بىر، خۇددى مۈشۈ دەرەخلەردەك...

ئانامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى دوستۇم مۇنىرە تاكى بۈگۈنگىچە ھەيرانلىق ھەم ھەۋەس بىلەن ئەسلەيدۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، ئانام دوستۇم مۇنىرەنىڭ تويىغا قىز قولداش بولىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، دوستۇمنى قۇچاقلاپ تويىنى تەبرىكلىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دوستۇم بىلەن توي كۆڭلىكى ھەم قولداش كۆڭلىكى ئىجارە ئالغىلى بارغىنىمىزنى، مېنىڭ باشقىلار كىيىپ قويغان، ھەر خىل پۇراقلار سىڭىپ كەتكەن كۆڭلەكنى كىيگۈم كەلمەي قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ئانامغا سۆزلەپ بەردىم.

— توي كۆڭلەكنى ئايرىم سېتىۋېلىپ ياكى بولمىسا تىكتۈرۈپ كىيىپ، كېيىن خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويسا كەلگۈسىدە قىزى بولسا كىيىدۇ، ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، سىز شۇنداق قىلىڭ، قولداش بولغاندىكىن ئەتلەس كۆڭلەكنى ئۆزگىچە تىكتۈرۈپ، بېشىڭىزغا دوپپا كىيىڭ، — دېدى.

ئۇ يىلى پارىژ ئاقسۆڭەكلىرى كىيىدىغاندەك كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيىش مودا ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئانامنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ تويدا ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن گىلەم دوپپا كىيدىم، بۇ كىيىمىم باشقىلارغا ئانچە يېقىپ كەتمىدى. «ۋاي تۇۋا، قولداش دېگەن مۇراسىم كۆڭلىكى كىيمەمدۇ؟ دەرھال كۆڭلەك ئەكېلىپ ئالماشتۇرايلى» دېيىشىپ قارشىلىققا ئۇچراپ كەتتىم. قىزلارنىڭ ئاغزىلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، كۆڭلىكىمنى مەسخىرە قىلىشلىرى ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مېنىڭمۇ جاھىللىقىم تۇتۇپ: «ئەتلەس كۆڭلىكىمنى ھەرگىز ئالماشتۇرمايمەن، قىز قولداش بولمىسام بولمايمەنكى، كۆڭلىكىمنى ئالماشتۇرمايمەن» دېدىم. تويى بولغان دوستۇم مېنى قوللىدى. توي تۈگەپ كەچتە قايتىپ كېلىپ ئانامغا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم.

— ئالماشتۇرمىغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، ھەممە ئادەمنىڭ بىر

خاسلىقى بولۇشى كېرەك. بىر كۈنلەر كېلىدۇ، بۇ ئەتلەسمۇ تالاشتا قالىدىغان، ئەڭ ئېسىل سورۇنلارغا ئەتىۋارلىنىپ كىيىلىدىغان بولىدۇ. ھەممە نەرسە بىر ئەزىز، بىر خار. ئەتلەسقۇ خار بولۇپ قالغىنى يوق، شۇنداقتىمۇ بۈگۈنكىدەك «ئەتلەس كىيەمدۇ؟» دېگەننىڭ ئورنىغا «ئەتلەس كىيەيلىچۇ» دېيىشىدىغان چاغلار كېلىدۇ، تەرەققىياتمۇ كونىدىن ئايرىلالمايدۇ، — دېدى ئانام ۋە، — مۇشۇ ھەقتە بىر ماقالە يېزىپ قويۇڭ، — دېدى.

مەن «خورلانغان ئەتلەس كۆڭلەك» دەپ بىر ماقالە يېزىپ دادام ھەم ئانامغا ئوقۇپ بەردىم. دادام بۇنى ئاڭلاپ:

— مەن كىچىك چاغلىرىمدا خېنىملار ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ تويغا بارىدىغان، يىپەكنى بەك ئەتىۋارلاپ كىيىشەتتى، تويلۇقتا ئەتلەس كۆڭلەك، شايى - دۇردۇن، تاۋار، يىپەك - كىمخاب، جىيەك قاداق دوپپا، قاما دوپپا سالاتتى، خېمىرنى ھوردا پىشۇرۇپ، ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى، دوپپىلارنى تازىلىغاننى كۆرگەنمەن، — دېدى.

— «خورلانغان ئەتلەس كۆڭلەك» دېمەي، «خورسىتغان ئەتلەس كۆڭلەك» دەڭ، — دېدى ئانام.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ماقالەم «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى ھەم ئەتلەس كۆڭلەك ۋە دوپپا كىيىپ توي قىز بىلەن چۈشكەن سۈرىتىمىزمۇ قوشۇپ بېرىلدى.

يەنە ئون يىللاردىن كېيىن ئانام ئېيتقاندەك ئەتلەس قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، تويلاردا ھەم مۇراسىملاردا ئەتلەس كىيىش مودا بولۇپ كەتتى، مېنى مەسخىرە قىلغان دوستلىرىممۇ ھەم كىيدى.

بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ، ئانىلار قانداق ئەقىللىق دەپ ئويلايمەن. ئۇلار كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق كۆپ ئۆتكەن بولغاچقىمىكىن، ھەممە ئىشلارغا دانا تەكلىپ بېرىدىكەن، ھەرگىز خاتا سۆزلىمەيدىكەن، لېكىن بىز

يەنە ئاڭلىمايدىكەنمىز، ئەسلىدە تۇرمۇشىمىزدىكى خىزىر ھەم پەرىشتىلەر بىزنىڭ ئەقىللىك ئاتا ـ ئانىمىز ئىكەن.

رەھمەتلىك دادام يولدىكى شاخ ـ شۇمبا، ئوتۇنلارنى تېرىپ ئۆيگە ئەكېلەتتى، ئوتۇننىڭ ئۇۋۇقى نانىنىڭ ئۇۋۇقىدەك ئۇلۇغ، دەيتتى. ھازىر ئويلىسام چوڭلارنىڭ ئوتۇننىڭ ئۇۋۇقىنى قەدىرلىشى، زايە قىلماسلىق، مۇھىت ئاسراش ئۈچۈن ئىكەن.

بىزنىڭ ئۆيدە ئوغۇل نەۋرىنىڭ كەينىدىن ئىككى قىز نەۋرە تۇغۇلدى، رەھمەتلىك ئاپام قىزلارنى بېقىش ئوغۇللارغا ئوخشىمايدۇ دەپ بىرمۇنچە تەربىيەلەرنى ئۆگىتەتتى، قىزلارنى نازۇك تەبىئەتلىك چوڭ قىلىش كېرەك، قىزلارنى شەرەتكە مايىل قىلىپ تەربىيەلەڭلار، ئانىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان بولسۇن، سەزگۈر، چاقان، نازۇك بولسۇن، ئوغۇللاردەك ھەرىكىتى قوپال بولۇپ قالمىسۇن، قىز بالا دېگەن ئاز گەپ قىلىش كېرەك، قىز بالا دېگەن ئەتىگەن تۇرۇشى كېرەك، قىز بالا دېگەن پاكىز بولۇشى كېرەك دېگەندەك تەربىيەلەرنى كۆپ قىلاتتى، قاتتىق تەلەپ قوياتتى.

كىچىك چاغلىرىمىزدا ئانام ئۆيگە مېھمان كەلسە، ھەممە تەييارلىقنى قىلىپ بېرىپ، ئۆزى مېھمان بىلەن ئولتۇراتتى، بىزنى كۆز ئىشارىتى بىلەن ئىشقا بۇيرۇيتتى، چەينەكتە چاي تۈگىگەن بولسا بىزگە قاراپ چەينەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، يېپىپ قوياتتى، تاماق ئەكىرىڭلار دېمەكچى بولسا «ئەجەب قۇرۇق چايغا زورلاۋەردىم» دەپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتتى، بىز بۇنى چۈشىنىپ دەرھال تاماق ئەكىرەتتۇق. كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ ئالىي مېھمانسارايلاردا كۈتكۈچىلەرنىڭ دەل مانا مۇشۇنداق شەرتلىك بەلگە بىلەن مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئانام ئېسىمگە كەلدى. چەينەكتە چاي تۈگىسە «مۇلازىم، چاي» دەپ توۋلىماي، چەينەكنىڭ ئاغزىنى قىيا يېپىپ قويىدىغانىنى كۆردۈم، مۇلازىملار بۇنى كۆرۈپ دەرھال چاي ئەكېلىدىكەن، تاماق يېيىشتىن توختىسا ۋىلكا ـ قوشۇقنى تەخسىسىنىڭ ئىچىگە

ئۆدۈل قىلىپ قويۇپ قويىدىكەن، بۇنى كۆرۈپ ئۇلارغا تاماق سېلىنمايدىكەن. مانا بۇ ئىنچىكە ھالقىلارمۇ ئەسلىدە ئىنسانلارغا ئورتاق ئىكەن.

ئانام كەتتى، ئانامنىڭ تالاي سۆزى يۈرىكىمدە، قۇلاق تۈۋىمدە قالدى. ئانامنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا، مۇھەببەتكە تەبىرى ئۆزگىچە ئىدى. بۇ دۇنيادىن ھامان كېتىدىغانلىقىمىزنى، ھەممىمىزنىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكرار ـ تەكرار سۆزلەيتتى. بۇ سۆزلەر ماڭا زادى ياقمايتتى، شۇ سۆزنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە خاپا بولۇپ گېپىنى ئۈزۈۋېتەتتىم. ئۆلۈمدىن، يىغا ـ زارىدىن شۇنداق قورقاتتىم. «ئۆچ بولماڭ گىرىپتار بولارسىز، مەپتۇن بولماڭ جۇدا بولارسىز» دېگەن سۆز توغرا ئىكەن. ياش يوپۇرماق دەۋرىمدە دادامدىن، ئاندىن ئانامدىن ئايرىلدىم، ئاھ ھايات، ئەمدىكى بۇ ھاياتىمدا ئۆلۈمدىنمۇ ھېچ قورقۇشۇم يوق. بارسام دادام ـ ئانامنىڭ قېشىغا بارىمەن. بۇ دۇنيا بىر قونالغۇ، ئىنسان ھەتتا بۇ قونالغۇدا قانچىلىك تۇرۇشىنىمۇ بىلىشكە قادىر ئەمەس. بۇ جان بىزگە بېرىلگەن بىر ئامانەت ئىكەن، ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن، قاچان قايتۇرۇشىمىزنى مەڭگۈ بىلمەيمىز. جان ئىگىسىگە لازىم بولۇپ يېنىمىزغا كەلگەندە، ھەتتا ئىچىۋاتقان چېيىمىزنىمۇ بىر ئوتلاشقا ئۈلگۈرمەيدىكەنمىز، يۈرىكىمىزدىكى بىرەر ئېغىز سۆزنىمۇ قىلىشقا ئۈلگۈرمەيدىكەنمىز...

www.uyghurkitap.com

# ئەجەب دۇنيا

ساناقسىز ئادەملەر ئىچىدە سېنىڭ
گەۋدەڭ مەغرۇر تاشلىنار كۆزگە،
مېھىر ـ ۋاپانى، ھەسرەت ـ شادلىقنى،
مەن مۇجەسسەملەي قايسىبىر سۆزگە؟

7 ـ ئىيون ئانامنىڭ قىرىقى نەزىرى بېرىلىدۇ. قىرىقى نەزىرىنى كۈتۈشۈم خۇددى ئانامنى كۈتۈۋاتقاندەك، خىرە بىر ئۈمىد ماڭا ئازراق كۈچ بېرىۋاتاتتى. بەلكىم «قىرىقىدىن كېيىن سەل ئەسلىگىزگە كېلىسىز، ھەممە ئىشلار ئىزىغا چۈشىدۇ» دېگەندەك تەسەللى سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، كۈن ـ كۈن يالغۇز يېتىپ، خىيال سۈرۈپ ئانامنىڭ قىرقىنى كۈتمەكتە ئىدىم.

«خىيال كەمبەغەلنىڭ نېنى»دېگەندەك خىياللار ئازابلىق كۈنلىرىمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مېنى گاھ يىغلىتىپ، گاھ تەسەللى تاپتۇراتتى. خىياللىرىمدىن ھەممىنى تاپقىلى بولاتتى.

بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن جۇڭگو خەلقئارا رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پېنسىيەدىكى تۈرك تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ دىكتورى، تۈرك تىلى تەرجىمانى، ئەدىبە تۇرسۇنئاي ساقىم ھەدەم تۇگەپ كەتكەندە شۇنداق يىغلاپ كەتكەنىدىم. ئانامغا نەچچە كۈن گېپىنى قىلىپ، پەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ بەرسەم، «مۇشۇلارنى بىر ئەسلىمە قىلىپ يېزىڭا، بەك تەسىرلىك بىر ماقالە چىققۇدەك» دېگەنىدى. مانا بۈگۈن ئانام ھەققىدە ئەسلىمە

يېزىۋاتىمەن. ئاھ، بۇ ئىشلارغا نېمە دەپ تەبىر بېرىش مۇمكىن؟ ئانام تۇرسۇنئاي ھەدەم ھەققىدە ئەسلىمە يېزىپ قالدۇرۇشقا دەۋەت قىلغاندا تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن بۇ خاتىرىنى — ئەسلىمىنى يېزىپ بولالمىغانىدىم. ئانامنىڭ ۋاپاتى بۇ ئەسلىمىلەرنىي ئويغاتتى. ئانامنى ئەسلەپ ئولتۇرغان مۇشۇ پەيتىمدە تۇرسۇنئاي ھەدەمنىڭمۇ نۇرلۇق سىيماسى كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى.

تۇرسۇنئاي ساقىم ھەدەم بىلەن دوستانە سىردىشىپ ئۆتەتتىم، تۇرسۇنئاي ھەدەم شۇنچىلىك مۇھەببەتلىك، ئۇمىدۋار، سەمىمىي، مېھماندوست ئايال ئىدى. بىر كۈنى سەنۇبەر تۇرسۇن، ئايشىگۈل مۇھەممەت، گۈلبوستان ئابدۇقادىر قاتارلىقلار تۇرسۇنئاي ھەدەمنى يوقلاپ باردۇق. ئاماقتىن كېيىن بىز چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. تۇرسۇنئاي ھەدەم بىزنىڭ قىزغىن پاراڭلىرىمىزغا قاراپ ھەۋەس بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى. ھەممىمىزدە بىر خىل روھىي ئازادىلىك، ئويناق پىكىرلەر بار ئىدى، ئۇزاق زامان كۆرۈشمىگەن ئادەملەردەك گېپىمىز زادى تۈگىمىدى. تۇرسۇنئاي ھەدەمگە قاراپ:

— تۇرسۇنئاي ھەدە، بىزگە قاراپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىڭىز، مەن سىزىپ قالدىم، قېنى شۇ ئەسلىمىڭىزنى بىزمۇ تەڭ ئاڭلاپ باقايلى، — دېدىم.

— راست دېدىڭ، قىزىم، سىلەرگە قاراپ سىلەردەك چاغلىرىمنى ئويلاپ قالدىم. ياشلىق دېگەن بىر بايلىق، نېمە كىيسە يارىشىدۇ، نېمە قىلسا ياشلىققۇ دەپ كەچۈرگىلى بولىدۇ، ياشلىققۇ دەپ ھەممە ئىشنى ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇ دەۋرىڭلارنىڭ قەدرىنى قىلىڭلار، ھەممىڭلارغۇ ئۆز كەسپىڭلاردا نەتىجە يارىتىۋاتىسىلەر، تېخىمۇ چاقناپ ئۆتۈڭلار، — دېدى.

— سىزنىڭمۇ ھاياتىڭىز بىر ئۆلمەس كىتابقۇ، تۇرسۇنئاي ھەدە. مەن مۇھەببەتنىڭ گۈزەل سېزىملىرىنى، مەنىسى ھەم تە- بىرىنى سىز تەرجىمە قىلغان «چالىقۇشى»، «ئۇيقۇسىز كېچە- لەر»، «ئۆكسۈش»، «سامانيولى»دېگەن كىتابلاردىن ھېس قىلغان-

مەن. مۇھەببەت دېگەن ئەسلىي مۇشۇنداق تۇيغۇ بولىدىكەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم. مۇھەببەت تۇيغۇسىغا باي بولغىنىڭىز ئۈچۈن كـە-رىمە نادىرنىڭ قەلبىمى ئاستىدىكى مۇھەببەتنى شۇنداق تېتىملىق تەرجىمە قىلىپ، ھەتتا ئەڭ پىنهان ھېسسىياتلىرىمىزنىمۇ ئويغات-تىڭىز...

سۆزلىرىمدە «مۇھەببەت»سۆزى نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرغۇلۇق چىقىپ كـەتكەن بولسا كېرەك، ھەممەيلەن مۇڭغا چۆكتى. ئايشىگۈلنىڭ «قېنى، شۇ مۇھەببەت؟ مۇھەببەت دەپلا ياشاۋاتىمىز، ناخشىنىڭ ئىچىدىلا بارمىكىنتاڭ بۇ مۇھەببەت» دېگەن سۆزى بىلەن كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تۇرسۇنئاي ھەدەم مېنى ئايرىم پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىلدى. تۇرسۇنئاي ھەدەم چاي ئىچكەچ سۆز باشلىدى:

— قېنى قىزىم، «مۇھەببەت» دەپ بىر سۆزلىگىنە، ۋاي ئۇ كۈندىكى سۆزلىرىڭ مېنى نەلەرگە ئاپىرىپ كەلدى - ھە؟... مۇھەببەت ھەققىدە ئۆلمەس تېما، ئۇنى سەندەك چۈشىنىدىغانلار چىن مەنىسىنى كۆتۈپ يۈرسىلەر، چۈشەنمىگەنلەر ئۇنى خارلاپ كەينىدىن جازاسىغا ئۇچراپ يۈرىدۇ. بۈگۈن سېنى چاقىرتىشىم، بۇ يىل يەتمىش ياشقا كىردىم. تۇغقانلارمۇ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىمۇ بۇ خاتىرە كۈننى ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بىرىۋاتىدۇ. سېنىڭ پىكرىڭ ئۆزگىچە، بۇنىڭغا قانداق تەكلىپىڭ بار؟ ئۆتكەندە تېلېۋىزوردا مېنى زىيارەت قىلدى. سۆھبەت ئارىسىدا رىياسەتچى: «ھاياتىڭىزدىكى ئۆتكۈندىغان ئىشىڭىز قايسى؟» دەپ سوراپ يۈرىدۇ. ھاياتتا كىمنىڭ ئۆتكۈندىغان ئىشى بولمايدۇ؟ ئاچچىقىمدا: «ئۆتكۈندىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى كەينىمگە چۆرۈۋەتكەنمەن» دېدىم. مەن ھەقتىكى بۇ پائالىيەتنى ئوبدانىراق ئۆتكۈزگۈم بار، شۇڭا بۇ پائالىيەتنىڭ سىنارىيەسىنى سەن يېزىپ بەرسەڭ، — دېدى.

— ماڭا ئىشىنىپ بۇ چوڭ ئىشنى تاپشۇرغىنىڭىزغا رەھمەت، سىز مۇشۇ سۆزلەرنى دەۋاتقىنىڭىزدا كۆز ئالدىمغا بىر كۆرۈنۈش كەلدى. چىرايلىق بېزەلگەن سەھنىدە ئاۋاز ئارتىسلىرى تەرجىمە ئەسەرلىرىڭىزدىكى تەسىرلىك دىيالوگلارنى ئوقۇسۇن، مەسىلەن، «چالىقۇشى»دىن فەرىدە بىلەن كامراننىڭ، «ئۆكسۈش»تىكى نالەننىڭ مونولوگىنى يېنىك تۈرك مۇزىكىسى بىلەن ئوقۇسۇن. ئۇنىڭ تۈگىشى بىلەن رىياسەتچى بۇ ھەقتە توختىلىپ، سىزنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىڭىزنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەچ سىزنى كىرىشكە تەكلىپ قىلسۇن. سىز ئوغلىڭىز بىلەن گۈل بەرگىلىرى ئۈچىدە كىرىپ كېلىسىز. كېيىن دوستلىرىڭىز، تۇغقانلىرىڭىز، ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ۋەكىللىرى ئەمەلىي مىساللار، ئەسلىمىلەر بىلەن سىزنىڭ بالىلىقىڭىز، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىڭىز، خىزمەت نەتىجىلىرىڭىزنى سۆزلىسۇن. ئارىدا ناخشا - سازلار بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆزگىچە خاتىرىلىك، لىرىك بىر گۈزەل كېچە بولىدۇ، — دېدىم.

تۇرسۇنئاي ھەدەم مۇنداقلا دەپ ئۆتكەن لايىھەمنى ئاڭلاپ بەك ھاياجانلىنىپ كەتتى. خۇشاللىقىدا ئۆزىگە بەك يارايدىغان دىيالوگلارنى تاللاپ سىزىپ تەييار قىلىپ بەرمەكچى بولدى ۋە ماڭا سېنارىيەنى تېز يېزىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن ئاۋاز ئارتىسلىرىنىڭ ئىشىنى ئارزىگۈل مۆمىنگە تاپشۇرۇشنى، ئارزىگۈل ھەدەمنىڭ بۇنداق ئىشلارغا بەك پەمى بارلىقىنى دەپ، ئەتىسىلا ئارزىگۈل ھەدەمنى ئۆيىگە باشلاپ چىقتىم. دېگەندەك، شۇ كېچىسىلا تۇرسۇنئاي ھەدەم تەرجىمە جەريانىدا يۈرەك تارىنى تىترەتكەن ئاجايىپ ئېسىل دىيالوگ ھەم مونولوگلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ، ئىمزاسىنى قويۇپ ئارزىگۈل ھەدەمگە تەقدىم قىلدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇ خاتىرىلەش كېچىلىكى كېچىكتى. بىر كۈنى تۇرسۇنئاي ھەدەم ماڭا تېلېفون قىلىپتۇ، ئاۋازىدىنلا ساقسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ھەم

شۇ ھامانلا قولۇمدىكى ئىشنى قويۇپ ئۆيگە باردىم. ئاھ خۇدا، بۇ دۇنيادا ئىنسان ھېچ ئىشقا ۋەدە بېرەلمەيدىكەن، تۇرسۇنئاي ھەدەم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي كۆزىگە قاراپ ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇردۇم. تۇرسۇنئاي ھەدەمنىڭ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ چىرايلىق كۆزى نۇرسىزلىنىپ، ئۆزىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەنىدى.

— قىزىم، سىنارىيەڭنى بىر ئوقۇپ بەرسەڭ، ئاڭلىغۇم بار ئىدى، — دېدى تۇرسۇنئاي ھەدەم.

— ماقۇل، ئوقۇپ بېرەي، — دېدىم ۋە سىنارىيەنى ھېسسىيات بىلەن ئوقۇپ بەردىم. تۇرسۇنئاي ھەدەم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى.

— بەك ياخشى يېزىپسەن، قىزىم، بۇنداق شەكىلنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. بۇ سىنارىيەگە سەللىمازا ساقىيىپ چىقىشىم كېرەك، بۇ ھالىمدا كىيىم كىيىسەممۇ ياراشمايدۇ دېگىنە، قىزىم، — دېدى ئۇ.

— ياق، ياق، ھېلىمۇ بىر ئوبدان تۇرۇپسىز، چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، پەرداز قىلايلى، شۇ چاغدا كۆرۈڭ، — دېدىم.

— ياق، قىزىم، بۇنداق كېسەل ھالىمدا كىشىلەرگە كۆرۈنگۈم يوق. ئۆتكەندە يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكىلەر بىز ئۈتكۈزۈپ بېرىمىز دەپ قالغاچقا توختاپ قاپتىمەن، ئەسلىدە شۇ چاغدا ئۆزۈملا قىلىۋەرسەم بوپتىكەن، بۇنداق تۇيۇقسىز يىقىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، ھېلىمۇ ياخشى بولۇپ قالارمەن، بىر ئاي كۈتەيلى، — دېدى ئۇ يەنە.

تۇرسۇنئاي ھەدەمنىڭ كېسەللىك بېشارىتىدىن ياخشىلىنىشىغا ھېچ كۆزۈم يەتمىدى. شۇڭا، بۇ كېچىلىكنى ئۆتكۈزۈۋېرىشنى شۇنچە دېسەممۇ زادى ئۇنىمىدى. ئىنسان دېگەن شۇنداق ئۈمىدۋار كېلىدىكەن. بولۇپمۇ تۇرسۇنئاي ھەدەمدەك ئاياللارنىڭ ھاياتنى، گۈزەللىكنى سۆيۈشى، يەنىلا دۇنياغا ئىشەنچ ھەم مۇھەببەت بىلەن قارىشى بىزنى سۆيۈندۈرمەي تۇرالمايدۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، سەنۇبەر تۇرسۇن ئىككىمىز تۇرسۇنئاي ھەدەمنى يوقلاپ باردۇق. بۇ قېتىم تېخىمۇ ئورۇقلاپ تاماقتىنمۇ قالغاندى. سىڭلىسى مەريەم ساقىم ھەدەم بىرنى كۆرۈپ تۇرسۇنئاي ھەدەمنى ئورنىدىن تەستە يۆلەپ دىۋاندا ئولتۇرغۇزدى:

— ھەدە، ئازراق بىر نەرسە يېگىن، مانا مۇشۇ بىر قوشۇق قۇۋۋەت تالقىنىنى ئىچىۋەتكىنە، — دېدى يېلىنغان تەلەپپۇزدا. بىزمۇ:

— ئازراق بولسىمۇ ئىچىڭا، — دېيىشتۇق. تۇرسۇنئاي ھەدەم پىيالە بىلەن قوشۇقنى ئۆتۈنۈش بىلەن تەڭلەپ تۇرغان سىڭلىسى مەريەم ھەدەمگە ئاجايىپ بىر خىل مېھىر بىلەن قاراپ كەتتى. بۇ قاراشتىن قېرىنداشنىڭ ئوتىغا چىدىمايۋاتقان، ئۇنىڭغا تارتىنىۋاتقان بىر يالقۇن يېلىنجاۋاتاتتى. تۇرسۇنئاي ھەدەم بىر قوشۇق تالقاننى ئاران يۇتۇپ يەنە ئىچكىلى ئۇنىمىدى.

— سەن سەنۇبەرنىڭ ناخشىلىرىنى بەك ياخشى كۆرىسەنغۇ؟ سەنۇبەر ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، گۈلچېھرە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ، ئازراق يېگىنە ھەدە، — دېدى مەريەم ھەدەم.

بىرئازدىن كېيىن سەنۇبەر دۇتار بىلەن بىر يۇرۇش ناخشا ئېيتتى، مەن ئۇسسۇل ئوينىدىم. تۇرسۇنئاي ھەدەم كۆلۈمسىرىگىنىچە بىزگە ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئۇ ئۆيدىن قايتىپ سەنۇبەر ئىككىمىز خېلىغىچە ئۈن - تىنسىز ماڭدۇق.

— توۋا، سەنۇبەر، بۇرۇن بۇ ئۆيگە كەلسەك كۈلۈپ - يايراپ قايتاتتۇق، تۇرسۇنئاي ھەدەمنىڭ گەپ - سۆزلىرى بىزگە خاتىرە بولۇپمۇ قالامدۇ، نېمە؟ — دېدىم.

— شۇنى دېگىنە، دۇتار چېلىۋاتىمەن، خىيالىمدا بۇرۇنقى بىللە ئولتۇرغان كۈنلىرىمىز يادىمغا يېتىپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئۆزۈمنى توختىتىۋالالمىدىم. مۇشۇ تاپتا ياپپېشىل بىر چىملىق بولسا ئولتۇرۇپ ئىجادىيەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئاپلا، بۇ كېچىدە ئىككىمىز قايسى چىملىققا بارارمىز، بولمىسا بىزنىڭ مەھەللىدىكى چىملىققا بارايلى، ئۇ يەرمۇ بولىدۇ.

بىنانىڭ ئالدىدا ئاياللار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، بىز سەل نېرىدا — چىمدا ئولتۇردۇق.

— بۇ سەن ئويلىغان تەبىئەت قوينىدىكى چىملىق ئەمەس، شۇنداقتىمۇ يېشىللىق بار يەر. مانا بۇمۇ چىم، ئامال يوق، دەل - دەرەخلەر قىزلارنىڭ چېچىدەك ئاسانلا كېسىلىپ تۈگەۋاتىدۇ، ئولتۇرغىلى مۇشۇ چىمنىڭ چىققىنىدىنىمۇ خۇش بولايلى، — دېدىم.

شۇ ئارىدا ئانام ئاياللار ئارىسىدىن بىزنى كۆرۈپ كۆرۈشكىلى كېلىپ، سەنۇبەرنى قۇچاقلاپ، ناخشىلىرىنى، پەزىلىتىنى يەتكۈچە ماختاپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— ۋاي ئانا، بىز مۇشۇ چىمنى ئىزدەپ نە - نەدىن مېڭىپ كەلدۇق، مۇشۇ يەردە ئولتۇرىمىز، بولدى سەن ھەقەمسايىلەر بىلەن ئولتۇرۇۋەرگىن، — دېدىم.

— بۇنداق ئولتۇرساڭلار سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ. ئۆيدە كۆرپىچەك بار، شۇنى ئاچىقىپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئانام.

بىز «ماقۇل» دەپ ئانام كەتكەندىن كېيىن ئۆز پارىڭىمىزغا چۈشۈپ كەتتۇق. سەنۇبەر ئاق رەڭلىك، قىزىلگۈللۈك پاختا رەختتىن 18 - ئەسىردىكى فىرانسۇز قىزلىرىدەك كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، چىم ئۈستىدە، غۇۋا چىراغ يورۇقىدا باشقىچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بۇ كۆڭلىكىڭ بەك يارىشىپتۇ، مۇشۇ ھالىتىڭنى بىر پارچە رەسىم قىلىپ سىزسا، مەن ئىسمىنى قويۇپ بېرەتتىم: «تەبىئەتنى سېغىنغان كومپوزىتور» دەپ ...

بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، ئانام تېخىچە كۆرپىچەك ئاچىقماي ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ، مېنى چاقىرىپ كۆرپىچەكنى ئاچىقىشقا بۇيرۇدى. لېكىن، سەنۇبەر: «بولدى، مەن ھېلىلا

ماڭمەن» دەپ زادى ئۇنىمىدى.

— «تەبىئەتنى سېغىنغان كومپوزىتور» بۇ سۆز ماڭا ئەجەب تەسىر قىلدى، — دەپ سۆز باشلىدى سەنۇبەر، — قارا، بىر كۈنى تاكسىدا كېتىۋېتىپ، رەھمەتلىك ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئىختىيارسىز قاراپ قالدىم. ئۇ كۈنى بوران چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئۆيدىكىلەرمۇ كۆچۈپ كەتكەن چاغ ئىدى. بىنادىكى ھەممە ئۆينىڭ چىرىغى يېنىق، دېرىزىلىرى ھەم ئېتىكلىك ... پەقەت شۇ ئاكامنىڭ ئولتۇرغان ئۆيىلا قاپقاراڭغۇ، دېرىزىلىرى ئوچۇق قاپتىكەن. بوراندا ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ، چېقىق دېرىزىلىرىدىكى ئەينەك پارچىلىرى جاراڭشىپ تۇرىدۇ. ئۆزۈمنى زادى تۇتالمىدىم. شۇ ئان كاللامغا «مۇزىكانتنىڭ ئۆيى» دەپ بىر سىمفونىيە كەلدى، ئاكامنىڭ ھاياتىنى مۇزىكا بىلەن ئىپادىلەيمەن، — دېدى.

— سەھنىدە ئوركېستىر، سەن ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا بىر قۇرۇق ئورۇندۇق قويۇپ ئۈستىگە ئاكاڭنىڭ تەمبۇرىنى قويۇپ قوي...

ئىككىمىز يىغلىشىپ كەتتۇق. شۇ ئەسنادا ئانام بىر قولىدا ئىككى ئورۇندۇق كۆرپىسى، بىر قولىدا بىر تەخسە تاۋۇز پىچىپ چىقىپ، سۆزلەپلا كەتتى:

— قىزلار دېگەن ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئولتۇرىۋەرمەيدىغان، سوغۇق ئۆتىدۇ، ئۆزىنى ئاسراشنى بىلىش كېرەك. ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ئۇنىمىدى دەپ ئۇزىتىۋەرسە بولمايدۇ، «يېمەيمەن، ۋاي بولدى» دېيىش مېھماننىڭ سۆلكىتى، بۇنى يېگەچ ئولتۇرۇڭلار، تۇگۇپ قويغان جۇۋاۋا بار ئىدى، ھېلى سېلىپ بېرىمەن.

ئانام كەتكەندىن كېيىن سەنۇبەر:

— ئاناڭ تىپىك قەشقەرلىك جۇمۇ، شۇنچىلىك سىلىق ـ سىپايە، مېھماندوست ھەم بەك زېھنى ئوچۇق. ئۆيۈڭگە تېلېفون قىلىپ ئاناڭ ئېلىپ قالسا ئاۋازىمدىن تونۇپ قېلىپ، ئەھۋال سوراپ كېتىدۇ. ھېلىقى سۆلكەتلىك سۆزلىرىنىڭ



www.uyghurkitap.com

چىرايلىقلىقىدىن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي كېتىمەن، — دېدى.

مانا بۇ ھايات، مانا بۇ دۇنيا... تۇنۇگۈن خۇشال كۇلۇشۇپ ئولتۇرغان يېنىمىزدىكى ئادەم، بۈگۈن شامال ئېلىپ كەتكەندەك ئارىمىزدىن كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئارمانىنى قىلىۋاتقاندا يەنە بىر يېقىنىمىزنى ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىدىكەنمىز. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ كىملەر بىلەن قاچانلاردىن بېرى كۆرۈشمىدۇق. كىمنىڭ ھالى نېچۇن؟ كىمنىڭ دەردىگە نېمە دەۋا؟ سوراپ بىلىشكىمۇ ئۇلگۈرمەي ئۆزىمىز بىلەنلا بولۇپ ياشايدىكەنمىز، ئېرىشكىنىمىزدىن يوقاتقىنىمىز كۆپ بولىدىكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بەزى كېچە ئۆمۈردىن ئۇزۇن

بەزى كېچە ئۆمۈردىن ئۇزۇن،
چۈنكى دىلدا ئەگىيدۇ قۇيۇن.
سېنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلەر
چۈش بوپ قالدى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن.

بىر تۈركچە ناخشىدا «بەزى كېچە ئۆمۈردىن ئۇزۇن» دېگەن مىسرانى ئاڭلاپ مىيىقىمدا كۈلۈپتىكەنمەن. ھىم... بىر كېچە قانداقمۇ ئۆمۈردىن ئۇزۇن بولسۇن؟ ياق، بۇ مىسرانى يازغان شائىرمۇ خۇددى مەندەك خىيال، ئەسلىمە قوينىدا ئۆمۈر بەتلىرىنى خۇلاسە قىلىپ، خىيالىنىڭ چېكىگە يېتەلمەي، پارلاق قۇياشتىن ئۈمىد كۈتۈپ، كېچە پەردىسىنىڭ يىرتىلىشىغا زارىقىپ چارچىغان بولسا كېرەك. بۇ ھېسسىياتنى ئۇ شۇنداق ئوبرازلىق مىسرا بىلەن ئىپادىلەپ يازالاپتىكەن. ھاياتتا شۇنداق بىر كېچىلەر بولىدۇكى، بەزىدە شېرىن ئەسلىمىلەر، تاتلىق ئۇيقۇ، شېرىن چۈشلەر قوينىدا تاڭ ئاتمىسىكەن، مۇشۇ سېزىمدىن ئايرىلىپ قالمىسامكەن دەپ ئارمان قىلىدىغان... يەنە شۇنداق بىر كېچىلەر بولىدۇكى، ئاھ، بۇ كېچە شۇنچىلىك ئۇزۇن، شۇنچىلىك جىمجىت، شۇنچىلىك ئازابلىق، خۇددى مەڭگۈ تاڭ ئاتمايدىغاندەك، مۇشۇ قاراڭغۇلۇق بىلەن مەڭگۈلۈك يېپىلىدىغاندەك... بۇ قىرىق كېچە دەل مۇشۇنداق ئۇيقۇدىن بىدار ئازاب بىلەن ئۆتتى. رەھمەتلىك ئانام ھەر كۈنى كەچتە چىرايلىق كېچىلىك كىيىملىرىنى كىيىپ يېتىش ئالدىدا: «ۋاي، بۇ كېچە

ئەجەب ئۇلۇغ يارىتىلغان جۈمۇ، نامازلىرىمنى ۋاقتىدا ئوقۇپ تەرەت بىلەن يېتىۋالسام شۇنداق خۇش بولىمەن، ئەتە سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ بولارمۇ دېگەن ئەندىشەممۇ بار. ئادەم بىر كۈن خاپا بولغان بولسىمۇ، كېچىسى بىر ئۇخلاپ قوپسا ئۇنتۇلىدۇ، كېچىنىڭ خاسىيىتى جىق جۇمۇ» دەپ سۆزلىگەن پېتى ياتاتتى. مەن بولسام شۇ كۈنى بولغان ئىشلارنى ئانامغا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەتتىم — بارغان، كەلگەن، كۆرۈشكەن، سۆزلەشكەن ھەممىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلەيتتىم. ئانام ھەممىسىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، قايسى ئىشىمنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ ناتوغرىلىقىغا جاۋاب بېرەتتى. كېيىندىن ئۆزىمۇ مەھەللىدىكى ئاياللاردىن ئاڭلىغان، قەشقەردىن كەلگەن تېلېفوندا دېيىلگەن گەپلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا ھەم كۆزقاراشلىرىنى قوشۇپ، باھالىرىنىمۇ سۆزلەپ، ئاخىرىدا ماڭا تۈگىمەس نەسىھەتكە چۈشەتتى. تولا ئاڭلاپ ياد بولۇپ كەتكەن بۇ گەپلەرنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە ئاخىرىنى دەپ: «بولدى ئانا، بۇ گەپلەرنى ماڭا دەپ بولغان» دەپ گېپىنى ئۈزۈۋېتەتتىم. ھازىر شۇ قىلغانلىرىمغا شۇنچىلىك پۇشايمان قىلىمەن. ئىنسان دېگەن شۇنداق ئارمان، ئۆكۈنۈش بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ.

دىققەت قىلسام خېلى ئادەمدە بىر خىل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىش، ھەسرەتلىك تىنىقلار ئۇچۇپ تۇرىدۇ. بۇمۇ بەلكىم كەچمىش ئىچىدىكى تولدۇرغۇسىز بوشلۇقنىڭ نىداسى بولسا كېرەك.

بىر كۈنى ئانامغا مەلۇم رادىيو ئىستانسىسىدىكى بىر خانىم بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغىنىمنى، مېنىڭ كەسپىي قىزىقىش دائىرەمدە ئۇزاق پاراڭلاشقانلىقىمىزنى، ئەتىسى ئۇ ئايالنىڭ مېنى ئايرىم سۆھبەتكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، سۆھبەت جەريانىمىزنىمۇ تەپسىلىي دەپ بەردىم:

— قارا ئانا، بىر رادىيو ئىستانسىسى ئاڭلىتىش ۋاقتىنى ئۇزارتماقچىكەن، بۇ خانىم مەندىن پىروگراممىلىرىمىزنىڭ

لايىھەسىنى تۈزۈشۈپ بەرسىڭىز دەپ تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇيلاپ باقسام بۇ مېنىڭ كەسپىم ئىكەن، مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى بۇ ئىشنى قىلسام يېنىڭدا كۆپ تۇرالايدىكەنمەن، يىراقتا، ئوتتۇرا ئاسىياغا، قازاقىستانغا كېتەرمۇ دېگەن ئەندىشەڭمۇ يېنىكلەيدىكەن، — دېدىم.

— ئۇ تەرەپتىكى ئىشىڭىزنى شۇنداقلا تاشلىۋەتسىڭىز قانداق بولار، ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچى ھەم ھۆرمىتىنى يەردە قويارسىزمۇ، قىزىم؟ — دېدى ئانام.

— ئالمۇتىدىكى ھاياتىمدا كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندىم، ۋەتەن مۇھەببىتىنى، يۇرت سۆيگۈسىنى، مەدەنىيەت پەرقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىسى بىلەن چۈشەندىم، ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن كۆپ نەرسىگە ئېرىشتىم، لېكىن ئېرىشكىنىم بىلەن يوقاتقىنىممۇ ئاز ئەمەس. مەنىۋىيىتىم مۇكەممەللەشكەن بىلەن تۇرمۇشتا ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىدىم. رەھمەتلىك دادامنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگىلى تاس قالدىم. ئەمدى يەنە ئۇنداق ھەسرەتتە قېلىشنى خالىمايمەن. دۇئايىڭنى ئېلىپ يېنىڭدا تۇراي. مېنى «ياشىباشتاق، گەپ ئاڭلىمايدۇ» دەيسىلەرغۇ؟ ئاخىرى يەنە بىر قېتىم ئۆزۈم قارار قىلاي، بۇ ئىشتا ئاشۇ ئايال بىلەن ھەمكارلىشىشنى قارار قىلدىم، — دېدىم.

ئانام ئۇ ئايالنىڭ «شىركەت قۇرمىسىڭىز بولمايدۇ» دېگەن سۆزىدىن سەل ئەنسىرەپ:

— جېنىم قىزىم، سىز ئادەملەرگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىسىز، شىركەت دېگەننىڭ رەسمىيىتى تولا، كىنولاردا كۆرىمىز، ئۇنى سىز بىر ئادەم قىلالمايسىز، كۆپ ئويلىنىڭ، ئالدىراقسانلىق قىلماڭ، — دېدى.

— ئۇ خانىم بەرنا ئاچامنىڭ دوستى ئىكەن، ياخشى ئايال دەپ ماختاپ بەردى، — دېدىم.

— ئۇ خانىم بەرنا بىلەن دوست، لېكىن سىز بىلەن

ھەمكارلاشقۇچى، ئوتتۇراڭلاردا پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بار، بۇ بەك نازۇك مۇناسىۋەت. بەرنا ھازىر سىزنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەڭ، شىركەت قۇرۇڭ دېگەنىبىلەن كېيىن يېنىڭىزدا بولالامدۇ؟ شۇڭا، ئويلاپ ئىش قىلىڭ، قىزىم، ــ دەپ بۇ ئىشقا رازىلىق بەرمەي تۇرۇۋالدى.

ئۇ ئايال مېنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇرۇپ كۆندە ئىزدەپ ئارامىمنى قويمىدى. ئانام تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ئاخىرى:

ــ بوپتۇ، قىلىڭ، بۇ پۇلنى قوشۇپ ئىشلىتىڭ، ئانىنىڭ بەرگەن پۇلى بەرىكەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئارىسىدا ھەرەمگە بارغاندا ئاشقان پۇللارمۇ، ئازراق دوللارمۇ بار. ئاللا ئىشىڭىزغا بەرىكەت ئاتا قىلار، بۇ ھالال پۇل خېمىرتۇرۇچ بولۇپ، ھالالدىن رىزقىڭىز كۆپىيەر، بالام، ــ دېدى ۋە قىرىق مىڭ يۈەن، بىر يۈز بەش دوللار ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىياللىرىنى بېرىپ ئىشلىرىمغا ئاسانلىق تىلەپ ئۇزاق دۇئا قىلدى. دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىمغا ياشلىرىم ئاقماقتا ئىدى ...

شۇ كۈندىن باشلاپ شىركەت رەسمىيىتى بېجىرىشنى بىر ۋاكالەتچى ئورۇنغا تاپشۇرۇپ، ئىشخانا ئىجارە ئېلىپ ئۇنى بېزەشكە بەردىم ۋە كېچە ـ كۈندۈز پىروگرامما لايىھەسى تۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتىم. ئالدى بىلەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان باللار پىروگراممىسى لايىھەسىنى تۈزمەكچى بولدۇم. ئانام تېلېۋىزور كۆرۈشتىن رادىيو ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئانامغا دېدىم:

ــ ئانا، سىزنىڭچە ئۆسمۈرلەر پىروگراممىسىنى قانداق شەكىلدە ئىشلىسەك ئۈزگىچە بولار؟

ــ بۇنى ئاشۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن قىلسىڭىز ياخشى بولارمىكىن. ئۆسمۈرلەر چوڭ ئانىلىرىنىڭ چۆچەك ئېيتىپ بېرىشىگە ئامراق. مەدھىيە خېنىممۇ (ئاكامنىڭ قىزىنى دېمەكچى) ھازىرغىچە «ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭا» دەپ

ئۇخلىمايدۇ... بولسا باللار تىلىدا ئېيتسا تېخى ياخشى ...

— ھە راست، ئانا، مومايىنىڭ تىلىدا ھەر كۈنى باللارنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىغا توغرىلاپ يېرىم سائەت چۆچەك ئېيتىپ بەرسە، تەپەككۇرىمۇ جانلىنىدۇ، — دېدىم.

— مومايىنى نەدىن تاپىسىز؟ — دېدى ئانام.

— سەن ئېيتىپ بېرەمسەن يا، ئانا، — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— ئېيتىپ بەرسەم، بەردىم. كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ چۆچىكىمنى ئاڭلاپ ئۇخلاپ قېلىڭلار، ئەتە مەكتەپكە بارسىلەر، داۋامىنى ئەتە يەنە ئېيتىپ بېرىمەن، دەپ ئۇخلىتىپ قويىمەن، — دېدى ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇ ئان كاللامغا يېڭى بىر شەكىل كەلدى.

— ئانا، ئاۋاز ئارتىسى ئابىدە مومايىنىڭ ئاۋازىدا چۆچەك ئوقۇپ بەرسە، ئارىلىقىدا سەن دېگەندەك «ئاپپاق قوزىلىرىم، چۆچەكنى كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ ئاڭلاڭلار، ئۇخلاپ قالساڭلار ئەتە يەنە ئېيتىپ بېرەي... جېنىم باللىرىم، موماڭلار قېرىپ قالدى، ئۇنتۇغاقمۇ بولۇپ قالدى، تۈنۈگۈن نەگە كەلگەنىدۇق؟» دېسە، باللار تۇشمۇتۇشتىن: «چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئۇۋغا چىقىپ كەتكەن يېرىگە كەلگەنىدۇق» دېيىشسە، موماي: «ھە ـ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى» دەپ داۋاملاشتۇرسا، مۇشۇنداق تەبىئىي بولسا ياخشى چىقارمۇ، ئانا؟ — دەپ سورىدىم.

— بولىدۇ، تازا ئوبدان بولىدۇ، ھەممە پىروگراممىنى سىز لايىھەلەمدىكەنسىز، مۇشۇنداق يېرىم سائەتتىن قىلغىلى تۇرسىڭىز قانداق توشقۇزۇپ بولارسىز، قىزىم، — دېدى.

— ھەممىنى مەن قىلمايمەن، مېنىڭ قىلىدىغىنىم تۆت سائەتلىك قىسمى. مانا ساڭا ئوقۇپ بېرەي، — دەپ لايىھەسىنى ئانامغا ئوقۇپ بەردىم، — يەنە بىرسى تۇرمۇشقا يېقىن پىروگراممىا قارا، ئانا. رادىيو بولغاندىكىن ئاۋازىنى تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرتىۋەتسەك، ئىسمىنىمۇ ئۆزگەرتسەك،

خالىغان ئادەم ئۆز كەچمىشىنى سۆزلەپ بەرسە، ئۇنىڭغا پسىخولوگلار مەسلىھەت بەرسە، بەك جانلىق ھەم ياخشى پىروگراممىا بولىدۇ. بۇنىڭدا رىياسەتچى بەك مۇھىم. رىياسەتچىنىڭ چوقۇم ئۇنىۋېرسال بىلىمى، يۇقىرى ساپاسى بولۇشى، رىياسەتچى زىيارەت ئوبيېكتى بىلەن ناھايىتى سەممىي مۇئامىلىدە بولۇشى، ئالدىدا تۇرغان مىكروفوننى ئۇنتۇلدۇرۇپ، رىياسەتچى بىلەن ئەمەس، سىرداش دوستۇم بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن، كۆڭلۈمدىكىنى تۆكۈۋاتىمەن دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرەلىشى كېرەك.

— قىزىم، كەچكىچە دەردمەننى سۆزلەتمەي، خۇشاللىقىنى سۆزلىتىڭلار. دەردمەننىڭ دەردىنى ئاڭلىماق، ئۇنىڭغا دوست بولماقمۇ قىيىن. تۇرمۇش دېگەنگە ئالدىراپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ ... تۇرمۇش دېگەن مەن ـ مەن دېگەن ئوغۇل باللارنى كۆلدە كۆمەچ قىلىۋېتەلەيدۇ، نى ـ نى ساھىبجامال قىزلارنى ئاجايىپ قىسمەت ـ كويلارغا سالالايدۇ، «رەختىڭگە ئىشەنمە، بەختىڭگە ئىشەن» دېگەن بىكار چىققان گەپ ئەمەس. تۇرمۇش ھەممىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. ئانىسى كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلغان ھەر ئوغۇل باللار خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قارايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ما ئىش مانداق بالام دېسە، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، قۇلاق سالمايدىكەن. كېلىنلەر نەزىرىدە كوت ـ كوت قېيىنئانا بولىدىكەنمىز، ئانا بولماقمۇ تەس ئىكەن. بالا دېگەن كىچىكىدە بالا ئىكەن، چوڭ بولغاندا بىز باللاردىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدىكەنمىز...

— ئانا، سەن مېنىڭ لايىھەمنى ئاڭلاۋاتامسەن يا ماڭا دەردىڭنى سۆزلەۋاتامسەن؟ قېنى دېگىنە، مەن بىر ساڭا مەسلىھەت بېرىپ باقاي، نېمە دەردىڭ بار، بىر دېيىشىپ باقايلى، — دېدىم.

— ئاندا شۇ باللىنىڭ دەردى بولىدىكەن. مەن دېمەيمەن، ئانىنىڭ قەلبىنى ئانا بولمىغان ئادەم چۈشەنمەيدۇ. ھە، ئاخىرىنى ئوقۇڭا ئاڭلاي، ئىسىمگە كەلگەننى دېدىم، كىمگە دەيمەن، كىشىگە دېسە سەت بولىدۇ، ئىچىمگە سالسا دەرد بولىدۇ،

ئوقۇغا ... — دېدى ئانام.

— رومانلارنى دوكتورلار ئوقۇپ بېرىدىغان ئىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئوبرازلارغا بۆلۈپ ئوقۇتۇپ، مۇزىكا، تەقلىدىي ئاۋازلار بىلەن كىرىشتۈرۈپ ئىشلەپ باقاي دېدىم. سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان تاھىر ياسىن ئىسىملىك بىر بالا بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم. شۇ بالا كىرىشتۈرىدىغان بولدى.

— ئاكىڭىز «ئاننا كارىنىنا»نىڭ خەتنۇسخىسىنى ئاڭلاۋاتاتتى، ئۇنىمۇ شۇنداق ياخشى ئوقۇپتۇ. خەتنۇسخىنى چۈشەنمىسەممۇ، بۇ رومانىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى مەنمۇ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇغاچ، ھېسسىياتىدىن ياخشى ئوقۇغىنىنى چۈشەندىم. ئۇنىمۇ سىز دېگەندەك مۇشۇنداق ئوبرازلارغا بۆلۈپ ئوقۇپتىكەن، ئويلىغىنىڭىزدەك قىلسىڭىز ياخشى چىقىدۇ، — دېدى.

— ئاندىن مەشھۇر شەخسلەرنى تونۇشتۇرىدىغان بىر پىروگراما ئىشلىمەكچى، بۇنىڭدا مەشھۇر تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى، سەنئەتكارلار تونۇشتۇرۇلىدۇ، دەۋر، ياش چەكلىمىسى بولمايدۇ، — دېدىم.

— چەت ئەللىكلەرنىمۇ قوشۇڭلار، رەڭدار چىقىدۇ. مەندە پۇشكىننىڭ شېئىرلار توپلىمى بار ئىدى، يېقىندىلا يوقىتىپ قويدۇم. بىر شېئىرىنى شۇ يىللاردا خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالغان. ئۆتكەندە بىر گېزىتتە كىيۇرى خانىمنى تونۇشتۇرۇپتىكەن ئوقۇپ بەك تەسىرلەنگەن ھەم كېسىپ ئېلىپ قويغاندىم، مانا بۇنىڭدىنمۇ پايدىلىنىڭ. سىزنىڭمۇ شۇنداق بىر نەتىجە قازانغان قىز بولۇشىڭىزنى بەك ئارمان قىلاتتىم. ئاللا كۆرۈشكە نېسىپ قىلار، — دەپ تارتمىدىن كېسىلگەن بىر گېزىت پارچىسىنى ئېلىپ بەردى.

گېزىتنى ئوقۇپ:

— مارىيە كىيۇرى ئەسلىي پولشالىق ئىكەن - دە؟ ئۇ فىرانسىيەگە ئوقۇشقا بارغان چاغدا پولشانى رۇسلار

بىسۇۋالغانىكەن. شۇ چاغدا ئېرى پىئىر كىيۇرى بىلەن تونۇشۇپ، ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىنى ئازاب بىلەن سۆزلەپ بېرىپ يىغلاپ كەتكەنىكەن. پىئىر بۇ ۋەتەنپەرۋەر قەيسەر قىزنىڭ ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى باغرىغا بېسىپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ توي تەكلىپىنى قويۇپتىكەن. ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن قۇربان بېرىپ، نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى بولۇشىغا ياردەم قىلىپتىكەن، — دېدىم ھاياجان بىلەن.

— مانا بۇنى مۇھەببەت دەيمىز، — دېدى ئانام، — تۇرمۇشتا بىر - بىرىگە ئىشەنسە، يار - يۆلەك بولسا، ئائىلە گۈللەپ - ياشنايدۇ. مەنمۇ شۇنداق زېھنى ئوچۇق، ھاياتقا ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان قىز ئىدىم، قەشقەرچە قائىدە - يوسۇنلار مېنى بەزى چەكلىمىلەر ئىچىگە بېكىندۇرمىگەن بولسا، مەنمۇ بەلكىم خېلى ئىشلارنى قىلار بولغىيدىم، — دېدى ئانام ئۆكۈنگەندەك.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، كىيۇرى خانىمدەك بولالمىساڭمۇ بىزدەك بەش بالىنى قاتارغا قوشتۇڭ. ئون ئىككى نەۋرەڭ، ھەتتا بىر چەۋرەڭمۇ بار. چەۋرە كۆرۈش ھەممىلا ئانىغا نېسىپ بولىدىغان بەخت ئەمەس جۇمۇ، ھاجىخېنىم، ھە راست، يەنە تېخى مۇقەددەس شەھەر مەككىنى ھەج تاۋاپ قىلدىڭ، — دېدىم ئانامنى سۆيۈپ قويۇپ.

— ياشلىقىمنى، مۇھەببىتىمنى، بارلىقىمنى ئائىلەمگە بەردىم، خىزمەتمۇ قىلماي، بالام، ئۆيۈم دەپ ياشاپتىمەن، بالىلار چوڭ بولۇۋېلىپلا، بىزنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن.

— ئانا، ساڭا كىتابىي ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ دۇنيادا جانلىق - جانسىز ھەممە نەرسە مۇھەببەت دەپ يىغلايدىكەن، پەقەت شۇ مۇھەببەت كۈلدۈرىدىكەن ھەم يىغلىتىدىكەن. ئەمەلىيەتتە كېلىنلەردىن، بالىلىرىڭدىن سەن تەلەپ قىلغان سۆيۈشنى، مۇھەببەتنى كۈتكىنىڭدەك بېرەلمىدى دەپ ئاغرىنىسەن. بالىلىرىڭ يۈرىكىڭنىڭ، ۋۇجۇدۇڭنىڭ بىر قىسمى. قوينىڭدا ئەركىلەپ يۈرگەن بالاڭ تۇيۇقسىز باشقا بىر

www.uyghurkitap.com

ئايالنىڭ بۇيرۇقىدا، قۇيرۇقىدا يۈرسە، چىدىماسلىقىڭ مۇمكىن. بۇ چىدىماسلىق ئىچى تارلىقتىن ئەمەس، ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا بولغان ئىسيانى. ئۇلۇغ ئانىلار پىشمىغان قىزلارنىڭ ئوغلىنى ئۆزىدەك ئاسرىيالماسلىقىدىن، كۆيۈنمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. مانا شۇ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە قىيالمىغان، مېھرىگە قانمىغان، چاڭقىغان ھېسسىياتى قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا ئېرىمىگەن مۇز قاتلىمىنى شەكىللەندۇرۇپ قويىدۇ، — دېدىم.

بۇ سۆزلەرنى كىتاب ئوقۇۋاتقاندەك سۆزلەپ كېتىپتىمەن. قارىسام ئانام يىغلاۋېتىپتۇ:

— بەلكىم شۇنداقتۇ، ئۇلارمۇ قېيىنئانا بولغاندا بىزنى چۈشىنىدۇ، ۋاي ئىسىت دەپ پۇشايمان قىلىدۇ. ئۇ چاغدا قۇيرۇقىمىزنى قوم بېسىپ بولغان بولىدۇ ...

— ھا ـ ھا ـ ھا ... ئانا، پىروگراممىا لايىھەلەيمەن دەپ سېنى يىغلىتىپ ئولتۇرمەنىيا، بولدى، بولدى، يىغلىمىغىنا، قېنى ھېلىقى پۇشكىنىنىڭ شېئىرىنى ئوقۇپ بېرە يېزىۋالاي.

ئانامنىڭ خاتىرىسى شۇنداق ياخشى ئىدى، ھەتتا بالىلىقىدىكى دەرسلىك كىتابلىرىدىكى مەزمۇنلارنى، قوشاقلارنى تولۇق ئېسىدە ساقلىغانىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ پۇشكىنىنىڭ شېئىرىنى تولىمۇ يېنىك دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى:

ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى،
ھەسرەت چەكمە، بولما پەرىشان.
تىنچلانماق لازىم قايغۇدا،
خۇشال كۈنلەر كېلىدۇ ھامان.

مەڭگۈ ئالغا تەلپۈنەر يۈرەك،
رازى بولماس بۈگۈندىن ئىنسان.

ھەممە ئۆتۈپ كېتەر بىر پەستە،
ئۆتكەنلىرى بولۇر قەدىردان.

— ۋىيەي، ئانا، تېماندىق چىرايلىق لىرىكا بۇ؟ كىمگە بېغىشلاپ يازغان بولغىيدى؟ — دېدىم.

— بۇرۇن «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ قايسىبىر سانىدا ئوقۇغانىدىم. پۇشكىن بىر يېزىغا چىقىپ، بۇرۇن ياخشى كۆرگەن بىر قىز بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ھاياتتا سەل چۈشكۈنلەشكەن شۇ قىزنىڭ دەپتىرىگە بۇ شېئىرنى يېزىپ بېرىپتىكەن، بۇ شېئىرغا مۇزىكا ئىشلىنىپتىكەن، تا بۈگۈنگىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر ناخشا ئىمىش...

— ھەي، مۇشۇنداق بىر شائىر بىر ئايال ئۈچۈن دۇئېلدا ئۆلۈپ كەتتى - ھە؟ نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئۆلۈم!

— پۇشكىننىڭ موسكۋادىكى مۇزېيىدا پۇشكىن ھەيكىلىنىڭ يېنىدا ئاشۇ دۇئېلغا چۈشكەن ئەرنىڭمۇ ھەيكىلى بارىمىش، بىر كىتابتا شۇنداق ئوقۇغىنىم ئېسىمدە، — دېدى ئانام ۋە كەينىدىن ئۆز كۆزقاراشلىرىغا ئۆتۈپ كەتتى، — ئاقىللارنىڭ ئاياللار بىلەن سەپەرگە چىقماسلىق، يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ماشىنا ھەيدىمەسلىك دېگەندەك سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بار جۇمۇ. مۇشۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئايال سەۋەبىدىن بولغانىمىش. پۇشكىندەك شائىرنىڭ يەنە بىرسى چىقىشى ناتايىن - دە، ئۇنىمۇ ئايالار تۈگەتتى، ئىسىت!

— بىز ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۇ ئۆلۈمنى مۇھەببەت ئۈچۈن دەپ شەرەپلىك ھېس قىلغاندۇ، بەلكىم.

— ئادەم بىر ئايال ئۈچۈنلا ياشامدۇ؟ بىر ئايال ئۈچۈنلا تۇغۇلغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى، دوست - يارەنلىرى يوقمۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان باشقا ئادەملىرى يوقمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ دۇنياغا كەلمىكى، ئوتتۇز ياشقا كىرمىكى ئاسانمۇ؟

ئانام بىلەن بولغان ھەرقانداق پارىڭىم مۇشۇ تەرزدە بولاتتى. ئانام بىر ئىشنى دېسە ئاخىرىغا كۆزقاراشلىرىنى قوشۇپ سۆزلەپ، دېيىشىۋاتقان تېمىدىن چەتنەپ كېتەتتى، ئاخىرىدا بالىلىرى، كېلىنلىرىگە كېلىپ توختايتتى، ئۇلارنىڭ دىتىغا ياقمىغان تەرەپلىرىنى دەيتتى، ئىبرەتلىك تەمسىللەرنى سۆزلەيتتى. كۆپ ۋاقىتتا بۇنداق سۆزلىرىگە رەددىيە بېرەتتىم. ھازىر ئويلىسام ئانامنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇنلۇق ھەم ۋەزنى بار گەپلەر ئىكەن.

پىروگراممىنى ئۇنىڭغا ئالماقچى بولۇپ، ئۇ ئايالنى ئاۋاز ئارتىسلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردۇم، بۇمۇ ئەلۋەتتە شۇ ئايالنىڭ تەلىپى بىلەن بولدى. شۇ كۈنى ئانامغا بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەرسەم:

— داستىخاننىڭ ھېساباتىنى كىم قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسلىدە ئۇ ئايال ئاۋاز ئارتىسلىرى بىلەن كۆرۈشەي دېگەندىكىن شۇ ئايالنى قىلامدىكىن دېسەم جىم ئولتۇردى، شۇنىڭ بىلەن مەن قىلىۋەتتىم.

— مېھمان قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، لېكىن بۇ يەردە پوزىتسىيە مەسىلىسى بار، بالام. ئۇ ئايال بىلەن ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلىشىڭىز سەل قىيىن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بەرنا ئاچىڭىزمۇ بارغاندۇ؟ بوپتۇ. بەرنا ياخشى ئايال، سىزنى يامان يولغا باشلىمايدۇ، كۆيۈنىدۇ دەپ ئويلايمەن، ھەرھالدا كۆپ دىققەت قىلىڭ، — دېدى ئانام.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ھاياجان بىلەن ئۆيگە كىرىپ:

— ئانا، پىروگراممىدا سۆزلەپ بېرىدىغان بىر بالىنى تاپتىم، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ تۈرمىدە سەككىز يىل يېتىپ چىققان بالا ئىكەن. مېنىڭ كەچمىشىم باشقىلارغا ساۋاق بولۇپ بىر بالا بولسىمۇ يامان يولدىن قايتىدىغان ئىش بولسا، قانداق ئىش بولسا قىلىمەن دەيدىكەن، — دېدىم.

— ئۇ بالىنى نەدىن تاپتىڭىز؟ — دېدى ئانام ئانىلارغا خاس

ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

— بىر دوستۇمنىڭ ئىنىسى ئىكەن، بۇگۈن ئۇ بالىنى ھەدىسى باشلاپ كەلدى، تاماق يېگەچ كۆپ پاراڭلاشتۇق. ئەتە ئۇنىڭە ئالدىغان بولدۇق، — دېدىم ھاياجانلىنىپ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىشلىگەن پىروگراممىلىرىمنىڭ ئۈلگە نۇسخىسىنى ئانامغا ئاڭلاتتىم، ئانام ئاۋاز ئارتىسى ئابىدەنىڭ ئاۋازىنى موماي لاردەك چىقىرىپ ئېيتقان چۆچەكنى ئاڭلاپ بەك كۈلۈپ كەتتى:

— بەك ئوخشاپتۇ، كەچكىچە موماي لارغا ئوقۇتماي بوۋايلارمۇ ئېيتىپ بەرسۇن، بوۋاينىڭكىنى يەنە بىرسى ئوقۇسۇن، — دېدى.

— ئەسلىي رېژىسسور سەن ئىكەنسەن، ئانا، ئوقىماي قاپتىمەن. ماقۇل، بوۋاينىمۇ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلاي. ئەمدى بۇ رومانىنى ئاڭلىغىن، كەرىمە نادىرنىڭ «ئۆكسۈش» ناملىق رومانىنى روللارغا بۆلۈپ ئوقۇتتۇم. كەنانىنى بىر بالا ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئوقۇدى، نالەنىنى ئارزىگۈل مۆمىن نالەندىن ئاشۇرۇۋەتتى، ئاپتور سۆزىنى بىرسى تۇرك پۇرىقىنى چىقىرىپ سۆزلىدىكى، مۇزىكا بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئۆزگىچە چىقتى.

— راست ياخشى بوپتۇ، مۇزىكىسى بەك چۈشۈپتۇ، — دېدى ئانام، — بۇ ئاۋاز ئارتىسلىرى بەك تالانتلىق جۇمۇ، بالام. بۇلاردىن كېيىنكىلەرمۇ مۇشۇنداق ياخشى چىقارمۇ، ھەي بۇنداق چىقمايدۇ جۇمۇ، بۇلار ھەممىسىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى بار.

— ئەمدى بۇنى ئاڭلا، ئانا، بۇ ھېلىقى بالىنىڭ بايانى، — دېدىم. ئانام ئەللىك مىنۇتلۇق سۆھبەتنى ئاڭلاپ بولۇپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى:

— راست ئىش دېگەن ئادەمگە ئەجەب تەسىر قىلىدۇ ـ ھە، بۇ بالىغا ئاللا ئىنساب بېرىپتۇ. سۆزلەپ بەرگىنىنىڭ ئۆزى ساۋاب. توۋۋا قىلىپتۇ، باشقىلارنى ياخشى يولغا باشلاي، ئۇلارغا ياردەم قىلاي دەپتۇ، ياخشى نىيەتمۇ بىر ساۋاب، ئادەم بىراۋغا بىر نەرسە بەرسىلا سەدىقە بولمايدۇ، ياخشى سۆزمۇ، ياخشى نىيەتمۇ

سەدىقە بولىدۇ، — دېدى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇلتۇرۇپ.

— ساڭا قايسى سۆزى ئەڭ تەسىر قىلدى، ئانا؟

— بۇ بالا يۇرتىدىن ئۇرۇمچىگە چىقىپ، نەچچە يىل زەھەر چېكىپ ئورۇقلاپ كەتكەندە، ياشىنىپ قالغان دادىسى ئىزدەپ كېلىپ، بالىسىنى تونۇماي ئۆتۈشۈپ كەتكىنى...

— مەنمۇ دەل مۇشۇ بايانىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ئۆزۈمنى زادى تۇتۇۋالالمىغانىدىم. بىچارە بوۋاي بالىسىنى ئىزدەپ يۇرتىدىن بۇ شەھەرگە كېلىپ سوراپ، تەمتىرەپ يۈرگەندە، بۇ بالا دەل خۇمارى تۇتۇپ ئالدىراش خېروئىن ئىزدەپ چىقىپ كېتىۋاتقان چاغ ئىكەن، دادىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. بالا دادىسىنى تونۇپتۇ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بالىسىنى كۆز نۇرى ئاجىزلاشقان دادا تونۇماي قاراپتۇ. بۇ بالا قاتتىق ئازابلىنىپ، كەينىگە قايتىپ ئۆيگە كىرىپ، دېرىزىدىن نەچچە يىل كۆرمىگەن، سېغىنغان دادىسىغا قاراپ يىغلاپتۇ. دادىسى ئۆي تەرەپكە قاراپ تامغا يۆلىنىپ، قاتتىق نانىنى يەپ ئولتۇرۇپتىكەن، شۇ كۈنى بالا قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ خېروئىن تاشلاشقا بەل باغلاپتۇ...

— ھەي ياشلىق، نادانلىق، بىچارە بالىلار بىلىپ - بىلمەي بۇ يولغا مېڭىپ قېلىپ، كەينىگە يانالماي، بۇ پاتقاققا پېتىپ كېتىدۇ. ھەي خۇدا، بولغۇلۇق ئاشۇ ئاتا - ئانىسىغا بولىدۇ، جىسمى تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈپ بولىدۇ. بۇ دۇنيادا بالا خاپىلىقى ھەممىدىن يامان، بۇنىڭغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ، — ئانام يىغلاپ سۆزلەۋاتاتتى.

— بولدى، ھاجىخېنىم، باللىرىدىن ھېچكىم ئۆزلىرىنى بالا خاپىلىقىغا قويمىدى، ئەمدى يىغلىرىنى قويۇپ بۇ پىروگراممىلارغا باھا بەرسىلە.

— مېنىڭ باھايىم ھېسابمۇ، بالام؟ ماڭا بەك ياردى. يېڭى شەكىل، يېڭى مەزمۇن بوپتۇ. ئەمدى ئاشۇ ئايال بىر نەرسە دېسۇن. ھەرقانداق ئىشنى توختاملىشىپ قىلىڭ. بىر ئادەمگە

ئاسانلا ئىشنىپ كېتىسىز، ھەممە بالام شۇنداق، خەققە يۇرىكىڭلارنى بېرىۋېتىسىلەر، مەنمۇ، دادىڭىزمۇ شۇنداقتۇق، بۇنداقمۇ دوراسىلەرمۇ؟

— ماقۇل، ئانا، ئۇ ئايال ئۇن ئېلىش ئورنى بولمىسا بولمايدۇ دەيدۇ، ئەمدى ئۇن ئېلىش ئۇسكۇنىسى ئېلىشىم كېرەك ئىكەن.

— نېمە؟ — ئانام چۆچۈپ كەتتى، — بالام، سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالماڭ، ئاۋۋال توختاملىشىپ ئاندىن ئېلىڭ.

— ئاۋۋال ئۇن ئېلىش ئورنىنى، ئۇسكۇنىلەرنى تەييارلاڭ، دېدى. بۇنچە ئىشنى قىلدۇرۇپ ئۇنداق نامەردلىك قىلماس، ئانا. شىركەتنى رەسمىي قۇردۇم، ئىشخانا ئېلىپ بېرىدىم، ئىچىنى ئۇسكۇنە بىلەن تولدۇردۇم. ئۇغۇ مەيلى، بۇلارچۇ؟ بۇ لايىھەچۇ؟ بۇنى يېزىپ، ئادەم تېپىپ ئۆگىتىپ، ئۇنگە ئېلىپ، بېشىدا ئولتۇرۇپ كىرىشتۇرۇپ پۇتكۇزمەك ئاسانمۇ؟ بۇ دېگەن مېنىڭ ئەقلىي ئەمگىكىم، مەبلىغىم، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئاسان ئەمەس.

— ۋاي، بالام، ئادەملەر شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس بولۇپ كەتتى. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش دېگەنلەر ئېغىزدىكى گەپ بولۇپ قالدى ھازىر. نېملا بولسۇن توختاملىشىپ ئاندىن نېمە ئالسىڭىز ئېلىڭ. بەرنا ھەدىڭىزگە مەسلىھەت سېلىپ بېقىڭ بولمىسا.

بەرنا ھەدەم شۇ ئايالنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشىمنى ئېيتتى. يەنە تېخى ئۇ ئايالنىڭ يېڭى ئۆيىگە تىزىدىغان نەرسە ئالماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۆيىنى مۇبارەكلىگەن قاتاردا ئېلىپ بېرىشىمنى دېدى. بۇ گەپ ماڭىمۇ، ئانامغىمۇ سەل غەلىتە بىلىندى. لېكىن، ئانام:

— بوپتۇ، بالام، چوڭ ئايالنىڭ گېپىنى رەت قىلماڭ، شۇنچە پۇلنى خەجلىدىڭىز، قولنى كەسمىگۇچە قان چىقمايدۇ، ياخشىسىنى ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى.

— تېخى ئۆزى چىقىپ تاللاپ بېرەرمىش، ئانا.

شۇنداق قىلىپ، ئالدىغانىمۇ ئېلىپ بېرىپ، لايىھەنىمۇ دىسكىلارغا كۆچۈرۈپ بېرىپ توختاملىشىشنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇن ئېلىش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنغانلىقىنى سېتىۋالدىم. بۇ كۈنلەردە كۈندە دېگۇدەك كۆرۈشۈپ، مېھمان قىلىپ يۈردۈم.

شۇ كۈنلەردە ماڭا ئاۋاز ئارتىسى تۇيۇقسىز تېلېفون قىلىپ، شۇ ئايالنىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆزىگە تېلېفون قىلىپ بالىلار چۆچىكىنى ئوقۇپ بېرىشنى ھەم ئۆزى بىلەن توختاملىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، دېدى:

— قارا سىڭلىم، بۇ ئىشنى سەن ئويلاپ، بىزنى چاقىرىپ، لايىھەسىنى تەييار قىلغان تۇرساڭ، ئەمدى خەق بىلەن توختاملاشسام تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭنى چاقىقاندەك ئىش قىلماي دەپ، سەندىن بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىر بىلىپ باقاي دەپ تېلېفون قىلىشىم، — دېدى.

بېشىمدىن بىرسى بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. سەل ئۆزۈمگە كېلىپ، ئانام داۋاملىق دەيدىغان «كىمنىڭ رىزقى بولسا شۇ يەيدۇ، ئاللا كىمگە بۇيرۇسا شۇنىڭغا نېسىپ بولىدۇ» دېگەن سۆزى كەلدى ۋە:

— بوپتۇ، ئوقۇپ بېرىۋەر، بۇمۇ ماڭا ئاچچىق بىر ساۋاق بولۇپ قالغۇدەك. دۇنيانى، ئادەملەرنى ئۆزۈمدەك تۈز، سەمىمىي ھېس قىلىپ كېتىپتىمەن. رادىيو دېگەن دۆلەتنىڭ ئاۋازى، نى ياخشى ئادەملەر بەھرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆچەكلەرنى بالىلار ئاڭلايدۇ، بالىلار ئۈچۈن مەيلى، شۇلار خۇشال بولسا بۇمۇ مېنىڭ تۆھپەم، — دېدىم.

كەينىدىنلا تۇرمىدىن چىققان ھېلىقى بالا تېلېفون قىلىپتۇ:

— ھەدە، مېنى بىر بالا بىزگە سۆزلەپ بەرسىڭىز دەپ ئىزدەپ كەپتۇ. سىلەر بىرمۇ، چۈشەنمەيلا قالدىم. سىز مېنى بايقاپ تېپىپ، مەندە بىر ئۈمىد ـ ئىشەنچ تۇرغۇزغانىدىڭىز، سىزگە يۈزسىزلىك قىلغۇم يوق ...

— ياق، ياق، يۈزسىزلىكنى ئۇلار قىلىدى. سۆزلەپ بېرىۋېرىڭ، پىروگراممىدا دېگەندىن نەچچە مىليون ئادەم بەھرىلىنىدۇ، بۇنىڭغا شەخسىيەتچىلىك قىلىش كەتمەيدۇ، — دېدىم.

— سىز ماڭا يەنە ياردەم قىلارسىزمۇ، ھەدە؟

كۈلۈپ كەتتىم:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەرقانداق چاغدا ئىزدەڭ، قولۇمدىن كەلسە چوقۇم ياردەم قىلىمەن...

تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ئىچىمگە تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. سەل ئېسىمگە كېلىپ، ئاچچىق قەھۋە دەملەپ، سۇتسىز، شېكەرسىز ئىچمەكچى بولدۇم. قاپقارا قەھۋەدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ھىدنى پۇراپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ، شىرەگە بېشىمنى قويۇپ خىيالغا كەتتىم، قەھۋەدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇمان كەبى ھور ئىچىدە ھېلىقى ئايالنىڭ زەئىپ روھىنى كۆرگەندەك بولدۇم، پۇل، مال ـ دۇنيا، خۇنۇك ئەخلاق... بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ قەھۋەگە قارىدىم، قەھۋەدە ئۆزۈمنىڭ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدىمۇ يەنىلا يېنىۋاتقان كۆزۈمنى كۆردۈم. قەھۋەدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈچلۈك پۇراق ماڭا ئۆزگىچە بىر راھەت بېغىشلاۋاتاتتى. لەرزان مۇزىكا ئىچىدە ئالدىرىماي بىر ئوتلام ـ بىر ئوتلامدىن ئىچتىم. قېنىق قەھۋە پىغانىمنى سەل يېنىكلەتكەندەك بولدى.

دۇنيادا ئېچىلمايدىغان سىر بولمىغىنىدەك، ئۇ ئايالنىڭ قايسى شىركەتتىن قانچىلىك شېرىنكانە ئېلىپ توختىماي ئاشقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلدىم. ئۇ شىركەت بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ياخشى ئىدى. مەنپەئەت ئالدىدا ئادىمىيلىك قۇدرىتىنى يوقىتىدىغان دەۋرگە كېلىپ قالدۇقمۇ؟

كەچتە بۇ كەيپىياتىمنى ئانامغا بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئانامنى بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايىنىڭ تاماقخانىسىغا ئاپارماقچى بولۇپ، ئانامغا:

— بەك چارچاپتىمەن، ئانا، ئىككىمىز كۆڭۈللۈك بىر تاماق

يەپ كېلەيلىچۇ، ــ دەپ قايىل قىلدىم.

تولىمۇ ئازادە بۇ تاماقخانىدا ئارتۇق گەپ قىلماي ئولتۇردۇم. ئانام ئاجايىپ سەزگۈر ئايال ئىدى. دەسلەپتە تاماق باھالىرىنىڭ قىممەتلىكىنى سۆزلەپ:

ــ بولدى، ئاز بۇيرۇتۇڭ، بۇ يەردىن تېز تاماقخانىلار ياخشى ھەم ئەرزان ئىدى، ــ دېدى ۋە يەنە، ــ مۇھىتىنى دەپ كېلىسىلەرغۇ ـ ھە بۇ يەرگە؟ ــ دەپ ئۆزى خۇلاسە قىلدى.

تاماق يېگۈچە ماڭا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ سۆز باشلىدى:

ــ بۈگۈن بۇ يەرگە بىر خاپىلىقتا نېمە قىلارىڭىزنى بىلمەي كەلگەندەك تۇرىسىز، نېمە بولدىڭىز، بالام، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمۇ؟

ــ ياق، ھېچنېمە بولمىدى، سىزنى بۇنداق يەرلەرگە ئارىلاپ ئەكېلىمەنغۇ؟ چارچاپتىمەن، شۇڭا روھسىز كۆرۈنگەندىمەن.

ــ ئاندىن يېقىن كىم بار؟ كۆزىڭىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ. نېمە ئىش بولسا ئېچىڭىزگە ئالماڭ، ئاغرىپ قالىسىز. ۋاي، بۇ دۇنيانىڭ پايانى ئۇزۇن، سىز تېخى ھېچنېمىنى كۆرمىدىڭىز، تۇرمۇشنىڭ نى بوران ـ چاپقۇنى ئالدىدا بۇنچىلىك ئىشلار نېمە ئىدى، بالام، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ.

ئانامنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ دېگەن بۇ سۆزلىرىگە چىدىمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۆزۈمنى تۇتالماي شۇنداق قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. ئانام بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن مېنى باغرىغا باستى، يىغام تېخىمۇ ئەۋجگە چىقتى. ئانام:

ــ بولدى يىغلىماڭ، نېمە بولدى، دەۋېتىڭ، يېنىكلەپ قالىسىز، ئېچىڭىزگە سالماڭ، بولدى، جىق يىغلىدىڭىز، مەڭ، بۇ چاينى ئىچىۋېتىڭ، ــ دەپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى.

مەن بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ ئانامنىڭ چىرايىغا قارىمىغانىكەنمەن، ئۇنى گېپىمنى جىمجىت ئاڭلاۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، سۆزۈمنى

تۇگـىتىـپ قـارىسام ئـانـام مەندىـنـمۇ بەك ئـېـسەدەپ يـىغـلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېقىپ كەتكەندەك بولدى.

— سەن نېمىشقا يىغلايسەن، ئـانا؟ ئاران تۇرىـسەن، ئاغرىـپ قالساڭ قانداق قىلىمەن؟ يىغلىمىغىنـا، جېنىـم ئانا ! — ئەمـدى ئانامنى مەن بەزلەشكە ئۆتتۇم.

— چەككەن جاپالىرىڭىزغا، كېچە ـ كېچە ئۇخلىـماي يازغـان نەرسىلـىرىڭىـزگە، ئەمگـەكلىرىـڭىزگە يـىغلاۋاتـىمەن، قىـزىـم. دۇنيادا بۇنداقمۇ نامەردلىك، يۈزسىزلىك بولامدۇ؟ ھېچ بـولمىسـا بىر چـۈشـەندۈرۈشـمۇ بـەرمەي كـەتـكـىنـىـنـى قارا، ھـەرگـىـز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بـالام. بۇ دۇنيا بـىر ئادىل تـارازا، ئاللا ھامـان ئادىل جـاۋاب بـېرىدۇ، يـىغلـىمـاڭ. سىز بـەك ئـاق كۆڭۈل، ھەممە ئادەمگە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ قانـات قېقىـپ تۇرىسىز، ھامان ئەجرىنى كۆرىسىز...

شۇ كېچىسى ئانام ئىككىمىـز زادى ئۇخلـىيالـمىدۇق، مەنمۇ ئانامنىڭ ئۇخلـىمىغـىنىنـى بىلىـپ ياتىمـەن، ئانامـمۇ مېنـىـڭ تىنىقلىرىمدىن ئۇخلىمىغىنىمنى بىلىپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا ئانام تۇيۇقسىز قوپۇپ كۆزۈمنى سىلاپ، بۇغۇنۇپ يىغلاۋاتقىـنىمنـى بىلىپ، مېنى باغرىغا بېسىپ تەسەللى بەردى:

— بۇنداق يىغلىسىڭىز يۈرىكىمنى يەپ بولىسىز، بـالام. بـوپـتۇ، زىيىـنـىڭىـزنى مەن تـولـدۇرۇپ بېـرىـمەن. قىـلغـان ئەمگەكلىرىڭىز شۇنچىلىك ئىشنى قىلالايدىكەنمەن دەپ ئۆزىڭىزنى سىنىغىنىڭىز، ئىقتىدارىڭىزغا بەرگەن باھايىڭىز بولۇپ قالسۇن. شۇ يولغا ئۆزۈمگە ئىشەنچ، تەجرىبە ـ ساۋاق سېتىۋالدىم دەپ بىلىڭ، — دېدى.

ئانام دوستلىرىمغا ناھايىتى توغرا باھا بېرەلەيتتى. دوستلۇق ھەققىدە ئۆزىگە خاس تەبىرىمۇ بار ئىدى. دوستلۇقنى قەدىرلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئانام ماڭا مۇنداق بىر چۆچەكنى سۆزلەپ:

بىر ئادەم تاغ يولىدا بىر شىر كۈچۈكىنى تېپىۋېلىپ، ئۆيىگە

ئېلىپ كېتىپ بېقىۋاپتۇ، ئۇ شىرغا ئىنتايىن كۆيۈنۈپ خۇددى بالىسىنى باققاندەك مۇھەببەت بىلەن بېقىپتۇ، شىرمۇ بۇ ئادەمگە شۇنداق كۆنۈپتۇ، ئىككىسى تەڭ يېتىپ، تەڭ ئويناپ بەچچە يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ. شىر ئىگىسىگە ئەركىلەپ قوللىرىنى يالاپ، ئېسىلىپ ئويناشقا ئامراق ئىكەن. شىر چوڭ بولۇپ ۋەھشىي ئەركەك شىرغا ئايلىنىپتۇ، لېكىن بىر - بىرىگە يەنە شۇنداق ئامراق بولۇپ ياشاۋېرىپتۇ، ئىگىسىمۇ كىچىكىدىن ئۆز قولىدا چوڭ بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھېچقانداق ۋەھشىي ھايۋان دەپ قارىمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادەم شىر بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ، يول بويى شىر ناھايىتى رايىشلىق بىلەن ئىگىسىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ، بارغانلا يېرىدە ھەممە ئادەم ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپتۇ:

— شىر سىزنى يەۋەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن قورقامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ كۆرگەنلا ئادەم.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ ئادەم.

كىشىلەر شىردىن سوراپتۇ:

— سەن نېمىشقا ئۇنى يېمەيسەن؟

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ — دەپتۇ شىرمۇ.

بىر كۈنى ئۇلار قۇملۇقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ، بۇ يەردە بورانغا ئۇچراپ ھەممە ئوزۇق - تۈلۈكىنى، سۇ قاپىقىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم قايغۇرغان ھالدا شىرغا تەسەللى بېرىپ:

— تاقەت قىل، دوستۇم، قۇملۇقتىن ئۆتۈۋالساقلا ساڭا تويغۇدەك نەرسە بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە شىرنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ پىيادە مېڭىپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن شىر ئۇ ئادەمنىڭ ئەتراپىدا توختىماي پىرقىراشقا باشلاپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، شىر ئىگىسىنىڭ پۇت - قوللىرىنى يالاشقا باشلاپتۇ، ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، شىر ئۇنى ئاستا چىشلەپ قويىدىغان بوپتۇ، تۆت كۈن

ئۆتۈپتۇ، شىر ئۇنىڭغا چىشلىرىنى ھىڭگايتىشقا باشلاپتۇ، بەشىنچى كۈنى ئېچىرقىغان شىر قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئىگىسى ئۆزىنى سىلاۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇ ئادەمنى يەۋېتىپتۇ. ئىگىسى تاكى ئۆلگۈچە شىرنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن يېگەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇ. ھاياتتىمۇ بەزى دوستلۇقلار مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئامەت كەلگەن چاغدا بۇ دوستلۇق ناھايىتى يېقىندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ھايات ـ ماماتلىق پەيتكە كەلگەندە، باشتىن ئامەت قۇشى ئۇچۇپ كەتكەندە، ئېشىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى ئۈچۈن، ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشۇ شىردەك ئاشكارىلاپ قويىدۇ، بالام، شۇڭا ھەممە ئىشقا مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ ئارىلىشىڭ، ـــ دېگەنىدى ئانام.

بۈگۈنكى كۈندە يىغلاپ، ھالسىراپ يۈرگىنىمدە ئانامنىڭ ئاشۇ چاغدا باش ـ كۆزۈمنى سىلاپ، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، باغرىغا بېسىپ بەرگەن تەسەللىلىرىنى ئەسلەپ مىڭ پارە، تۈمەن مىڭ پارە بولۇپ كەتمەكتىمەن... ئاھ، ئەمدىكى كېچىلەر ئويچان ۋە جىمجىت...

www.uyghurkitap.com

# سېنىڭ يۈرىكىڭگە كىرەي مەن

يوللاردىن سورايمەن پايانىڭ قايان؟
سورايمەن ئاسماندىن پەسلەيسەن قاچان؟
سورايمەن دانىشتىن ھايات ھەققىدە،
ھەسرەتلىك بىر كەچمىش ئەيلىنەر بايان.

تېگى يوق خىياللار مېنى يەنە ئانامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئانا، جېنىم ئانا، قەبرەڭگە يەنە كەلدىم، سۆزلىرىڭگە تەشنامەن، مېھرىڭگە زارمەن، ئانا. بۇ دۇنيادا ھېچكىم مېنى سەن كەبى سۆيمەيدىكەن. پەقەت سېنىڭلا مۇھەببىتىڭ ساپ ئىكەن، ئانا. ئاھ، بۇ ھەقىقەتنى نېمىشقا بۇنچە كېچىكىپ چۈشەنگەندىمەن، ئىنسان پەقەت مۇشۇنداق پۇشايمان قىلىپ ياشاشقىلا يارالغاندىمۇ؟

... جىمجىت، سوغۇق قەبرە ئۈمىدسىز ھالەتتە شۈمشىيىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ سۆزۈم داۋام قىلاتتى. بۇ سۆزلىرىمنى ئانام چوقۇم ئاڭلايدۇ، چۈنكى يۈرىكىم ئانامنىڭ يۈرىكى يېنىغا كۆمۈلگەن...

— ئانا، چوڭ بولۇشنىڭ ئۆزى ئازاب ئىكەنغۇ؟ مېنى قاچان چوڭ بولارسىز، دەپ ئارمان قىلغان بولغىيدىڭ، نېمە ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈنلىرىمنى تەبرىكلەپ يۈرگەن بولغىيدىڭ، بۇ چوڭ بولۇش مېنى سەندىن، سېنى مەندىن، تالاي ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرگەنلەردىن ئايرىۋېتىدىكەنغۇ؟ مەن نېمىشقا ئاشۇ غەمسىز بالىلىقىمدا، ئىللىق باغرىڭدا مەڭگۈ شۇ سېزىمدىلا

قالمىغاندىمەن؟

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن رەھمەتلىك دادام جەمەتىمىزنىڭ قەبرىستانلىقىدىن ئىككى شام گۆر تەييارلاپ ھەممىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن تۇغقانلىرى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى تونۇشتۇرغاندا بۇ ئىش بىزگە ئارتۇقچىدەك بىلىنگەنىدى. بۇ ھېسسىياتىمىزنى سەزگەن دادام خاپا بولۇپ:

— بۇ دۇنيانىڭ داچىسىدىن كۆرە مۇشۇ ئىككى مېتىر يەرنىڭ غېمىنى قىلىش مۇھىم. تىرىكلىكتە ئۇستى يېپىق بىر يەرنى تېپىپ تۇرالايمىز، ئۆلۈپ كەتكەندە بىر يەرنى تېپىپ كولاپ قوزىنى پوزا قىلغۇچە تۆت تەرەپكە قاراپ قالىدىغان گەپ. ئۇ دۇنياغا قاچان كېتىشىمىزنى بىلمەيمىز، كېتىپلا قالدۇق، ئۆلۈم بىزنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ. قانچە تېز يەرلىككە قويسا شۇنچە ساۋابى بولىدۇ، مېيىت شۇنچە تېز تەييار بولىدۇ، تۆت چېلەك سۇ بىلەن ئون مېتىر رەخت بولسىلا بولدى... سىلەرنى تەمتىرەپ قالمىسۇن دەيمەن، بالىلىرىم ... — دېگىنىچە يىغلاپ كەتكەنىدى.

— كەچكىچە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ ئۆلۈمنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەنسەنغۇ، دادا؟ — دەپ خاپا بولساق:

— ھەي، بېشىڭلارغا كەلگەندە بىلىسىلەر، — دېگەنىدى دادام.

مانا بۈگۈن دادامنىڭ شۇ گېپى ئۆز ئەينى كەلدى. قەشقەرگە: «قۇدامنىڭ ئۆلۈمى، بارمىسام سەت تۇرىدۇ، نەۋرەمنىڭ ھۆرمىتى» دەپ ساپساق بارغان ئانام ئونىنچى كۈنى دادام كولىتىپ قويغان شۇ يەرلىككە كىرىپ ياتتى. ئاچامنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى قوشاق قىلىپ يىغلىشىدىن دادامنىڭ ئەينى يىللاردا دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ يىغلاپ پۈكلىنىپلا قالدىم.

— ۋاي ئانا، توي بولسا نەچچە ئاي تەييارلىق قىلار بولغىيدۇق، بۇ مۇسىبەت كىيىمىنى كىم كىيدۈرگىنىنى بىلمەي قالدىمغۇ، ئانا، ئۇستىبېشىمدىن قارىسام ھازىدار بولۇپ

قاپتىمەنغۇ، ئانا. توي بولسا باغاق بېرىپ چاقىرار بولغىيدۇق، بۇ مېھمانلارنى سىلى ئەكېلىپ بەرلىمۇ، ئانا. تۇغقانلارنى يىغىپ بەرلىمۇ، ئانا ... سىلىنى بىردەمدە سۇغا ئېلىپ، ئاخىرەتلىكلىرىنى كىيدۈرۈپ تەييار قىلىپ بوپتۇغۇ، ئانا. ۋاي، نېمانداق تېز ئەكېتىدۇ سىلىنى، يۈزلىرىنى يەنە بىر كۆرۈۋالاي، سۆيۈپ، پۇراپ ھىدلىرىغا قېنىۋالاي. بۇ خوشلاشقىنىمىزمۇ؟ ئەمدى كۆرەلمەيمىزمۇ سىلىنى؟ ئەتىرنى ياخشى كۆرەتتىلە، خۇش پۇراق چېچىپ كېتەملا، ئانا ...

بۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈمدىن تەمتىرەپ قالغان ئاكىلىرىمغا تۇغقانلار:

— ئايال دېگەن ئەرنىڭ يەرلىكىدە ياتىدۇ، ھاجىخېنىمنى بوۋىمىز ئەمىن بەگ ھاجىمنىڭ قەبرىستانلىقىغا قويايلى، تۇغقانلار بىلەن ياتىدۇ، دۇئا كۆپ ئوقۇلىدۇ، — دەپ دادام كولاتقان يەرلىككە قويۇپتۇ. دادام دېگەندەك ئاكىلىرىم بېشىغا مۇسىبەت كەلگەندە يەرلىك ئىزدەپ ئاۋارە بولماپتۇ.

رەھمەتلىك ئانام دائىم بۇ دۇنيادا ياخشى سۇپەتلەر بىلەن ياشاشنى تەكىتلەيتتى. قوشنىلار بىلەن بەك ئەپ ئۆتەتتى. ئاچقۇچ، يانفونىنى سالىدىغان كىچىك سومكىسىغا دائىم شاكىلات، كەمپۈتلەرنى سېلىۋالاتتى. «ئانا، سەن دىيابىت كېسىلى تۇرساڭ نېمە بۇ تاتلىقلارنى سېلىۋالدىڭ» دېسەم، «باللار ‹ھاجىم ئاپا› دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ، شۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن» دەيتتى.

بىز تۇرۇۋاتقان چوڭ قورۇ تولىمۇ كۆجۈم بولۇپ، ئۇرۇمچىدە مۇنداق قوشنىدارچىلىقى كۆچلۈك، مېھىر - مۇھەببەتلىك قورۇ ئۇنچە كۆپ بولمىسا كېرەك دەيمەن. قورۇدىكىلەر پۇل يىغىش قىلىپ كۆچەت، مېۋىلىك دەرەخ قويۇپ ئىككى يىلدىلا باغچىلاشقان چوڭ قورۇ مۇھىتىنى ياراتتى. ئۇلار يازدا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ، سازەندىلەرمۇ بار، ناخشىچىلاردىن ئىمىنىنىياز ھۈسەيىن، شىرئەلى ئەلتېكىنلەرمۇ بۇ قورۇدا بولغاچ، ياڭراتقۇ،

مىكروفونلار هازىرلىنىپ، ساز ـ نەغمە ئۇزۇلۇپ قالمايدۇ. رامىزان ئېيىدا كۈندە كوللېكتىپ ئىپتار بولىدۇ. خالىغانلار ئايرىم ئىپتار بېرىدۇ، خالىغانلار بىرنەچچەيلەن بىرلىشىپ بېرىدۇ، ئاياللار چاي ئويۇنىشىدۇ. ھاۋانىڭ ئىسسىقى بىلەن چوڭ قورۇدىكى ئايالالار يېشىللىق ئىچىدە ئولتۇرۇشىدۇ. ئانام بۇ قورۇنىڭ چوڭلىرىدىن بولغاچقا، ھەممىسى شۇنداق ھۆرمەت قىلىشاتتى. تاماق بىلەن كۈندە دېگۇدەك يوقلايتتى. ئانام تاماق ئەكىرگەن قاچىلارنى ھەرگىز قۇرۇق قايتۇرمايتتى، مەن سۇنۇپ بېرەتتىم. قوشنىلار ھەتتا ئۇماچ قىلسىمۇ ئانامغا «ئېغىز تېگىپ باقسىلا» دەپ ئەكىرەتتى. بىز بىرىنچى قەۋەتتە ئىدۇق. ئۇستىمىزدىكى قوشنىلار چىقىپ ـ چۈشكۈچە ئانامدىن ئەھۋال سورىشىپ ئۆتەتتى. ئانام ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، كېيىمىنىڭ ياراشقانلىقىنى ئېيتىپ خۇش قىلىپ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويىاتتى ياكى يوگۇرۇپ كىرىپ نېمە بولسا ئاچىقىپ: «ئالغاچ چىقىپ كەتسىلە» دەپ بېرەتتى. ئىشقىلىپ، بۇ قورۇ ئادەمگەرچىلىك، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك قورۇ ئىدى. شۇڭا، ئانامغا: «چوڭراق ئۆيگە كۆچۈپ كېتەيلى» دېسەممۇ ئۇنىماي: «كىچىك بولسىمۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرىمەن، بۇ قورۇنى كۆچۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، قورۇغا، قوشنىلارغا چىدىمايمەن» دەيتتى. قورۇدا نەزىر ـ چىراغلار بولسا، قوشنىلار ئانامنى ئېلىپ مېڭىشاتتى، تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ ھۆرمەت ـ ئىززىتىنى قىلاتتى. شۇڭىمۇ ئانام قەشقەرگە بارسا بۇ قورۇنى سېغىنىپ، قورۇدىكىلەرنى سوراپ، سالام يوللاپ ھالى قالمايتتى. قورۇدىكىلەرمۇ مەندىن كۈندە ئانامنى سوراپ: «ھاجىخېنىم قاچان كېلىدۇ، تۆرىمىزگە يارىشىدىغان چوڭلار بولمىسا غېرىبسىنىپ قالىدىكەنمىز» دېيىشىپ كېتەتتى. ئاناممۇ ھەققەمسايىلەرگە قەشقەردىن مىس چەينەك، ياغلىق دېگەندەك سوۋغىلارنى ئەكېلەتتى. توۋا دەيمەن، ئانام قەشقەرگە مېڭىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى قوشنىلار بىلەن خوشلىشىپ قوياي دەپ، ماڭا مەلىكە

هاجىم ئاچام بىلەن ھەنىپە ئاچامغا تېلېفون ئالدۇرۇپ خوشلاشقانىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار دېيىشمۇالغاندەك بىردىن ياغلىق كۆتۈرۈپ ئانام بىلەن خوشلاشقىلى كىرىپتۇ. مەن كۆڭلۇمدە «ئەجەبمۇ مېنى ئۇزىتىڭ» دېگەندەك تەسىر بوپتۇ، دەپ خىجىل بولۇپ:

— ئانام نەچچە كۈنلۈك سەپەرگىمۇ سىلەر بىلەن خوشلىشىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. بەك چوڭ بىلىدۇ قوشنىلارنى، سىلەرنى ئاۋارە قىلىپتۇق، — دەپ كۆڭۈل سوراپ كەتتىم. ماشىنا كۈتۈپ تۇرغاچقا ئۇلارمۇ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. قاراپ تۇرسام ئانام ئۇلار بىلەن قايتا - قايتا قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ئىشىك تۈۋىدىمۇ يەنە قۇچاقلاشتى. مەن چاقچاق قىلىپ:

— ھەرەمگە بارىدىغاندەك نىمانداق خوشلىشىپ كېتىسەن، — دېدىم.

— بىر كۈنلۈك سەپەرمۇ سەپەر، ئاللا ئىسسىق يۈزدە كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلار، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى ئانام. ھازىر ئويلىسام ئانامنىڭ كۆڭلى تۇيغانمۇ، بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ئۇلار بىلەن قىيالماسلىق ئىچىدە خوشلاشقانىدى. بۇنىڭ مەڭگۈلۈك خوشلىشىش ئىكەنلىكىنى كۆڭلى تۇيغان بولغىيدىمىكىن ...

ئادىتىم بويىچە ئانامنىڭ ئاياغلىرىنى تاللاپ بېرىۋېتىپ، بىر نەچچە ئايىغىنى ئالدىم ۋە:

— بۇ پەس پاشنىلىق ئاياغنى كىيەمسەنكىن، ئالغان كىيىملىرىڭنىڭ ھەممىسىگە، سومكاڭغىمۇ ماسلىشىدۇ، — دېدىم.

— ياق، مۇشۇ پەس پاشنىلىق ئاياغ بىلەن زادى خۇشۇم يوق، مومايدەك كۆرۈنۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدىكەن. ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىمنى ئېلىڭ، كۆل رەڭ ئايىغىمنىمۇ قوشۇپ قويۇڭ، كۆل رەڭ پەلتويۇمنىمۇ ئالدىمغۇ، — دېدى.

— كۆڭلۈڭ ياش جۇمۇ، ئانا، ئۆيىنىڭ ئىچىدىمۇ ياسىنىپ،

ئەتىر چېچىپ ئولتۇرۇشىڭنى بىر ئۆگەنسەم بولاتتى، — دېدىم كۇلۇپ.

— مېنى ھېچقايسىڭلار دورىيالمىدىڭلار، ئاچچىغىمۇ شۇ. ئۆزۈڭلارنى سۆيمەيسىلەر، قەدىرلىمەيسىلەر، ئاسرىمايسىلەر. بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كېلەمدۇ كىشى؟ — دېگىنىچە ئايىغىنى كىيىپ، ئەينەككە قارىۋېتىپ ئۆيدىن چىققاندى رەھمەتلىك ئانام.

ئايرودۇرۇمغا چىقسام شۇ ئۇلۇمگە ماڭغان قۇدىمىزنىڭ دوستلىرىدىن مۇكەررەم ئاچام بىلەن خۇرشىدە ئاچامىمۇ شۇ ئايروپىلاندا ئىكەن، ئانامنى ئۇلارغا قوشۇپ خاتىرجەم بولدۇم. ئانام مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ كىرىپ كېتىۋېتىپ يەنە كەينىگە ئۆرۈلدى ۋە مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ مەڭزىمگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ:

— تامىقىڭىزنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يەڭ، مۇشۇ قورسىقىڭىز بىلەن كارىڭىز بولماسلىقىڭىزدىنلا ئەنسىرەيمەن. ئەتىگەندە ناشتىسىز سىرتقا چىقماڭ، قەشقەرگە تېزرەك بېرىڭ، سىز بىلەن قايتىپ كېلىمەن، تېزرەك بېرىڭ، سېغىنىپ كېتىدىكەنمەن، — دېدى.

ئاھ، ۋىدالىشىش، مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش! ئاشۇ دەمدە تۇيغۇلىرىم ئازراق بېشارەت بەرگەن بولسا ئىدى، ئانامنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىۋالغان، قويۇپ بەرمىگەن ۋە بەلكىم ئانام بىلەن كەتكەن بولار ئىدىم ...

بۇ تۇيۇقسىز ئۆلۇمدىن تېڭىرقىغان ھەم تولىمۇ ھەسرەت چەككەن ئانامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەپەردىشى مۇكەررەم ئاچام سەپەر جەريانىنى سۆزلەپ بەردى:

— ئايرودۇرۇمنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئورنىدا ھاجىم ئانىمىزنى تەكشۈرۈپ ياغلىقىنى ئالدۇرغاندا چاچلىرىنى كۆرسىتىشنى ئەترابىتىكى ئەرلەردىن بىئەپ ھېس قىلىپ: «بىزدەك قېرىلارنى بۇنچىلىك تەكشۈرۈپ كەتمىسىمۇ بولاتتى،

بوپتۇ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتى، ماسلىشىپ بېرەي» دەپ چاققانلىق بىلەن شارپىسىنى ئېلىپلا يەنە چاققانلىق بىلەن ئورىۋالدى. كۈتۈش ئورنىدا: «تازىلىق ئۆيىگە بېرىپ كېلەي» دېۋىدى، «مەن بىللە باراي» دېسەم، «بولدى، سىلىنى ئاۋارە قىلماي، كەلگۈچە تازىلىق ئۆيىنىڭ بەلگىسىنى كۆرۈۋالدىم» دېدى، شۇنداقتىمۇ بىللە باردىم. كىرىپلا: «شارپامنى قايتا ئورىۋالاي، باياتىن ئالدىراپ ياخشى ئارتالمىدىم» دەپ ئەينەككە قاراپ، ياش قىزلاردەك سۆلكەت بىلەن ئوراپ كەتكەندى، ئىختىيارسىز ئانام بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھەۋەس قىلىپ قاراپ كېتىپتىمەن. ھاجىم ئانىمىزنىڭ كىيىملىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېسىۋالغان قول سومكىسىغا، ياشلاردەك ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىغا، شارپا ئوراشلىرىغا قاراپ «بىزمۇ مۇشۇ ياشتا مۇشۇنچىلىك جانلىق، تېتىك، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان موماي بولالارمىزمۇ؟» دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. قايتىپ چىقىۋېتىپ ئايروپىلاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن سۈرەتخانىغا قاراپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالماقچى بولغانلىقىنى دېدى ۋە سۈرەتكە چۈشتى. مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا ئۆزۈمنى پەقەت تۇتۇۋالالمىدىم. ئاھ، جېنىم ئانا، بىزگە شۇ سۈرەتنى ئەڭ ئاخىرقى خاتىرە سۈرەت بولۇپ قالسۇن دېگەن بولغىيمىدىڭ، ھەسرەتلىك، دەردلىك ئەسلىمە بولۇپ قالسۇن دېگەن بولغىيمىدىڭ ...

ئانام قورۇغا چىقسا چىرايلىق رەختتە تىكىلگەن كىچىك كۆرپىسىنى ئېلىپ چىقاتتى، كېيىن نەۋرە كېلىنى مېھراي كورېيەنىڭ تولىمۇ ئەپلىك كۆرپىسىدىن ئېلىپ بەرگەنىدى. ھەتتا ئاچقۇچ سالىدىغان كىچىككىنە سومكىلارنىڭمۇ چىرايلىق، نەپىسلىرىنى تاللاپ سېتىۋالاتتى. ئۆيدە يەردە ــ گىلەم ئۈستىدىمۇ كۆرپىسىز ئولتۇرمايتتى.

ئانام بۇنى ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىك دەپ بىلەتتى.

بىزنىڭ يەتتىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان قوشنىمىز بىر

مۇشۇك باقتى. كېيىن بۇ مۇشۇك كۆپىيىپ، بەش ـ ئالتە بولۇپ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىكى پارنىڭ ئەتراپىدا ياشىدى. قىش كۈنلىرى پارنىڭ ئۈستىدە توگۇلۇپ يېتىشىپ كېتەتتى. زال ئىشىكى بۇزۇلۇپ قالغاچقا تارتىپ ياپمىسا ياخشى يېپىلمايتتى. ئانام كەچكىچە شۇ مۇشۇكلەردىن ئەنسىرەپ پات ـ پاتلا چىقىپ ئىشىكنى ياپاتتى، مۇشۇكلەرگە گۆش پارچىسى، نان چايناپ ئاچىقىپ بېرەتتى. بىر كۈنى ماڭا بىر ناتونۇش نومۇردىن تېلېفون كەلدى. ئالسام ئانامنىڭ ئاۋازى:

ــ بالام، مۇشۇككە نان چايناپ بېرەي دەپ چىقىشىمغا شامالدا ئىشىك تاقىلىپ قالدى ...

ئانامغا سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن دەپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيگە كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردىم. ئانام قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ماڭا تېلېفون قىلغانىكەن. قىزىقى، كېيىن بۇ ئىش يەنە بەش ـ ئالتە قېتىم تەكرارلاندى، مەن كېلەلمەي قالسام ئاكامغا، ئىنىمغا تېلېفون قىلاتتىم. كېيىن يەنە ئۆلارمۇ: «ئانام» دېيىشىمغىلا «مۇشۇككە نان چايناپ بەرگىلى چىقىپتىكەنمۇ» دەپ كۈلىدىغان بولۇشتى. بىز كۈلۈشەتتۇق. ئىنىم بىر كۈنى:

ــ ھاجىخېنىم، مۇشۇك بېقىش ۋەزىپىلىرى بولمىغاندىكىن، ئۆزلىرىنى بىر باقسىلا، يا ئاچقۇچنى بوينىلىرىغا ئېسىپ قويىلى بولمىسا. مۇشۇننىڭ بىلەن يالغۇز مەنلا تۆت قېتىم كەلدىم، ــ دېدى. ئانام قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

ــ ئۆيدىن چىققۇچە شۇنداق دىققەت قىلىمەن، ھەي، ئىشىك تاقىلىپ قالمىسۇن دەپ تۇرىمەن. يا بىر مۇشۇك ئۆيگە كىرىمەن دەپ ئۆي تەرەپكە يۈگۈرىدۇ، شۇنى تۇسۇيمەن دەپلا تاقىلىپ قالىدۇ. ئاچچىڭىزغا تېلېفون قىلىپ، بالام، دېيىشىمگە، ئىشىك تاقىلىپ قالدىمۇ يەنە دەپ بىلىپ بولىدۇ. بىچارىلەرنىڭ يا تىلى يوق قورسىقىم ئاچتى، ئۇسسىدىم دەيدىغان. بۇمۇ ئاللانىڭ بىر جانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئىچىم ئاغرىيدىكەن، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ

مىياڭلاپ كەتسە زادى چىدىمايدىكەنمەن، — دېدى.

مانا ئانامنى كۆرسە مىياڭلاپ سۈركىلىپ كېتىدىغان ئاشۇ مۈشۈكلەر قورسىقى ئاچقاندا ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىپ ئانامنى كۈتۈپ مىياڭلاپ كېتىدۇ، يۈگۈرۈپ چىقىپ: «ئانامنىڭ يوقلۇقىنى سىلەرگىمۇ بىلىنىۋاتامدۇ؟ بىر كۈن يوقاپ كەتسەڭلار سىلەرنى ئىزدەپ كېتەتتى. ئانامنىڭ ئورنىدا مەن تاماق بېرەي» دەپ يىغلاپ كېتىمەن. ئانامنىڭ ئورنىدا نان چايناپ بېرىمەن، ئانام ناننى چاي بىلەن چايناپ بېرەتتى. لېكىن، مەن بۇ كۈنلەردە كۆز ياشلىرىم بىلەن قوشۇپ چايناپ بېرىۋاتىمەن...

بۇ دۇنيادا، بۇ كۈنلەردە خىيالىمدا پەقەت ئاناملا بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ خۇشاللىقىم ھەم بەختىم، ئۈمىدىم ھەم ئىشەنچىم، تەسەللى ھەم تەسكىنىم ئىدى. دائىم كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىدىغان قول ياغلىقى تەييار ئىدى. ئانام ھايات چېغىدا مەن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدىم، مانا ئەمدى ئانام مېنىڭ كۆز ياشلىرىمغا سىڭىپ كەتتى ...

ھايات ئىنساننى تاۋلايدىغان، چېنىقتۇرىدىغان بىر ئوچاق ئىكەن. كىشى بەزىدە ئاجايىپ خۇشاللىق قۇچىقىدا ئەللەيلەنسە، بەزىدە دەھشەتلىك ئازاب ئوچاقلىرىدا كۆيىدىكەن، بۇ سۆزلەرنىمۇ ئانام كىتابلاردىن مېنىڭ خاتىرەمگە قالدۇرغان سۆزلەر ئىدى. بەلكىم بۇگۈنكىدەك ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغان كۈنلەردە ئوقۇسۇن دېدىمىكىن، خاتىرەمگە يەنە مۇشۇنداق ئۆزۈندىلەرنى، مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شېئىرلارنى كۆچۈرۈپ قويغانىكەن. كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ ھېلىرىخ ھېيىنىڭ ئانام كۆچۈرۈپ قويغان مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ كۆڭلۈم سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى:

سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ،
ئالبومۇمدا ساقلاقلىق تېخى.

نەچچە ئون يىل ئۆتكەن بىلەنمۇ
خەت يەنىلا بۇرۇنقى پېتى.

ئۇنتۇ دەپسەن ئاشۇ خېتىڭدە،
مەنمۇ ئەمدى ئۇنۇتاي دەپسەن.
هاياتىمنى يېڭىدىن باشلاپ،
يېڭىياچە يول تۇتاي دەپسەن.

خەتتە شۇنداق دېگەن بىلەنمۇ،
ئۇنتۇپ كېتىش ئەمەسكەن ئاسان.
سۆزسىز قويغان چېكىتلىرىڭدىن،
سۆيگۇ تىلەپ تۇرمامدۇ ھىجران.

سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ،
بولۇپ قالدى مەن ئۇچۇن بىر سىر.
كۆمۈۋالدى ئۇنى بىلمىدىم،
پىنھاندىكى قايسى ئېتىز - قىر.

سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ،
يىتكەن شۇ چاغ قولۇمغا تەگمەي،
ئاغرىنىپمەن سەندىن، سەن مەندىن،
ئۆتۇپ كەتتۇق سۆيمەي، سۆيۈلمەي.

سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ،
ئۇچۇپ كەتتى بەلكى نەلەرگە،
تەقدىرىمنى ئۆزىگە قوشۇپ،
كۆمۈۋەتتى پىنھان يەرلەرگە ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ھەسرەتلىنىپ يىغلاي دېسەم ئانام يوق

ھەسرەتلىنىپ يىغلاي دېسەم ئانام يوق،
بوۋاق كەبى ئۇخلاي دېسەم ئانام يوق.
تائام يېسەم، يېگەن تاتلىق لوقمىدىن،
چىنىسىگە ئىلغاي دېسەم ئانام يوق.

دۇنيا، ھايات نەقەدەر گۈزەل ئىدى ـ ھە؟ مەن دائىم ئانامغا:
— ئانا، قارىغىنا كۈننىڭ يورۇقىنى كۆرۈش قانداق بەخت، دىققەت قىلساق دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن بەختنى ھېس قىلالايدىكەنمىز، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىمۇ بىزگە راھەت ھەم ئۈمىد بېغىشلايدىكەن، زىمىستان قىشنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان باھارمۇ ماھىيەتتە ھاياتلىقتا چاپادىن كېيىن كېلىدىغان راھەتنىڭ سىمۋولى ئىكەن. بوران ـ چاپقۇندىن كېيىنكى ھاۋانىڭ ئوچۇقلىقىمۇ ھەم شۇنداق، — دەپ ھاياتقا بولغان رازىمەنلىكىمنى ئىپادىلەپ قوياتتىم. لېكىن، بوگۈنگە كەلگەندە بۇ ئازابلىق ئايرىلىشقا كۆنۈش، ئانىسىز تۇرمۇشقا ئۆگىنىش ماڭا ئاسان چۈشمەيۋاتاتتى. بۇنىڭ ھاياتنىڭ بىر ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى، بىر ئاچچىق رېئاللىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، لېكىن دائىم دەيدىغان «تەقدىرگە تەن بېرىش، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش»قا زادى ئەمەل قىلالمايۋاتاتتىم. رەھمەتلىك ئانام دائىم:

— باشقا بالىلىرىمدىن ئانچە ئەنسىرەپمۇ كەتمەيمەن، سىزدىنلا ئەنسىرەيمەن، غېمىم سىزدىلا. مۇشۇ ئۆيدە بىرەر ئىش

بولۇپ قالسا سىز قورقۇپ كېتىسىز، يالغۇزلۇق تارتىسىز، — دېسە، بۇ سۆزلەرنىڭ داۋامىنى زادى قىلدۇرمايتتىم. خىيالىمدا: «بۇ دۇنيادا بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم، غېمىمنى قىلىدىغان، ماڭا مۇھەببەت ھەم كۆيۈنۈش ئاتا قىلىدىغان مۇشۇ بىر ئاناملا بار. تەڭرىم دادامنى ئېلىپ كەتتى، ئەمدى ئانامنى بۇنچە بالدۇر ئېلىپ كەتمەيدۇ، ماڭا بۇنچە رەھىمسىزلىك قىلمايدۇ» دەپ خىيال قىلاتتىم، لېكىن ئىش ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە روي بەردى.

ئىچ ئاغرىقىدا پۈكلىنىپ قالغانلىقىمنى، ئۆزۈمنى يوقىتىپ، مۇكچىيىپ قالغان ھالىمنى كۆرگەن بىر ئۆلىما مۇنداق دېدى:

— بىر ئانا يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. سەپەردىن كەلگەن ئېرىگە بۇ ئىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ: «بىر ئادەم دوستىدىن پۇل قەرز ئاپتۇ، كېيىن قەرز ئىگىسى دېگەن قەرەلىدە پۇلنى ئالغىلى كەلسە، قەرز ئالغۇچى بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. سىلىچە، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى توغرىمۇ؟» دەپتۇ. ئېرى: «ئامانەتنى چوقۇم قايتۇرۇش كېرەك، ئۇ توغرا قىلماپتۇ، چوقۇم قايتۇرۇش كېرەك» دەپتۇ. ئايال: «ئاللا بىزگە بىر ئوغۇلنى ئامانەت بەرگەن، ئەكېتىدىغان ۋاقتى توشۇپ ئېلىپ كەتتى، بۇنىڭغا بىزنىڭ سەۋر قىلماقتىن باشقا چارىمىز يوقتۇر...» دەپتۇ. ئىگىسى بىزگە بەرگەن بۇ جان بىر ئامانەت، ئۇنى ھامان قايتۇرىمىز، ياراتقۇچى ھامان بىر كۈنى ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنداق يىغلاپ، ھەسرەت چەكسىڭىز ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن قارشىلاشقانلىق بولىدۇ. ئەمدى تېخىمۇ ياخشى ياشاپ، ياخشى ئىش - ئەمەللەرنى قىلسىڭىز، ئۇ دۇنياغا كەتكەنلەرنىڭ روھى خۇش بولىدۇ ...

ئۆيدىن زادى تالاغا چىققۇم كەلمەيتتى. كەچكىچە ئانامنىڭ ئۇخلاش كىيىمىنى پۇراپ ياتاتتىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ ئانامنى بىلگىنىمدىن باشلاپ ئېسىمدە قالغان ئىشلارنى، سۆزلەرنى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزەتتىم.

بىرەرسىنىڭ ماڭا گەپ قىلىپ بۇ خىيالىمنى بۇزۇۋېتىشىنى خالىمايتتىم. ئۆتمۈشتە بولغان بەزى كۆڭۈللۈك ئىشلارنى خۇددى كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ يېتىپ ئەسلەيتتىم، كەينىدىن بۇنىڭ بىر خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىپ قوللىرىمنى چىشلەپ يىغلايتتىم، ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەيتتىم. يۈرىكىم ئىچىمگە پاتمىغاندەك ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ مۇزدەك يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ، بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىشنى ئارزۇ قىلاتتىم ...

شۇنداق كۈنلەردە كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولغان، ياپونىيەدە ئوقۇپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم گۈلشەن ئاپىسىنى ئېلىپ پەتىگە كەلدى. ئۇ ھالىمنى كۆرۈپ نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى ئۇقماي ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئارقىدىن ماڭا سەۋر تىلىدى، كۆڭلۈمنى ياساپ ياپونىيەگە چىقىپ دەم ئېلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئانام دوستلىرىم، تونۇش - بىلىشلىرىم، ئەڭ پىنھان تۇيغۇلىرىمدىن باشقا ھەممە - ھەممىنى تولۇقى بىلەن بىلەتتى. مەن دېمىگەن نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىمنىمۇ سېزىپ قېلىپ تەسەللى بېرەتتى. كىملەر بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىم، مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلەتتى، سۆزلەپ بەرگەنلىرىمدىن، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، كۆزقاراشلىرىنى دەپ، ھەتتا كېيىن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ مەن سۆزلەپ بەرگەن، ئەمما كېيىن ئۆزۈم ئۇنتۇپ قالغان ھەممە ئىشلىرىنى تولۇق ئەستە تۇتاتتى. رادىيو - تېلېۋىزورلاردا خەۋەر ئاڭلاش - كۆرۈشنى ئادەت قىلغان ئانام ياپونىيەدىكى دېڭىز تاشقىنى ۋە يادرو ئېقىپ كېتىش ۋەقەسىنى بىلىپ، مۇشۇ دوستۇم گۈلشەندىن ئەنسىرىگەن، تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سورىشىنى قايتا - قايتا تاپىلىغانىدى. ياپونىيە ھەققىدە سۆز باشلانسىلا

گۇلشەننىڭ گېپىنى قىلاتتى، بىر كۈنى ئانام:

— بۇ ئاپەت تەبىئەتنىڭ ئىنسانلاردىن ئۆچ ئېلىشى، بۇ خەق بىز تەرەققىي قىلدۇق دەپ تەبىئىيلىكنى، تەبىئەتنى جىق بۇزدى. ۋاي تېخى ماشىنا ئادەم ياسىدۇق، ھېسسىياتلىق ئادەم ياسىدۇق، كۆلەيدۇ، يىغلىيالايدۇ دەپ يۇرگىنىچۇ تېخى. ھە، شۇنچە ئىشنى قىلالايدىغان ياپونلار ئەجەب يەر تەۋرەشنى بىلەلمەپتۇيا، بۇمۇ ئاللانىڭ ئۆز قۇدرىتىنى بىر بىلدۇرۇپ قويغىنى. گۇلشەنلەرنىڭ ئۆيلىرى تىنچلىقتۇ، بالام؟ — دېدى.

— ھەئە ئۇلار توكيودا تۇرىدۇ، تىنچلىق ئىكەن، — دېدىم.

ئانام دەرھاللا:

— يېتىپ كېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرسىمۇ بوپتىكەن. يەنىلا بىزنىڭ يېرىمىز تىنچ جۇمۇ، يېرىم كېچىدە چىقسىمۇ يەيدىغان نەرسە تاپقىلى بولىدۇ، نېمىدېگەن بەرىكەت بۇ شەھەردىكى. يادرو ئېقىپ كەتتى، دەپ ھەممىسى ماسكا تاقاپ يۇرىشىدۇ، نېمىدېگەن كۆڭۈلسىز تۇرمۇش ئۇ، — دېدى.

— ئۇنى بىلمىدىم. مېنىڭچە گۇلشەن قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇن يىلدىن ئېشىپ كەتتى، ياپونىيەگە كۆنۈپ كەتتى.

— كۆنۈشمۇ بىر گەپ، بالام. بۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ياخشى ۋاقىتىدا چىقىپ ئوقۇپ، ياشاپ، ئەمدى بېشىغا كۈن كەلسە تاشلاپ كېتەمدۇق دېگەندۇ؟ ئوقۇغان ئادەملەر بۇنچىلىك ئىشنى ئويلايدۇ، توغرا بولمايدۇ دېگەندۇ، گۇلشەننىڭ سىز دەپ بەرگەن خاراكتېرىدىن شۇنداق ئويلايدىغان قىزلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

شۇ چاغدا ئانامنىڭ مېنىڭمۇ ئېسىمگە كەلمىگەن بۇ قاراشلىرىغا ھەيران قالغانىدىم، ئانامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى گۇلشەنگە يىغلاپ ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بەردىم. گۇلشەن:

— توۋا، ئاداش، ئاناڭ نېمانداق ئەقىللىك. شۇ چاغدا بىز راست شۇ پىلانلارنى قىلغان، ھەتتا باشقا دۆلەتلەرنىمۇ ئويلاشقان. كېيىن ئاناڭدەكلا ئويلاپ، بۇ پىلانىمىزدىن ۋاز كەچكەنىدۇق، — دېدى.

بىر كۈنى ئانام تېلېۋىزوردا كۆرۈنۈۋاتقان بىر ئادەمگە قاراپ:

— تۇۋا، بىر ئاي ئىچىدە ماۋۇ ئادەم شىپپىدە ياداپ كەتتى، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەت دېگەن يۈرەكنى يەيدۇ جۇمۇ، ھەممە ئادەمگە يۈرەكنى يېرىپ چۈشەندۈرگىلى بولمىغان، — دېدى.

— كىمنى دەيسەن، ئانا، — دېدىم.

— تۆھمەتكە قالغان ھېلىقى پۇل مۇئامىلە ماگناتىچۇ.

— ھە، كائىننى دەمسەن، شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىپسەن-دە، قىزىق جۇمۇ ئانا سەن.

— بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى ئاڭلىسا دۆلىتىمىزلا تىنچتەك بىلىنىدۇ. تېلېۋىزوردا كازافىنى تونۇشتۇردى. بىر گېنېرال كازافىنى بايقاپ ئۇنى ئۆستۈرۈپتۇ، قىزىنىمۇ ياتلىق قىلىپ بېرىپتۇ، كېيىن ئۇ شۇ چاغدىكى ئىدرىس خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى دۆلەتكە باش بولۇۋاپتۇ. مانا قىرىق يىلدىن كېيىن ئۇنى باشقىلار ئاغدۇردى. «ئەل قىساسى مىنەلھەق»دېگەن مۇشۇ. قىلىۋالدىم، ئېتىۋالدىم، يەۋالدىم، يىغلىتىۋالدىم دېگەنىلەن ئۇ دۇنيادىلا ئەمەس بۇ دۇنيادىمۇ كۆرىدىغان گەپ، بولغۇلۇق بالىلىرىغا بولدى.

— ئىدرىس خانلىقىنى ئەجەب ئېسىڭدە تۇتۇۋاپسىنا، ئانا.

— ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋالمامدىمەن، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولغاندىكىن شۇ ئىسمىنى قويۇپتىكەن دەپ ئويلىدىم.

ئانام ھەر كۈنى مانا مۇشۇنداق خەۋەرلەرنى كۆرۈپ، بولغان ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلاتتى. ئاخىرى ماڭا نەسىھەت قىلىشنى باشلايتتى. بىر كۈنى:

— بۈگۈن ئازاد سۇلتاننى زىيارەت قىلىپتۇ، بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىدىن سەل-پەل سەمرىپ قالغاندەك تۇرامدۇ، يا كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندىمۇ. ئانىسىنى سۆزلەتتى، لېكىن شۇنداق ياخشى سۆزلەۋاتسا قاپ بەلدىن چورتلا كېسىۋېتىپتۇ. ئانىسىنىڭ سۆزىنى تولۇق بەرمەمدۇ. ئوقۇتقۇچى بولغان ئايال

بولغاچقىمۇ سۆزلىرى دانە ـ دانە، شۇنداق ئورۇنلۇق. ئانىنىڭ قەلبى مەڭگۈ شۇنداق، بالا دەپلا ئېقىپ تۇگەيدىكەن. بالىسىنىڭ نەتىجىلىرىدىن پەخىرلىنىپ سۆزلىدى. ئۇنداق ئاياللارنىڭ سۆزىنى بىر مەشھۇر نۇتۇقتەك تولۇق بېرىشى كېرەكقۇ، ئۇلارنىڭ بىر ئېغىز سۆزىمۇ، ئۆزىمۇ قىممەتلىك بىر مىراس، — دېدى ئانام ئەپسۇسلىنىپ.

— ئەتە تەكرار كۆرسەتكەندە كۆرەي. يەنە نېمە دېدى؟

— ئوغلىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق پەزىلىتىنى ئاساس قىلىپ سۆزلىدى. ئانىسىغا قاراپ مەنمۇ ئاشۇنداق پاكىز قېرارمەنمۇ دەپ ئولتۇرۇپ كۆزۈمگە ياش ئالدىم. سىز ئاڭلايدىغان ھېلىقى «ئانىسى بار ئادەم ھېچقاچان قېرىمايدۇ» دېگەن ناخشىمۇ ئېسىمگە كەلدى. ئانام بار دەپ كۆڭلى توق يۈرىدۇ. مېنىڭمۇ ئانام ئېسىمگە كېلىپ ...

— كۈندە بىر يېڭى گەپ تاپىسەن ـ ھە، ئانا. نېمىگە يىغلاۋېرىسەن، سەندەك ياشتىكى كىمنىڭ ئانىسى بار، ھەممە ئادەمنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ، بولدى يىغلىما ...

— ئادەم چوڭ بولغانسېرى ئەقلى توشامدۇ ياكى يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ شۇنداق بولۇپ قالامدۇ، ئانىسىنى جىق ئويلاپ قالىدىكەن، بولغان بولسىمۇ مۇنداق قىلاتتىم، باقاتتىم، بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرەتتىم دەپ ئويلايدىغان گەپ ئىكەن. بۇرۇن كىچىكلىكتە ئۆي دەيدىكەنمىز، بالام ـ كالام دەپ ئانىمىزغا ۋاقىت چىقىرالمايدىكەنمىز. كەلمىدىڭغۇ بالام دېسە، ئۆيۈم تۇرسا، ئىشىم تۇرسا دەپ خاپىمۇ بولىدىكەنمىز، ھازىر ئويلىسام شۇ ئانىلىرىمىز بىزگە يۈرىكى قانىماي، كۆرگۈسى كېلىپ شۇنداق دەيدىكەن، ئەمدى بۇ سۆزنى قىلىش ماڭا قالدى.

— مەن كۈندە يېنىڭدىغۇ؟ — دېدىم ئانامنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — سەن شۇ چوڭ ئاكام بىلەن ئاچامنىڭ غەلۋىسىنى كۆپ قىلىسەن ـ دە؟

— سىلەر بىلمەيسىلەر، ئاتا ـ ئانا بىر بالىنى بىر خىل، يەنە

www.uyghurkitap.com

بىرىنى بىر خىل كۆرمەيدۇ، ئۇن بالا بولسىمۇ ھەممىسىنىڭ مېھرى ـ ئوتى ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، ماۋۇ ئىككى قولنىڭ ئۇن بارمىقى بولسا، بىرىنى چىشلىسە ھەممىسى قوشۇلۇپ ئاغرىغاندەك، بىرىنى پىچاق كەسسە ھەممىسى تەڭ ئاغرىيدۇ، بۇ ئۇن بارماقنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكتە بولىدۇ، مانا بۇ ئانىنىڭ يۈرىكى.

— سەن ھەممە نەرسىنى ئۆزۈڭگە تارتىپ تەھلىل قىلىدىكەنسەن، ئانا، ئۆتكەندە خوتەن قەغىزىنى ياسىغۇچى ئۇنىنچى ئەۋلاد ئۇستا توختىباقى بوۋاينى زىيارەت قىلىۋاتسىمۇ «ئانام» دەپ يىغلاپ ئولتۇرىسەن ...

— ھەي، سىلەر چۈشەنمەيسىلەر، ئۇ ئادەممۇ قەغەزچىلىك ھۈنىرىنى دادىسىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلەپ يىغلاپ كەتتى. توقسان ياشتىن ئاشقان ئادەمگىمۇ ئاتا ـ ئانا ھە، دەپ يىغلاپ سالدىم. شۇ بوۋايمۇ مەن بۈنچە قېرىپ كەتتىم، ئاتا ـ ئانامنىڭ قۇيرۇقىنى قوم باستى دېمەي شۇلارنى سېغىنىپ يىغلاۋاتىدۇ ... — دېدى

مانا بۈگۈن مەن يىغلاۋاتىمەن. ئاھ، ئانا، تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان رەيھانگۈل ئاچامغا تەسەللى بېرىپ، ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىش ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار ئىش دەپ كۆڭلىنى ياسىغانىدىم. ئەمدى ئۆز بېشىمغا كەلگەندە تالاي تەسەللى ـ بەزلەش بىلەنمۇ سەۋر قىلالمايۋاتقىنىمدىن ھەيرانمەن. قولچىراغ بىلەن باشقىلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئادەم ئۆزى قاراڭغۇدا قالامدۇ، نېمە؟

خاتىرەمدىكى مۇنۇ ئۇلۇغ كەلىمە غۇۋا كۆز ئالدىمدا: «دۇنيا بىر ئەينەك، سەن ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىساڭ، ئۇمۇ ساڭا كۈلۈپ قارايدۇ، سەن ئۇنىڭغا قاراپ يىغلىساڭ، ئۇمۇ ساڭا قاراپ يىغلايدۇ.» يۈرىكىمنى مەھكەم بېسىپ تۇرغان ھەسرەتلەرنى ئۇنتۇپ بۇ ھاياتقا يەنە كۈلۈپ قارىشىم مۇمكىنمۇ؟ بۇ كۆڭلەردە بەلكىم نېرۋامدىن ئادىشىپ قالغان بولسام كۈلەلىشىم مۇمكىن.

نىرۋانىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكىنى ئېنىق ئىدى. شۇ كۈنلەردە قوشنىمىز شىرئەلى ئەلتېكىننىڭ ئايالى رۇبىنا مېنى يوقلاپ كىرىپتۇ، پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئانام بۇ قىزنىڭ ئىسىل پەزىلىتىنى دائىم سۆزلەيتتى. مۇشۇ قېتىم قەشقەرگە مېڭىشتىن بۇرۇن، ئانام:

— شىرئەلىنىڭ ئانىسى ئەلانۇر بالىنىستىتا يېتىپ چىقىپتۇ، بۇ داستىخاننى ئېلىپ ئۆيىگە كىرىپ يوقلاپ چىقىڭ، ئانام يەتتىنچى قەۋەتكە چىقالمىدى دەپ چۈشەندۇرۇڭ، ئىشىكتىنلا قولىغا بېرىپ يېنىپ چىقماي، بىردەم ئولتۇرۇپ تەسەللى بېرىپ چىقىڭ، — دېدى. ئاندىن ئۇستىمىزدە ئولتۇرىدىغان تاشگۈل ھەدەمنىڭ قىزىنى يەڭگىپتۇ دەپ ئۇ ئۆيگىمۇ داستىخان چىقاردى. رەھمەتلىك ئانام ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ قائىدىلەرنى ئورۇنلىتىۋېتەي دېگەن بولغىيمىدى؟ مەن بۇ ئىشلارنى رۇبىناغا سۆزلەپ بەردىم. رۇبىنا:

— ھاجىم ئانامنىڭ چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈشىگە بەك ھەۋەس قىلاتتىم، پەقەت پەس پاشنىلىق ئاياغ كىيىمەيتتى، شۇنداق چىرايلىق ماڭاتتى، — دېدى. بۇ سۆز كاللامغا شۇنداق تەسىر قىلدىكى، خۇددى ئۆي پىرقىراۋاتقاندەك، ئۆزۈمنى زورۇمغا تۇتۇپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئارقىدىن كۆزۈمنى ئېچىپ يېنىمدا ئولتۇرغان رۇبىناغا تىكىلىپ قاراپ كېتىپتىمەن، تۇۋا، شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئېسىمنى يوقاتقاندەك بۇ قىزنى بىر پەس تونۇيالمىدىم. بىردەم ئېسىمگە كېلەلمەي تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى سورىدىم، لېكىن سورىغىنىمنى بىلمەۋاتاتتىم:

— ھەرگىز خاپا بولماڭ - ھە، سىزنى پەقەت تونۇيالمايۋاتىمەن، — دېدىم.

رۇبىنانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ۋە بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك:

— ۋىيەي، گۈلچېھرە، مەن رۇبىنا ... — دېدى.

شۇ سۆز بىلەن دەرھال ئېسىمگە كەلدىم. ئانامنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىدىغىنى ھەققىدە بولۇنغان سۆزلەر ئېسىمگە كېلىپ يىغلاپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك تۇتۇقسىز كەتكىنىمنى بىلدىم، نېرۋام قاتتىق ئاجىزلاشقانىدى.

پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇش، خىزمەت، تۇرمۇش دەپ ئاتا - ئانىسىدىن مەلۇم ئارىلىق قويۇپ ياشىشىمۇ، ئەسلىدە ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك ئايرىلىشقا كۆنۈش ۋە كۆندۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مېنىڭ ئانام بىلەن ئۇزاق يىل بىللە تۇرۇشۇم، تۇرغاندىمۇ زىيادە ئېچەركىپ، بىر جان - بىر تەن بولۇپ ياشىشىم مېنى مۇشۇنداق بىقوۋۇللۇققا سېلىۋاتاتتى. ھەر كۈنى كەچتە ئانام مېنى بالىلىق چاغلىرىمدەك ئەركىلىتەتتى، كىچىكىمدىكى قىزىقارلىق ئىشلىرىمنى سۆزلەپ كۈلۈپ كېتەتتى. ئانامنىڭ يېنىغا كىرىپ يېتىۋېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ پۇرىۋېلىپ ئورنۇمدىن تۇراتتىم. ئانام: «ۋاي ئاسلىنىم، باچكام» دەپ مېنى ئەركىلىتىپ، بوۋاقلارنى تۇرغۇزغاندەك تۇرغۇزاتتى.

ئانام ناشتىلىقنى شۇنداق مول تەييارلايتتى، مەن چاقچاق قىلىپ: «مۇشۇ گالغا كەلگەندە ئۇتتۇرمايسەن جۇمۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ قايسىبىرىنى يەپ بولارمىز؟ مەن ئىشقا كەتكەندىن كېيىن يەنە ئىككىنچى قېتىملىق ناشتىلىقنى باشلىما جۇمۇ، قەنتنىڭ ئۆرلەپ كېتىدۇ» دېسەم، «ياشلارنى ياشلىق روھى كۆتۈرۈپ كېتىدۇ، بىزدەك قېرىلارنى مۇشۇ تاماق كۈچ بىلەن تۇتۇپ تۇرىدۇ» دەيتتى.

ھەر ناشتىدا ئانام ماڭا كىچىك بالىنى كۈتكەندەك زورلاپ يېگۈزەتتى. كۆرگەن چۈشلىرىنى، ئۇخلىيالماي قىلغان خىياللىرىنى، چۈشتە ئەتمەكچى بولغان تاماقلىرىنى سۆزلەيتتى. ئىشقىلىپ، شۇنداق كۆڭۈللۈك ناشتا قىلاتتۇق. مېڭىشقا جابدۇنغىنىمدا ئەتراپىمدا پەرۋانە بولاتتى، ئەينەكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: «بولدى، كۆزىڭىز چىرايلىق، ھېچنېمە سۇرمەڭ، تەبىئىي تۇرۇڭ، لەۋ سۇرۇخىڭىز قېنىق بولۇپ كەتتى ... » دەپ

سۆزلەيتتى. كىيىم كىيسەم: «بۇنىڭ يېڭى قىسقا ئىكەن، بۇ كالتە ئىكەن» دەپ خاپا بولاتتى. چىقىپ كېتىۋېتىپ: «ئانا، مەن ماڭدىم، ئاللاغا ئامانەت» دېسەم، ئاشخانىدىن «توختاڭ» دەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ: «نېمە كىيدىڭىز، هە بۇ يارىشىپتۇ، قىزلار دېگەنگە زادى ئۇزۇن كىيىم يارىشىدۇ» دەپ سۆزلىگەن پېتى قالاتتى. ئىشىك ئالدىغا چىقىشىمغا دېرىزىدىن چاقىراتتى، كەينىمگە قاراپ كۈلۈپ قوياتتىم. ئانام ئىشىكتىن مېنى ئۇزىتىپ يەنە ماڭا قىيماي دېرىزە قېشىغا كېلىپ كەينىمدىن ئاماننىق تىلەيتتى. مەنمۇ كۈندە بەش ـ ئالتە قېتىم ئەھۋال سوراپ تېلېفون قىلاتتىم، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتۇق، ئىشقىلىپ هەر كۈنۈم ئانامنىڭ سايىسىدەكلا ئۆتەتتى.

*　　　　*　　　　*

بۇلتۇر يازدا ئانام قەشقەردىكى بالىلىرىنى، نەۋرىلىرىنى كۆرگۈسى كېلىپ جىمىپلا قالدى، نەچچە كۈندىن كېيىن يولغا سېلىپ قويدۇق. ئانام كېتىپ مەنمۇ بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك بىئارامچىلىقتا قالدىم، ئۆيگە كىرسەملا غېرىبلىق بېسىپ كېتەتتى. ئانامموۇ كۈندە ئەتىگەندە: «ناشتا قىلىپ ئىشقا چىقىڭ، چۈشتە نېمە يېدىڭىز، كەچتە ئىشىكنى ياخشى تاقاپ يېتىڭ» دەپ ئەنسىرەپ تولا تېلېفون قىلىپ، ئاخىرى هەپتىدىن كېيىن مەنمۇ قەشقەرگە باردىم. ئاچام:

— ئانامغا سىز بولمىسىڭىز يېگەن تامىقىمۇ سىڭمەيدىكەن، ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا بەك ئۆگىنىپ كېتىپسىلەر، بىزمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدۇق ئانامنىڭ، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ، ئانام:

— سىلەرگىمۇ چىدىمايمەن، بالىنىڭ كىچىكىدىن شۇنداق ئەنسىرەيدىكەن ئادەم. گۈلچېھرە مەن بولمىسام، زورلىمىسام تاماق يېمەيدۇ، شۇڭا ئەنسىرەيمەن. ئۈرۈمچىدە بولسام سىلەردىن

www.uyghurkitap.com

ئەنسىرەيمەن. ئانا دېگەن شۇ، بالام چوڭ بولدى، ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭالايدۇ دېمەي مەڭگۇ ئەنسىرەپ قىلىپ ئۆتىدىكەنمىز، — دېدى.

— ئانام نېمە ئالسام ساڭا قىسىنىپ كېتىدۇ، «ئاچچىڭىز قىمۇ قوشۇپ ئالسىڭىزچۇ؟» دەيدۇ. «ماقۇل» دېسەم، «ئاچچىڭىزغىلا ئالسىڭىز كېلىنلەرنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن، مەن پۇل بېرەي، ھەممىسىگە قوشۇپلا ئېلىڭا، بالام» دەيدۇ، — دېدىم ئاچامغا.

شۇ قېتىمقى سەپەردە ئانامنى ياخشى بىر دەم ئالدۇراي دەپ پىلانىمنى ئانامغا ئېيتتىم:

— بۇ ھەپتە سىنى كۆڭلۈڭ خالىغان يەرلەرگە ئېلىپ بارىمەن، ئەڭ ئېسىل رېستورانلاردا كۈتىمەن، ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭ تۇغۇلغان، چوڭ بولغان كوچىلاردا سىنىغا ئېلىپ ماڭىمەن، ئېسىڭگە كەلگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىسەن، دوستلىرىڭ بىلەن ئۇچرىشىش سورۇنى قىلىپ بېرىمەن، — دېدىم.

ئانام بۇ پىلانىمدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

دېگىنىمدەك ئانامنى قەشقەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ سىنىغا ئالدىم. ئانام ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يامۇلئالدى، قوناق بازىرى كوچىلىرىغا كېلىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. بۇ كوچىلاردا بالىلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنى، تۇگەپ كەتكەن ئاكىلىرىنى ئەسلەپ يىغلىدى. ئانام چوڭ بولغان ئۆيدە ھازىر ئۇنىڭ چوڭ يەڭگىسى بالىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، بىز شۇ ئۆيگە كىردۇق. شۇ چاغدىكى قوشنىلارنىڭ چوڭلىرى تۇگەپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى قاپتۇ. قىزلىرى، كېلىنلىرى ئانام بىلەن كۆرۈشكىلى كىردى. ئانام ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئېسىل سۈپەت - پەزىلەتلىرىنى ئەسلەپ:

— مانا ھەممىسى تۈگەپ كەتتى، مۇشۇنداق ياخشى ئىش - ئەمەللىرىنى، ياخشىلىقىنى سۆزلەپ قالىدىكەنمىز. زەپمۇزەپ، ئۆلگەنگە زەپ، دەپ ھاياتلار يەپ - ئىچىپ مۇشۇنداق

يۇرىدىكەنمىز، ئۆلگەنلەر كېتىدىكەن، ئاخىرى ھەممىمىز كېتىمىز، كېتىدىغان جاھان بۇ، — دەپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، ئانا، كۆڭلۈڭنى بۇزماي بۇ مەھەللە ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنە، — دېدىم قىزىقسىنىپ.

— قەشقەرنىڭ تۆت ئەتراپىدا تۆت دەرۋازا بار ئىدى، قۇم دەرۋازا، ياۋاغ دەرۋازا، تۆشۈك دەرۋازا، توققۇزاق دەرۋازىسى دەپ ئاتايتتۇق، دەرۋازىنىڭ ئىچى شەھەر ھېسابلىناتتى. بۇ دەرۋازىلار كەچتە تاقىلاتتى، ئۆلگۈرەلمىگەنلەر سىپىل سىرتىدا قالاتتى. ھەربىر كوچىنىڭ ئىسمى شۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ، ئىش ـ ئوقىتى بويىچە ئاتىلاتتى. بۇ مەھەللە قوناق بازىرىمۇ، ياغ بازىرىمۇ دېيىلەتتى. بۇ يەردە ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى سېتىلاتتى. كەتمەن بازىرى، زەرگەرچى كوچىسى، باغ كوچىسى، باغچە كوچىسى، تاغارچى كوچىسى، چاسا، سۈت ـ قايماق كوچىسى، بۇلاقبېشى، ئۆستەڭبويى، يۇملاقشەھەر، نوربېشى، ئېگىز ئېرىق، خەزىنىچىبەگ كوچىسى، يامۇلئالدى، ئوردائالدى، كەسكەنيار، قاسقان بازىرى، ئەشمىكار كوچىسى ... دېگەندەك، مانا مۇشۇنداق تۇرمۇشلۇق ئىسىملار بىلەن تاكى بۈگۈنگىچە ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھە، كوچىلاردىكى ئېرىقلاردا سۇلار ئاقاتتى. سۇغا بىر نەرسە تاشلىسا يامان بولىدۇ دەپ، ھېچنېمە تاشلىمايتتۇق. سۇمۇ شۇنداق سۈزۈك ئاقاتتى. ئىچىدىغان سۇنى يۇملاقشەھەردىكى كۆلدىن ئەكېلىپ ئىچەتتۇق. ئۇ چاغدا سۇ توشۇپ پۇل تاپىدىغان كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلارنى ئەپكەش دەپ ئاتايتتۇق. ئانىمىز ئەپكەشكە ئۈچ يول سۇ بۇيرۇۋالار دەيتتى، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرۇپ، سۇ توشۇۋاتقان ئەپكەشلەرگە ئانىمىزنىڭ گېپىنى يەتكۈزەتتۇق. ئۇلار بىزنى كۆرۈپلا كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىمىزنى بىلەتتى ۋە «يەنە مانچە يولدىن كېيىن توشۇپ بېرەي» دەپ دېگەن ۋاقىتتا ئەكېلىپ بېرەتتى. تاماقنىڭ ئۆستىگە كىرىپ قالسا تاماق يەپ، نەدىن گەپ قىلسا شۇ يەردىن سۆزلىگەچ دېمىنى ئېلىۋېلىپ يەنە سۇينى

www.uyghurkitap.com

توشـۇغىلى كـېتەتتـى. باشقا مـەھەللـىلـەردە بولغان ئىشـلارنـى، مەسـىلەن توي ـ تـۆكۈن، نەزىر ـ چـىراغ دېگەنـدەك ئىشـلارنـى مۇشۇ ئەپكەشلەردىـن ئاڭلايتـتۇق، ـــ دەپ سۆزلەپ كـەتتى ئانام ھەممىمىـزنى ئاغزىـغا قارىتـىپ. مەن سـىنىئالغۇنى ئوڭ قولـۇم تالسا سول قولۇمدا تۇتۇپ تولۇق سىنغا ئېلىۋاتاتتىم.

ـــ قـارا قىشتـىمۇ بـىچارە ئەپكـەشلەر مـۇزنـى يېرىـپ سۇ توشۇيتتى، پـۇتلىرىـغا قېلـىن پـيـما كـيـەتتى. ئەسلـىسەم، ئـۇ چاغلاردا سوغۇق قاتتىق بولاتتى. يازدا ئاياللار بوسۇغىغا چىقىـپ ئولتۇرۇپ مـۇڭدىشـاتـتى. ھەمـمـە ئايال دېگـۇدەك دوپپا، كـانـۋا كۆڭلـەك ھەم ياسـتـۇق قېپى دېگەندەكـلـەرنى تـىكـەتتى، قـولـى ئىشـتا، لېكـىن گـېپـى توختاپ قـالمايـتـتى. يـىراقـتىن بـىـرەر سەللىلىك ئادەمنى كۆرسە، يا قاتتىق ئاياغ تىۋىـشىنى ئاڭلىسا دەرھال ھويلـىسـىغا قېچـىپ كـىرىـۋالاتتى. ئـۇلارنـىڭ قارىـسى يىتكەندىن كېيىن يەنە چىقىپ داۋاملىق پاراڭلىشاتتى.

ـــ غەيۋەتقۇ تايىنلىق، شۇ چاغلاردىلا بار ئىكەن بۇ غەيـۋەت ـ شىكايەت، ـــ دېدىم.

ـــ ھەممە گەپنى غەيۋەت دېگىلىمۇ بولمايدۇ. كىمنىڭ قىـزى بويىغا يەتتى، كـىمنىڭ ئوغلى تەييار بـولدى دېگەنـدەك گەپلەرمـۇ بولۇۋاتتى، ـــ دېدى ئانام.

ئـۇ كۈنى ئانامنى ئېلىپ شەھـەرلىك 1 ـ ئوتـتـۇرا مەكـتـەپ ئەتراپىدىكى «ئالتۇن ئوردا» تاماقخانىسىغا كېلىپ چۈشلۈك تاماق يېگەچ شۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردۇق. ئانام خېلىلا ھاياجانلىنىپ قالغانىدى:

ـــ مەن سىـز ئوقۇغان نـورېبشى 5 ـ بـاشلانغۇچ مـەكتەپـتـە ئوقـۇدۇم، ئـوتتـۇرا مـەكـتـەپنـى يـەنە سىـز ئـوقۇغان مـۇشـۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. سەمەندىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمىـز بار ئىـدى، ماي ئايلىـرىدا مەكـتـەپ قورۇسـىدا ئېچـىلغان ئـەتىرگـۈلـلـەرنى ئـۈزۈپ قـىزلارغا سـوۋغـا قىلاتـتـى، گۈللەر توزۇپ كەتسىمۇ خېلى ۋاقىتقىچە ھىدى كەتمەيتتى.

— ياھ، — دەۋەتتىم ھاياجانلىنىپ، — گۈل سوۋغا قىلىشنى ياۋروپا مەدەنىيىتى دېيىشىپ كېتىدۇ، مانا بىز دىمۇ ئەللىك يىل بۇرۇنلا بار ئىكەنغۇ گۈل بىلەن كۆڭۈل ئىپادىلەش، مۇھەببەت ئىزھار قىلىش دېگەنلەر...

— ئۇنى مۇھەببەت ئىزھار قىلىش دېمەيتتۇق، ساۋاقداشلارنىڭ كۆڭلى دەپ بەك سەمىمىي ھېس قىلاتتۇق، — دېدى ئانام سەل بىئەپ بولغاندەك.

— ساۋاقداشلىق دېگەنمۇ بالىلىق ۋە ياشلىقنىڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرى ھەم مېھرى قالغان ئاجايىپ مۇھەببەت. گۈل سوۋغا قىلغان شۇ ساۋاقداشلىرىڭنى ھازىرمۇ ئەسلەمسەن، ئانا، كېيىن چوڭ بولغاندا ئۇچرىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

— ئۇچرىشىپ قالاتتۇق. قەشقەردە كونىلىق ئېغىر بولغاچقا ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن يۈرەكلىك سالام قىلىپ كۆرۈشەلمەيتتۇق. سىلەر دېگەن بەك ئەركىن، ھازىر ساۋاقدىشىم دەپ كۆرۈشۈۋېرىسىلەر. بىزچۇ؟ ئۇ چاغلاردا ئۇچرىشىپ قالساق يۈزلىمىز تېپچەكلەپ، سالام ـ سەھەت قىلىشقىمىز بولسىمۇ ئامالسىز يەرگە قارىۋالاتتۇق. نەچچە قەدەم مېڭىپ، ئۆرۈلۈپ قارىساق ئۇمۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىزگە قاراپ تۇرغان بولاتتى. كېيىن بۇ ئىشلارنى قىز ساۋاقداشلىرىمىزغا دەپ كۈلىمىز يېرىم بولاتتى. ئۇلارمۇ ئۇچرىشىپ سالام ـ سەھەت قىلىشالمىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن دەيتتى. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىنى ئوقۇپ، نەچچە كۈنگىچە شۇ ساۋاقداشلىرىمنى ئەسلەپ ئۇيقۇم كەلمىگەن. شۇڭىمىكىن، ئىسكەندەر سەمەتنىڭ «ئايرىلىش مىنۇتلىرى» دېگەن ناخشىسىنى شۇنداق بەك ياقتۇرۇپ، خۇددى بىز ئۇچۇن ئېيتىۋاتقاندەك ئاڭلايمەن.

ئانام بىلەن بىر ھەپتىلىك قەشقەر سەيلىسى، سىنغا ئېلىش جەريانىدىكى تولىمۇ باي ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرى، ئۇنىڭ يىللاردىن بېرى كۆڭۈل خاتىرىسىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلانغان

گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ماڭا ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. بۇ باياnlاردىن ئانامنى قايتىدىن چۈشىنىۋاتاتتىم. ئانامنىڭ قەلبىدە چوغ بولۇپ كۆمۈلۈپ قالغان ئاجايىپ ئارمانلارنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بىچارە ئانام «ئائىلەم، بالام» دەپ ھەممىنى بىزگە ئاتاپ، پەزىلەتلىك ئايال، پىداكار ئانا بولۇپ ياشىغان ئىكەن، بىر ئانىغا نىسبەتەن ئائىلە ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى بولۇش كېرەك. ھەممىگە چىداش، پىنھاندا ياش تۆكسىمۇ باللار ئالدىدا چوقۇم كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىنى ئىپادىلەش ئانىلاردىكى پەزىلەت. ئانامنىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشىدىن بۇ چوغنى يەنىمۇ يالقۇنجىتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، شۇڭا تېمىنى قەشقەر كوچىلىرىنىڭ تارىخىغا يۆتكەپ:

— ئانا شۇ دەۋردىكى كىشىلەر: «سېپىلنىڭ ئىچىدىكىلەر شەھەرلىك، سېپىل سىرتىدىكىلەر سەھرالىق» دەپ چوڭ سۆزلەپتىكەنمۇ دەيمەن. مانا يىللار ئۆتۈپ «كونا شەھەر قۇرۇلۇشى»، «يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى» دەپ سېپىل ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شەھەر سىرتىغا چىقىپ، يىراق سەھرادىكى پۇل تاپقانلار شەھەردە مەغرۇر ياشاۋاتىدۇ. بۇ جاھاندا مەڭگۈلۈك نەرسە يوق جۇمۇ؟ مەغرۇرلىنىدىغان، كۆرەڭلىك قىلىدىغان زامان ئەمەس، — دېدىم.

— توغرا دېدىڭىز. بۇ خىشتا سېلىنغان مۇستەھكەم ئۆيلەر ئىدى، كۆرمەمسىز، چاققاندىمۇ تەستە چېقىلىپتۇ، يەنە تېخى مۇڭگۈزدەك تۇرىدۇ، يەنە تۇراتتى نەچچە يۈز يىل ...

ئانامنىڭ بۇ سۆزىدىن قەشقەردىكى ئۆزگەرتىلىپ سېلىنىماقچى بولۇپ چېقىلىۋاتقان ئۆيلەرگە قاراپ تەگسىز خىيالغا چۆمدۈم. ئەسلىدە بۇ كوچىلاردا ئانامدەك تالاي كىشىنىڭ باللىقى، ياشلىقى، گۈزەل ئەسلىمىلىرى، ھايات ئىزلىرى، مۇھەببەت خاتىرىلىرى بار ئىدى؛ دەرەخ قوۋزاقلىرىدا سۆيگەن يارىنىڭ ئىسمىلىرى ھەم بار ئىدى. ئۇ ئەسلىمىلەر پەقەت ۋە پەقەت كۆڭۈل خاتىرىلىرىدىلا قالدى، بىر كۈنلەردە ئۇمۇ

ئۇنتۇلىدۇ ۋە ياكى شۇ قەلب بىلەن قارا يەر قوينىغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ تۈگەيدۇ ...

بىر پەيشەنبە ئانام بىلەن تۇپراق بېشىغا چىقتۇق. موماممنىڭ تۇپراق بېشىغا بارساق ئانامنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىمۇ چىققانىكەن. ھەممىمىز قىزغىن كۆرۈشۈپ، قۇرئان تىلاۋەتتىن كېيىن ئۇزاق مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق. شۇ ۋاقىتتا ئەتراپتىكى تۇپراق بېشىغا چىققانلارنىڭمۇ چىقماقچى بولغانلارنى، تۇغقانلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشقىنىنى ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىدىن بىلدىم. ئۇلارمۇ بىزدەك مۇڭدىشىپ، يىغىلىپ قالغان سۆزلىرىنى دېيىشىپ ئولتۇراتتى. قەبرىلەرنى يوقلاپ چىققانلار كۆپىيىۋاتاتتى. تۇپراق بېشىدىن يېنىپ، ئاپپاق غوجا مازىرى ئالدىدىكى شەربەت كۆل بويىغا كېلىپ بىردەم دەم ئالغاچ كۆل سۈيىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردۇق. ئانام ئۇزاق جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— بۇ يەردە ھەر يىلى ئۇجمە پىشىشىقىدا «ھەزرەت سەيلىسى»باشلىناتتى. شەھەر ئىچىدىكى كىشىلەرلا ئەمەس، قوشنا ناھىيە - شەھەردىكىلەرمۇ بىرەر قېتىم بۇ سەيلىگە قاتنىشىشنى ئارمان قىلاتتى. بۇ سەيلە ئۆزۈك پىششىقىغىچە داۋاملىشاتتىكەن، بەزىدە 7 - ئايغىچە داۋاملىشاتتىكەن. قىزلارغا تويلۇق سالسا «ھەزرەت سەيلىسى»گە ئېلىپ بېرىشنى مۇھىم شەرت قىلاتتىكەن، ھەتتا بۇ سەيلىگە ئاپارمىغان سەۋەبتىن ئاجرىشىپ كېتىدىغانلارمۇ بوپتىكەن. بۇ سەيلىگە مەنسەپدار باي - غوجاملار ئېسىل مەپىلەردە، ئاۋام پۇقرالار ئات - ئېشەك، هارۋىلاردا، ھەتتا پىيادە كېلەتتىكەن. بۇ يوللار مەپە - هارۋىلار بىلەن قىستىلىشىپ توسۇلۇپ كېتەتتىكەن. بۇ سەيلە بۇرۇن شەنبە كۈنى باشلىنىدىكەن، كېيىن جۈمە كۈنىگە ئۆزگەرتىلىپتۇ. ئېسىمنى بىلسەم، مازارنىڭ ئالدىدا بازار قىزىپ كېتەتتى. ۋاقىتلىق ياسالغان ئاشخانىلاردا تاماقلارنى قوشاق قوشۇپ تۈۋلاپ سېتىشاتتى. ئەلنەغمىچىلەر، بەس - بەستە ساز

چىلىپ مۇقام توۋلايتتى، قېرى - ياش ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ھەممە ئادەم بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدىغاندەك، يېقىندەك كۆرۈنەتتى. بىر تەرەپكە قارىسا مەدداھلار جەڭنامىلەرنى سۆزلەپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىپ ئولتۇرۇشاتتى. كۆلنىڭ يەنە بىر چېتىدە ئاياللار سۈت - قايماق سېتىپ ئولتۇراتتى. بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا كۈلكە، خۇشاللىق، بىرمۇ ئادەم غەم - قايغۇدا كۆرۈنمەيتتى. شۇنداق خۇشال يۈرۈشەتتى.

— «ھەزرەت سەيلىسى» دېگىنىڭ شۇ دەۋردىكى يەرمەنكە ئىكەن ئەسلىدە. شۇ چاغدىمۇ ئادەملەرنىڭ ئويۇن - تاماشىسى جايىدا، دەم ئېلىشنى بىلىدىكەن دېگەنىمەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ يىلدا بىر - ئىككى قېتىم چىقىدىغان ساياھىتىگە ئوخشايدىكەن.

ئانام بىلەن بولغان قەشقەر ساياھىتىمىزدە ئوردائالدىنى بويلاپ چاسا تەرەپكە ئۆتتۇق. ئانام ھازىرقى سىياسىي مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ قەشقەرنى دۇنياغا تونۇتقان «قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى»نىڭ ئورنى. بۇ مەدرىسەدىكى تالىپلار ئەرەب - پارس تىللىرىدا ئوقۇيدىكەن. بۇ يەرگە يۇرت - يۇرتتىن كېلىپ ئوقۇشتىن سىرت، پاكىستان، ئافغانىستان، كەشمىر، سەمەرقەنت، قوقان، پەرغانە، نەمەنگاندىنمۇ تالىپلار كېلىپ ئوقۇيدىكەنتۇق. دادىڭىز رەھمەتلىكنىڭ دەپ بېرىشىچە، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى بوۋاڭلىمۇ مۇشۇ مەدرىسەدە ئوقۇغانىكەن. دىنىي دەرسىمۇ، پەننىي دەرسىمۇ ئۆتۈلەتتىكەن. ھەر رامىزاندا قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مەدرىسەنى پۈتكۈزگەنلەرگە داموللا ئۇنۋانى بېرىلىپ، قازى، ئەلەم، مۇدەررىس، ئوردا خادىمى بولۇپ تەيىنلىنىدىكەن.

— ھە، بۇ ھازىرقى ئىسلام ئىنستىتۇتى ئىكەن - دە. مەنمۇ ئوقۇغاندەك ئېسىمدە، ئابدۇرېھىم نىزارى، خىرقىتى، زەلىلى، تەجەللى، نىمشېھىت ئەرمىيا ئەلى، داموللا سايرامى ھەممىسى

مۇشۇ خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان. تارىخى ئۈچ يۈز يەتمىش يىلغا ئۇلىشىدۇغۇ دەيمەن.

— قەشقەر ئىككىنچى بۇخارا دەپ شۆھرەتلەنگەن مەشھۇر شەھەر جۇمۇ. شۇ يىللاردا ئەنگلىيە، رۇسىيەنىڭ كونسۇلخانىلىرى بولغانىكەن. شۇلارنى تارتىدىغان بىر يېرى بولمىسا كونسۇلخانا قۇرۇپ نېمە قىلىدۇ؟

ئاخىرىدا ئانام بىللەن بىللە ئوقۇغان، ھازىرغىچە ئىزدىشىدىغان دوستلىرىنى چاقىرىپ بەرمەكچى بولدۇم. بۇنى ئاڭلاپ ئانام دەسلەپ خۇش بولدى، ئارقىدىن مەرھۇملارنى ئەسلەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەللىك ـ ئاتمىش يىللىق دوستلار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى. يېرىم ئەسىر دېگەن ئاز ۋاقىت ئەمەس ـ دە. تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى، بوران ـ چاپقۇنلىرى، غەم ـ تەشۋىشلىرى، دوقاللىق ئېگىز ـ پەس داۋانلىرىدا ھەتتا ئەر ـ خوتۇنلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، بەزىلىرى ئۆيىنى بۇزۇپ، بالىلىرىنى يېتىم قىلىپ يېرىم يولدا چۇشۇپ قالىدۇ. لېكىن، دوستلۇق دېگەن قانداق بۇيۇك تۇيغۇ ـ ھە؟ ئۇ شۇنچىلىك مۆتىدىل، شۇنچىلىك سەممىي، شۇنچىلىك گۈزەل ھەم لەرزان داۋاملىشىپ كېلىدىكەنكى، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە، ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈننىڭ ھەربىر كېچە ـ كۈندۈزىدە شېرىن مېۋىلەپ سىزگە روھىي ئوزۇق بېرىپ تۇرىدىكەن.

دوستلار جەم بولدى.

— قېنى ئانا، دوستلۇقىڭلارغا ئەللىك بەش يىل بوپتۇ، سىزنىڭ دوستقا بولغان تەبىرىڭنى بىر ئاڭلاپ باقايچۇ.

ئانام بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇپ نازۇكقىنا كۈلدى:

— بىزمۇ بىر چاغلاردا سىزدەك يېنىپ تۇرغان قىز ئىدۇق، مانا ئەمدى موماي بولدۇق. كۈندىن ـ كۈنگە كۆزلىرىمىز تورلىشىپ، قەدىمىمىز قىسقىراپ، ئۇ دۇنياغا يېقىنلاپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتىمىز. باللارغا، نەۋرىلەرگە قارىساق، بېشىمىزدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى ئويلىساق، ئۆزىمىزنى يۈز ياشقا كىرگەندەك ھېس قىلىمىز. لېكىن، كۆز ئالدىمىزدىكى ئاشۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىمىزنى ئويلىساق، تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا. نېمىلا دېيلى، مەيلى قانچە ياشقا كىرەيلى، ئاق چاچلىرىمىز بېشىمىزنى ئاشكارىلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن دوستلۇق دېگەن زادى قېرىمايدىكەن. مۇشۇ دوستلىرىم ھەم رەھمەتلىك مەخپىرەت، زۇنۇنگۇللەر بىلەن يول بويى چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ مەكتەپكە باراتتۇق. يەكشەنبە بولسا ئوينىغىلى تۈمەن دەريا بويىغا كېلەتتۇق. ئانىمىز ئۇنىمىسا ئاستا ئۆگزىگە چىقىپ، قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىن چۈشۈپ باراتتۇق. ئۇ چاغدىكى ئۆيلەر قاتار ـ قاتار ئۆگزىلىرى تۇتاش ئۆيلەر ئىدى.

بۇنى ئاڭلاپ رازىيە ئاچام سۆز قىستۇردى:

— ئۇ چاغدا تېلېفون بولمىغاندىكىن كىتاب سورىغان بولۇپ ۋاقىتنى دېيىشىۋالاتتۇق.

— دەرسلىك كىتابلارنىمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— دەرسلىك ئەمەس. شۇ چاغلاردا سىلاۋيانچە ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتكەنىدى. تاشكەنتتە چىققان كىتابلارمۇ كۆپ ئىدى. «بوتا كۆز»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان»، «ئاباي يولى»، «دەھشەتلىك تېھران»، «پولات قانداق تاۋلاندى»، «قۇللار»، «داخۇندا»، «ئالتۇن يۇلتۇز»، «ھەل قىلغۇچ قەدەم»، «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»، «كاپىتان قىزى»، «كېلىدۇ بىر كۈن»، «سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا»، «زويا ۋە شۇرا»، «سىرلىق سوقماقلار»، «ئىسيان» دېگەندەك رومانلار بار ئىدى. ئۇ رومانلاردىكى تەسىرلىك بايانلارنى كۆچۈرۈۋالاتتۇق، — دېدى ئانام.

— تۇرسۇنپاشا مۇھەببەت تەسۋىرلىرىنى ھەممىدىن جىق كۆچۈرەتتى...

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بىز ئوقۇغان رومانلاردىكى ئىسىملارنى خاتىرىلىمۇېلىپ، چوڭ بولغاندا توي قىلساق بالىمىزغا مۇشۇ ئىسىمنى قويىمىز دەيتتۇق. سىزگىمۇ ئەزەربەيجاننىڭ «ئارشىن مال ـ ئالان» دىرامىسىدىكى باش قەھرىمان قىز گۇلچېھرەنىڭ ئىسمىنى قويغان. چوڭ ئاكىڭىزغا «ۋائان» دەپ قويسام، دادىڭىز ئۈچ ياشتا ئۆزگەرتىۋەتكەن، — دېدى ئانام.

— ئانىلىرى گۇلئايىم بىلەن رەھمەتلىك مەخپىرەت ھېلىقى ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئالىمجان بىلەن مۇنىرەنى كىم قىز يا ئوغۇل تۇغسا شۇ ئىسىمنى قويۇپ قۇدىلىشىمىز دەپ ۋەدىلىشىپ، كېيىن دېگەندەك قىلىشتى. لېكىن، تەقدىر بالىلارنىڭ تەقدىرىنى قوشماپتىكەن قۇدىلىشالمىدى، — دېدى رازىيە ئاچام.

ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دوستلار بىلەن قۇدىلىشىپ بۇزۇلۇپ كەتكەنلەرمۇ بولدى، يەنىلا دوستلۇقچە بولغىنى ياخشى ئىكەن، — دېدى.

دوستلار تاماقتىن كېيىن تۇپراق بېشىغا چىقىپ دوستى مەخپىرەتنىڭ قەبرىسىنى يوقلىماقچى بولدى، بۇ پىكىرنى ئانام خېلىدىن بېرى دەپ كېلىۋاتتى. تۇپراق بېشىغىمۇ چىقتۇق. قەشقەردە قەبرىلەرگە ئابىدە تېشى ئورناتمىغاچقا، ئۇ قەبرىنى قايتا ـ قايتا ئىزدەپمۇ تاپالمىدۇق. «مۇشۇ يەردە دۇئا قىلىپ كېتەيلى» دېگەن پىكرىمىزگە ئانام زادى ئۇنىمىدى، ئاخىرى مەخپىرەت ئانامنىڭ قىزىنى تېلېفون قىلىپ چاقىرتىپ، ئۇ چىققۇچە ئايپتاپتا كۈتۈپ، ئاخىرى قەبرىنى كۆرۈپ، قىرائەت قىلىپ قايتتۇق. ھەممىدىن ئانام بەك يىغلىدى، بەزلەپمۇ زادى توختىتالمىدۇق. دېمىسىمۇ بۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاكى مەخپىرەت ئانام ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئىزدەشكەن سىرداش دوستلاردىن ئىدى. ئانام مەخپىرەت ئاچامنىڭ تۇپراق بېشىدا ئون ياش چاغلىرىدىكى بىر ئىشنى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

ئۈچىنچى سىنىپقا چىققان يىلىدىكى تەتىلدە مەخپىرەت ئاچام ئانىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يىراق بىر يېزىسىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئانىسى قايتىپ كەپتۇ. ئانام دوستىنى سېغىنىپ ھەر كۈنى ئۆيىگە بىر قېتىم كېلىپ قاراپ قويۇپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىمۇ يېقىن ئىكەن. شۇ كۈنى كەلسە ئىشىك ئوچۇق تۇرغان، دوستۇم كەپتۇ، دەپ يۈگۈرۈپ كىرسە ئانىسى بار ئىكەن. مەخپىرەتنى سورىسا يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغىنىنى ئېيتىپ:

— ئانىلىرىدىن سوراپ كەلسىلە، مەخپىرەت سىلىنىڭ گەپلىرىنى تولا قىلىپ، كېتىمەن دېگىلى نەچچە كۈن بولدى. تەتىل بولغاندىكىن بىللە ئويناپ كېلىشلار، ئانىلىرى ماقۇل دېسە بۈگۈنلا ماڭىمىز، — دەپتۇ.

ئانام يۈگۈرۈپ ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىنى مىڭ تەستە قايىل قىلىپتۇ. مومام ئانامنى مەخپىرەتنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ، ئانىسىغا تاپىلاپ ھەپتىگە قالماي چوقۇم يېنىپ كېلىشكە ۋەدە ئېلىپ قويۇپتۇ. ئانام دوستى بىلەن كۆرۈشۈش خۇشاللىقىدا تاقلاپ دېگۈدەك يولغا چىقىپتۇ. كىم بىلسۇن، چۈمبۈس دېگەن بۇ يېزىغا ھەتتا ئېشەك ھارۋىسىمۇ يوق، ئەتىگەن يولغا چىققان ئادەم قاش قارايغاندا ئاران بېرىپتۇ. يول ئازابىدا پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەن ئانام يېرىم يولدا يىغلاپ كېتىپتۇ. كەچتە دوستى بىلەن يىراقتىن تووۋلىشىپ، سەكرىشىپ كۆرۈشۈپ، ھېلىقى يىغلىغانلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. بىر ھەپتە ئېتىزمۇئېتىز يۈگۈرۈپ ئويناپ، بىر كۈنى ئېتىز قىرىدا بىر موزاينىڭ ئانىسىنى ئۇسۇپ ئېمىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ. موزىيىنى سىلاپ قويماقچى بولۇپ يېنىغا بارسا ئىنەك موزىيىنى قىزغانغاندەك ئانامغا قاراپ ھۆركىرەپتۇ. بىر ھازا قاراپ تۇرغان ئانام تۇيۇقسىز «پاڭگىدە» يىغلاپ كېتىپتۇ. نېمە بولغانلىقىنى سورىسا «ئانامنى سېغىنىپ كەتتىم» دەپتۇ،

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسىلا قايتىپ كەپتۇ.
رەھمەتلىك ئانام نەدە ئانىسىنى ئېمىۋاتقان موزاي يا قوي ـ ئۆچكىلەرنى كۆرسە، ھەتتا تېلېۋىزوردا شۇ خىل كۆرۈنۈش چىقسىمۇ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيتتى:
ــ موزايغا قاراپ تۇرۇپ تويۇقسىز ئانام يىراقتا مېنى ساقلاپ تۇرغاندەك بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كېلىپ، پۈتۈمنىڭ ئۇچىدىن بىر ئاچچىق سېزىم بېشىمغا چىققاندەك يىغلاپ كەتكەنىدىم. ھازىرمۇ شۇ سېزىمنى، شۇ مەنزىرىنى ئېنىق ئەسلىيەلەيمەن، ئۇ ئاجايىپ بىر خىل سېغىنىش سېزىمى ئىدى. شۇ سېزىمنى ئەسلىسەم، ھازىرمۇ ئانامنى ئاشۇنداق ئۆتەتەك سېغىنىمەن ...
مانا بۈگۈن شۇ سېزىمنى مەن ھېس قىلىپ، ئۇنى قاندۇرالماي، چاڭقاپ، «بىر دانە ئەردىم، مىڭ دانە بولدۇم» دېگەن قەشقەر خەلق ناخشىسىدىكى مىسرالاردەك بولۇپ يۈرمەكتىمەن ...

*　　　*　　　*

بىر كۈنى ئانام بىلەن ھېيتگاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇن ـ تىنسىز قاراپ تۇرۇپ كەتتۇق. ئانام ئەتراپقا قاراپ ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئېنىقكى ئانامنىڭ بۇ يەردە بالىلىقى، ياشلىقى، تالاي ـ تالاي ئىزنالىرى بار ئىدى. بەلكىم بالىلىق چاغلىرىدا مەندەك ئانىسىغا ئەگىشىپ بۇ يوللارنى بىللە ماڭغان بولغىيدى، دوستلىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام چاقچاقلىشىپ، تاقلاپ چېپىشىپ ئوينىغان بولغىيدى، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يوللاردا ماڭغان ھەم بولغىيدى. ئانام بىرئازدىن كېيىن يىغلامسىراپ سۆز باشلىدى. دېمەك، مەن توغرا پەرەز قىلغانىكەنمەن:
ــ كىچىك چاغلىرىمدا ھېيتگاھقا كېلىشكە ئامراق ئىدىم. ئانام كۆكتات، ئاچچىقسۇغا بۇيرۇسا ئاتايىن ھېيتگاھقا كېلەتتىم. بۇ يەردە قىزغىن بازار كەيپىياتى بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مەدداھلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئادەملەر ئارىسىغا كىلىپ ئۇلارنىڭ جەڭنامىلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتىم. سىيىت نوچى، ئابدۇكېرىمخان غوجام قىسسىلىرىنى شۇ يەردە ئاڭلىغانمەن، تىلەمچىلەرنىڭ يورەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق قوشاقلىرىمۇ ھازىرقىدەك قۇلاق تۈۋىمدە، ساپايىلىرىنى رىتىملىق چېلىپ قوشاق ئېيتىپ ماڭاتتى. مەدداھلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالاتتىم، بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ سەي ـ كۆكتاتنى ئېلىپ ئۆيگە بارسام، ئانام ئىشىك ئالدىغا چىقىپ مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. «قىز بالا دېگەن داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرەمدۇ، قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا قاراپ تۇرىدىغان ھاڭۋاقتى قىز بولما...» دەپ سۆزلەپلا كېتەتتى.

— ئانا، ھېيتتا بۇ يەر تازا قىزىپ كېتەر بولغىيدى، — دېدىم ئۆنى ئەسلىمە قوينىدىن تارتىپ.

— ۋاي گېپىنى قىلماڭ، قىزىم، ھېيت بولسا پۈتكۈل شەھەر باشقىچە قىزىپ كېتەتتى. ئۇنداق ھېيتنى دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق. ئۇ چاغلاردىكى تۇرمۇش نەدىمۇ بۈگۈنكىدەك باياشات بولسۇن، شۇنداق بولسىمۇ يەنە شۇ قىيىنچىلىق ئىچىدىنمۇ بىر خىل روھنى كۆرگىلى بولاتتى. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا سەمىمىيلىك، دوستانىلىق، مېھرىبانلىق بار ئىدى. ئەتە ھېيت دېگەن كۈنى ئانام چېچىمنى ئۆششاق ئۆرۈپ قوياتتى. يېڭى كىيىملىرىمنى بېشىمغا قويۇپ يېتىپ، خۇشاللىقتا خېلى چاغقىچە ئۇيقۇم كەلمەيتتى. ئەتىسى يېڭى كىيىملىرىمىزنى كىيىپ، ھېيتلىق پۇللىرىمىزنى ئېلىپ ھېيتگاھقا يۈگۈرەيتتۇق. ئۇ قاينام ـ تاشقىنلىقنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولالمايمەن. كىشىلەر توپى ئارىسىدىن قىستىلىپ كىرىپ ساما كۆرەتتۇق. ساما سېلىۋاتقان ئۇ ياشلاردىكى جەڭگىۋارلىق، مەردانىلىك، ئەركەكلىك كۆزگە تاشلىناتتى. سامادىن ئوقچۇپ

تۇرغان شىر كەبى جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلارمۇ يەرنى كۆچ بىلەن تېپىپ، سەكرەپ تۇرۇپ ساما ئۇسسۇلى ئويناپتتى. هازىر ئويلىسام، شۇ قىرىپ هاسىغا چۇشۇپ قالغان بوۋايلاردىمۇ بىر خىل تىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئانام سۆزلەپ مېڭىپ سەكسەن ـ توقسان ياشلاردىكى بىر ئەما بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ پۇل بەردى ۋە سىنچىلاپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ئۇمچىيىپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئاندىن سومكىسىنى ئاختۇرۇپ يەنە پۇل قوشۇپ بەردى. ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدىن سەل يىراق كەتكەندىن كېيىن كەينىگە قاراپ ياش تۆكۈپ:

— بۇ دۇنيادا قانداق ئۆلۈپ كېتىشىمىزنى هېچقايسىمىز بىلمەيمىز. ئەتە نېمە بولۇشىمىزنى تېخى بىلمەيمىز. بۇ ئادەم بۇگۈنكىدەك كۇنگە قالىمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيدى. كىچىك چاغلىرىمدا بۇ ئادەم بىزنىڭ قوشنىمىز ئىدى، ئاشخانا ئاچاتتى، باي ئائىلە ئىدى. دائىم لەڭمەن پىشۇرغان ئاش سۈيىنى يۇندى كۆلچىكىگە تۆكەتتى. ئانام رەھمەتلىك: «ۋاي ئىسىت، ئېشىپ قالغان ئاشلار يۇندا ئازگىلى ئەتراپىدا دەسسىلىپ قېلىۋاتىدۇ، چىقىپ تېرىپ قوياي دېسەم، نساخان تۆكۈلگەن ئاشلارنى تېرىۋاتىدۇ دېمىسۇن دېدىم» دەيتتى. ئۆزىمۇ پۇلۇم بار دەمدىكىن هاكاۋۇر، مەنمەنچى ئادەم ئىدى، — دېدى.

— بايا نېمىشقا تونۇشلۇق بەرمەيسەن، ئانا، — دېدىم.

— خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دېدىم، ئاتتىن چۇشسىمۇ ئۆزەڭگىسىدىن چۇشمەيدىغان ئادەم ئىدى. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقىدىن تىلەۋاتىدۇ. يۇرۇڭدا مۇزدەك بىر دوغ ئىچەيلى، ئىچىم ئېچىشىپ بىئارام بولۇۋاتىمەن.

ئىككىمىز هېيتگاھنىڭ يان تەرىپىدىكى دوغچىنىڭ ئورۇندۇقىغا كېلىپ دوغ ئىچكەچ بايىقى گېپىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

— ئۇ ئادەمنىڭ بالىلىرى يوقمىدى، ئانا ؟

— بىز بىلەن ئوينايدىغان ئۈچ بالىسى بار ئىدى. كېيىن ئايالى تۇگەپ كېتىپ، شۇ ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان بىر قىزنى ئالغان. ئۇ قىز ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئۆگەيلەپ، كۆرسەتمىگەن كۈنى قالمىغانىدى...

— ئاجايىپ جاھان ئىكەن بۇ ...

خېلىدىن بېرى ئانام ئىككىمىزنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاچ ئىشىنى قىلىۋاتقان دوغچى سۆز قىستۇردى:

— سىلەر ئەخەت قارىيىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن، ئاۋۇ ئەما ئادەمنىڭ.

— ھەئە، — دېدىم سەل ھەيران بولۇپ، — سىلىمۇ تونۇملا؟

— ئۇ ئادەمنى جىق ئادەم تونۇيدۇ. كىچىك چاغلىرىمىزدا ئاشخانىسى ئالدىغا بېرىپ، قاسقاندىكى ھورى چىقىپ تۇرغان مانتىلارغا قاراپ شۆلگەيلىرىمىزنى ئېقىتىپ كېتەتتۇق. ئۇ چاغدا بىز نامرات ئىدۇق، ئېشىپ قالغان تاماقلارنى كۆزىمىزچىلا تۆكۈۋېتەتتى، بىزنى تىللاپ قوغلىۋېتەتتى. كۆزى تۇتۇلۇپ قالغىلى ئۇزاق بولدى. چوڭلارنىڭ «نانىنى دەسسىسە قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزىمۇ راست ئىكەن، مۇشۇ ئادەم كىچىكىدىن پەشخۇندا خېمىر يۇغۇرۇپ، قورۇق ئۇن بىلەن لەگمەن قىلاتتى، پەرتۇقى ئۇنىغا مىلىنىپ كېتەتتى. پۇتىغا چۇشۇپ كەتكەن ئۇنلارنى دەسسەپ ئىشلىگەچكە تۇز ـ تاماقلار جازالىدى بۇ ئادەمنى، ھەي ...

— بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان ئۈچ بالىسى بار ئىدى، — دېدى ئانام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

— ئۇ بالىلىرىنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا. «كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولماس» دەپ، ھېلىقى ئارزۇلۇق ئۈچ بالا ئاشخانىدا قاچا يۇيۇپ، مۇشۇ ئۆيىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر ئايالىنىڭ قولىدا خارلىنىپ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. بىلگەنلەر: « ئەخەت قارىيىنىڭ بۇرۇندىن شۇ ئايال بىلەن چاتىقى بار ئىكەن، ئايالى شۇ دەردنى ئىچىگە سىلىپ، ئەجىلىدىن بۇرۇن

ئۆلۈپ كەتكەن» دېيىشىدىكەن، ئۇنى بىز بىلمەيمىز. لېكىن، كېيىن ئالغان ئايشەمخان بىزنىڭ مەھەللىلىك تۇل ئايال ئىدى. شۇ ئەخەت قارىينىڭ ئاشخانىسىدا ئۇزاق يىل قاچا يۇيۇپ ئىشلىگەن، كېيىن توي قىلغاندىن كېيىن ئىككى بالا تۇغدى. ئايشەمخان قاچا يۇيۇپ، شۇ ئۆينىڭ تۇز - تامىقىنى يەپ ئۆتكەن كۇنلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى.

— ھەي، ئادەم دېگەن ئۆزگىرىدۇ جۇمۇ، كۆزىگە ماي تولسا ھەممە نېمىنى ئۇنتۇيدۇ، — دېدى ئانام ۋە، — بالىلىرى ئەخەت قارىيغا قارىمايۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى دوغچىدىن.

— بالىلىرىنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا. بۇرۇنقى ئايالىنىڭ بالىلىرىغا ئايشەمخان كۈن بەرمىدى. ئۇ غوجايىن بولۇپ، ئەخەت قارىينىڭ بالىلىرىنى قاچا يۇدۇرۇپ، ئېغىر - يېنىك ئىشقا سېلىپ يۇردى. كېيىن بالىلىرى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەخەت قارىيمۇ ئايشەمخاننىڭ كەينىگە كىرىپ بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان بالىلىرىنى تولا ئۇرۇپ، ئىككى ئوغلى ئىچكىرىگە كەتتى، قىزىنى مەكتەپكىمۇ بەرمەي كېيىنكى خوتۇنىدىن بولغان بالىسىنى باقتۇردى. ئۇ قىزنىڭ كۆرگەن كۈنىگە ئادەم چىدىمايدۇ. مەھەللىدىكىلەر ئايشەمخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ نەسىھەتمۇ قىلدى، بىچارە قىزنىڭ قاش - قاپاقلىرى، بەدىنى كۆكلا يۇرەتتى، قوشنىلار ئۇلار كۆرمەستە ئاستا ئۆيىگە ئەكىرىپ تاماق بېرىپ، بەدەنلىرىنى كۆرۈپ يىغلىشىپ كەتكەنتىمۇ ئاڭلىغانىدۇق.

— ھازىرچۇ، بالىلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — تاقەت قىلالماي سورىدىم.

— بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان ئىككى ئوغلى ئىچكىرىگە كىرىپ، بىرسى زەھەر چېكىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بىرسى شۇ يەردە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بوپتۇ، ئۇ ئوغلى كېلىپ يوقلاپ كەتتى. قىزىنىمۇ كىچىكلا ياتلىق قىلغان، ئېرى دېھقان ئىكەن، ئۇمۇ ئارىلاپ يوقلايدۇ.

— كېيىنكى خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرىچۇ؟ — سورىدىم يەنە.

— ئارزۇلاپ باققان بالىلىرىنىڭ بىرسى تۈرمىدە، بىرسى ئۈرۈمچىدە ئىمىش. لېكىن، ئاتا - ئانىسىنى زادى يوقلىمايدۇ. شۇنداق، نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىدىغان جاھان بۇ، — دېدى دوغچى يىراقلارغا قاراپ.

بىزمۇ دوغىمىزنى ئىچىپ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سۆھبەت ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدۇق. قاچىمىزدىكى ئېشىپ قالغان مۇزلارمۇ خۇددى يۈرىكىمىزدەك ئېرىۋاتاتتى. دۇكانغا بىزدىن باشقا خېرىدارمۇ كەلمىدى. دوغچى بىزگە سۆز قىلاتتى - يۇ، كۆزى كېتىۋاتقان كىشىلەردە ئىدى. ئارىلاپ دۇكان ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان شۇ كىشىلەرگە: «كەلسىلە، مۇزدەك دوغ ئىچىپ ماڭسىلا» دەپ توۋلاپ قوياتتى. پاراڭ ئارىسىدىمۇ سودىسىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن شۇ دوغنىڭ ئۆزگىچە تەم - بەرىكىتى بىلەن بىر ئائىلىنى، نەچچە جاننى باقىدىغان گەپ - دە.

— ئايشەمخانچۇ؟ — دەپ سورىدى ئانام.

— ئۇ خوتۇن بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىنى كۆردى. ئوغلى ئىچىپ - چېكىپ، قىمار ئويناپ، ئاتا - ئانىسىغا كۆرمىگەن كۈننى كۆرسەتتى، دۇكىنىنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتى، كېيىن تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنىغا دەپ يىغىپ، تىقىپ قويغىنىنى يەنە بىر ئوغلى ئېلىپ قاچتى. ئايشەمخان ئېلىشىپ قالدى. كوچىدا چاچلىرى چۇۋۇق، ئەخلەت تېرىپ يۈردى. باشتا ئەخەت قارىي يېتىلەپ يۈردى، ئاخىرى ئۇ بىچارىنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالدى. كېيىن بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان قىزى كېلىپ باقتى، كۆرسىلە.

— بۇ شۇنداق ئۆتنە ئالەم، ھېسابلىق ئالەم، ھېلى باغ چۆرگۈلىسە، ھېلى تاغ چۆرگۈلەيدىغان. ئايلىنىپ يەنە شۇ قىزنىڭ قولىغا قاپتۇ، تۇۋا دېگۈلۈك، — دېدى ئانام.

بۇ ئىبرەتلىك پاراڭلارنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئاڭلىغۇم بار ئىدى، دوغچى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى. ئانام ئۇزاقتىن بېرى كۆرمىگەن ـ ئاڭلىمىغان بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، ئۆز پەدىسىدە تەھلىل قىلىپ، ھاياتتىن خۇلاسە چىقىرىۋاتاتتى، مەن بولسام قىممەتلىك بىر ماتېرىيالغا ئىگە بولماقتا ئىدىم. دوغچىنىڭ بۇ بايانلىرىغا جاۋابەن يەنە ئىككى ماروژنى بۇيرۇتتۇم، ئانام بۇ مەقسىتىمنى چۈشەنمەي:

— بولدى، سوغۇقمىز ئىچىپ كېتىدۇ، مۇزدەك دوغنى ھېلىمۇ تازا ئىچتۇق، — دېدى.

— دوغ، ماروژنى باشقىچە تەملىك ئىكەن، ئۈرۈمچىدە بۇنداق تەمنى تاپالمايمىز، يەۋالايلى، — دېدىم.

— ئانىلىرى سىلىنى ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالمىسۇن دەپ ئاياۋاتىدۇ. كەچتە ئىككى زىختىن كاۋاپ يەۋېتەرسىلە، شۇنىڭ بىلەن تەڭشىلىپ كېتىدۇ. ماۋۇ قىز بالا بۇغداي ئۆڭ ئىكەن، سوغۇقجانمۇ ئەمەس، ئەنسىرەپ كەتمىسىلە، ئۈرۈمچىنىڭ سېرىقئېشىدىن ياخشى. سۈت ـ قايماق بار ئەمەسمۇ ئىچىدە، — دېدى گەپتان دوغچى.

— ھازىر ئايشەمخان نەدىدۇ؟ — سورىدىم تېمىغا قايتىپ كەلمەكچى بولۇپ.

— بۇ قىزلىرى مۇخبىرما؟ ماروژنىنى ئەسلىدە ئەخەت قارىينىڭ تارىخىنى بىلىش ئۈچۈن يەپتۇ ئەمەسمۇ؟ — سەزگۈر دوغچى بۇ مەقسىتىمنىمۇ بىلىۋالغانىدى.

— كېيىن ئۇ قىزىمۇ كۈندە يېنىدا تۇرۇپ قاراپ بولالمىدى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ ئەرنىڭ قولىدا، يېزىدا تېرىيدىغان يېرى، باقىدىغان بالىسى، كالىسى بار ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ھەر ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كېلىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، يوقىنى بار قىلىپ بېرىپ كېتىدۇ. دېھقانىنىڭ تۇرمۇشىمۇ قانچىلىك بولىدۇ دەيلا، يەنە شۇنداق ئىشلىسىمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان گەپ. ئۇ بىچارىمۇ ھال ـ كۈنىگە لايىق قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قوشنىلارمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز. ئىچكىرىدىكى ئوغلى كېلىپ قىيسىيىپ ئارانلا قالغان ئۆيلىرىنى ئوڭشاپ بەردى. كېيىن ئايشەمخاننى ساناتورىيەگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ، بولمىسا كوچىغا چىقىۋېلىپ ئاۋارە قىلىدىغان گەپ. كەينىدىن يۈرىدىغان ئەخەت قارىي ئەما، ئۇ ساناتورىيەگىمۇ پۇل تۆلەيمىش، بىكارغا ھېچ ئىش يوق ئىكەن بۇ جاھاندا. ئۇ پۇلنىمۇ ئىچكىرىدىكى ئاشۇ ئوغلى ئەۋەتىمىش، ئۇ بالىسى تۇرمىدىكى دادا بىر، ئانا باشقا ئىنىسىنىمۇ يوقلاپ تۇرىمىش، ئاللا باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن دېدىمۇ، ئەخەت قارىيغا ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيدىغان كوينى سېلىپ قويدى. ئاشۇنداق ئولتۇرىدۇ، ئۆتكەن ــ كەچكەنلەر، تونۇيدىغان ــ بىلىدىغانلار ئىچ ئاغرىتىپ تاپقىنىنى بېرىدۇ، بەزىلىرى كېلىپ مۇڭدىشىپ كېتىشىدۇ، ئۇمۇ شۇنىڭدىن خۇش. بالىلىرى «بىز تاپقىنىمىزغا لايىق قاراۋاتقاندىكىن كوچىغا چىقمىغىن، دادا» دېسە، «ئۆيدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئولتۇرامدىم، كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاي» دەپتۇ. ھەي، بالىنىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئالدىدا پەرزەنتلىك بۇرچى بولغىنىدەك، ئاتا ــ ئانىنىڭمۇ بالىلىرى ئالدىدا ئاتا ــ ئانىلىق بۇرچى بولىدۇ. ئەخەت قارىي بالىلىرىغا دادىلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى، بۇمۇ شۇنىڭ جاۋابى بولسا كېرەك ...

بۇ دۇنيادا كۆلۈپ ياشاشنىڭ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلى دۇنياغا، ھاياتقا مېھىر ــ مۇھەببەت، سەۋر ــ تاقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، بوران ــ چاپقۇندىن كېيىن پارلاق قۇياشنىڭ چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھەم ئۈمىد بىلەن قاراشتۇر. ھەممىمىز ئېگىزدە تۇرۇپ پەسكە قاراپ ياشاشنى بىلسەك تەسەللىگە ئېرىشەلەيمىز. چۈنكى، ئەتراپىمىزدا بىزدىنمۇ ئېغىر كۈندە ياشاۋاتقانلار بار.

# ئۆمۈر دەرياسى

ئۆتمۈشنى سۆزلىمە ئەزىزىم ماڭا،
ئىچكۈم بار مۈشۈ دەم بىر پىيالە چاي.
خاتىرەم بېتىدە نۇر بولۇپ چاقنار،
مۇقەددەس روھلار ۋە مۇقەددەس جاي.

2008 ـ يىلى ئانام ھەج قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە مەككىگە باردى. رەسمىيەتلىرى پۈتكەندە ۋىزىغا قاراپ يىغلاپ كەتتى. بىز بۇ يىغىنى ئانامنى خۇشال بولۇپ يىغلاۋاتىدۇ دەپ بىلىپتۇق، ئانام كېيىن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:
— رەھمەتلىك ئاتا ـ ئانام مۇشۇنداق بەختكىمۇ ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كەتكەنىدى، ھازىر بولغان بولسا ئېلىپ بارماسمىدىم، — دېدى.

رەھمەتلىك دادامنىڭ ھەج ئارمىنى ئەمەلگە ئاشماي كېتىپ قالدى. دادام زىققە كېسىلى بىلەن ئون بەش يىل ئېلىشتى. كۆپ ھەرىكەت قىلسا ھاسىراپ نەپەسى يېتىشمەي قالاتتى، شۇڭا بۇ مۇقەددەس ۋە جاپالىق سەپەرگە بېرىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغانىدى. دادامنى قالدۇرۇپ ئانامنى يولغا سالايلى دېسەك، ئانام دادامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ «كېلەر يىلى ياخشى بولۇپ قالار» دەپ دادامنىڭ كۆزىگە قاراپ، يېرىم ئەسىرلىك ھەمراھىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. بۇمۇ رەھمەتلىك ئانامنىڭ «ئەر رازى، خۇدا رازى» دەپ ئەرنى ئۇلۇغلىغان پەزىلىتى بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئانامغا جىق تەسەللى بەرگەن بولدۇق. دۇنيادا ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ھەج قىلىش ئارمىنى بولىدۇ، ئانامغا سەپەرگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى، ھەتتا ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىۋالىدىغان تۈگمە، يىڭنىلەردىن تارتىپ يېڭىدىن تەييارلاپ بەردىم. ئانام بۇ مۇقەددەس سەپەرگىمۇ ھېلىقىدەك كىچىك كۆرپىچەكنى ئېلىۋالدى. ھەممەيلەن «يۈكۈڭنى ئېغىرلاتما» دېسەك زادى ئۇنىمىدى. ئانام مەككىگە چۈشۈپ تۆت كۈنگىچە ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. ئانامدىن ئەنسىرەپ قولۇم ئىشقا بارماي تىتىلداپلا يۈردۈم. بەشىنچى كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە بېرىپ، مەككىدىكى يېتەكچىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ، شۇ تېلېفون ئارقىلىق، قەشقەردىن ھەجگە بارغانلارنىڭ يېتەكچىسى تاجىك يىگىت مەۋلانقۇلنىڭ نومۇرىنى تاپتىم. مەۋلانقۇل ئۆزىنى ئىزدەش جەريانىمدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى ئانامنىڭ گېپىنى قىلىپ يىغلاپ سالغىنىمدىن تەسىرلەندىمۇ، بەش مىنۇتتىن كېيىن قايتا تېلېفون قىلىشىمنى، ئانامنى ياتىقىدىن چاقىرىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سائەتكە قاراپ يەتتە مىنۇت بولغاندا نومۇرنى تىترەپ تۇرۇپ قايتا باستىم. ئاھ خۇدا، ئانامنىڭ ئاۋازى... «ئانا» دېگىنىمچە يىغلاپ كەتتىم، ئاناممۇ يىغلىدى. ئانام بۇ تېلېفون نومۇرنى تاپقىنىمدىن ھەيران قالدى. كېيىن «بىزنى بەك ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، پوتكول پائالىيەت رەتلىك، دوختۇر ـ سېستىرالارمۇ بەك ياخشى» دەپ جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنى تەشكىللىگۈچىلەرنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك ئانام بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇردۇم. ئاق كۆڭۈل مەۋلانقۇل ھاجى ئانامنى ئۇچرىتىپلا قالسا مېنىڭ نومۇرۇمنى سايرىتىۋېتەتتى، مەن دەرھال تېلېفون قايتۇراتتىم. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، كېيىن ئىزدىشەلمىگەن مەۋلانقۇل ھاجىمغا شۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر رەھمىتىمنى ئېيتىمەن. بىر كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىن تەرجىمان بولۇپ بارغان مەۋلان ھاجى ئانامنى مەككە بازارلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، سۈرەتكە تارتىپ خاتىرە قالدۇرۇپ بېرىپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇلارغىمۇ رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئانام ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەپەر تەسىراتلىرىنى كىچە ـ كۈندۈز، تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپ ھارمايتتى. يەنە بىر نۆۋەت بېرىشنى ئارمان قىلاتتى، ھەرەم دەپ بولغۇچە كۆز يېشى قىلاتتى. دۆلىتىمىزنىڭ ھەج سىياسەتلىرىنى ماختاپ كېتەتتى. مەن چاقچاق قىلىپ:

— مۇشۇنداق ماختاپ بىر ماقالە يېزىۋەتكىنە، شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر بېرىشىڭنى تەستىقلاپ قالار، — دېدىم.

— چاقچاق قىلماڭ، شۇنچە ئادەمنى تەشكىللەپ، رەتلىك ئورۇنلاشتۇرماق ئاسان ئەمەس. بىر سىنىپتىكى ئوتتۇز بالىنى مۇئەللىمى باشقۇرالماي ئۇنى پۇتۇپ كېتىدۇ، نەچچە مىڭ ئادەمنى باشقۇرماق ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ياشانغانلارنىڭ قۇلىقى ئېغىر، قائىدە ـ قانۇنلارنى چۈشەندۈرسە ياخشى ئاڭلىمىغان، ھازىر بىر گەپنى دېسە بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان. ئۆمەك خادىملىرى كىچىك بالىلارغا سۆزلىگەندەك ئېزىپ ئىچۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ كېتىدۇ. ئادەملەرمۇ ئوخشاش بولمىغاندىكىن ئويلىمىغان ئىشلار چىقىۋاتقان، — دېدى.

ئانام مەككىدىكى سۈرەتلەرنى كۈندە كۆرەتتى، يەنە دېگەن گەپنى قايتىلاپ سۆزلەيتتى، بىزنىڭ دۆلىتىمىز بەك ياخشى ئىكەن دەپ ماختايتتى.

— ھە ئانا، بۇ سۈرەتلەر بىزگە ياد بولۇپ كەتتى، مانا بۇ ئالتۇندىن ياسالغان مېھراب، بۇ كەبىنىڭ ئالدى، بۇ كەپتەرلەر بىلەن ئايرىم سۈرەتكە چۈشۈپ كەتكىنىڭنى قارا، — دېدىم.

— كەپتەر نوھ ئەلەيھىسسالامغا زەيتۇن شېخى چىشلەپ توپاننىڭ يانغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەچكىمىكىن مەككىدىكى مەيداننىڭ مېھمىنى ئىكەن. ئايالار «بۇ كەپتەرلەرنىڭ دېنىنى

توغمىغان ئاياللار يېسە داۋا» دېۋىدى، بىر كۈنى بېرىپ چېچىلىپ ياتقان دانلىرىدىن يىغىپ، قۇدىمىزنىڭ قىزىغا ئېلىۋالدىم. كېتىۋېتىپ ئەجەب كەپتەرنىڭ رىزقىنى ئېلىۋالدىمما دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، كەينىمگە يېنىپ ئىككى رىيالغا بىر خالتا دان سېتىۋېلىپ، كەپتەرلەرگە چېچىپ بېرىپ، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ كەتتىم. قارىسام مەن بىلەن دان ئالغان ئاياللار مېنى ساقلىماي كېتىپ بوپتۇ، تېنەپ يۈرسەم، بىزنىڭ ئۆمەكنىڭ كېيىمىدىن تونۇۋالغان ئىككى هاجى مېنى مېھمانخانىغا ئەكېلىپ قويدى. قارىسام ئۇ ئاياللار تېخىچە كەلمەپتۇ، كەچ بولغاندا تىل بىلمىگەچ بىلىكىدىكى ئادرېس بويىچە ساقچىلار ئەكېلىپ قويدى.

— كەپتەرلەرنىڭ رىزقىنى تولۇقلاپ بەرگىنىڭنىڭ ئەجرىنى شۇ ئان كۆرۈپسەن. ئۆمەكدىشىڭ سېنى كىيىمىڭدىن تونۇپ ياتىقىڭغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. ھەمراھىڭغا سادىق بولمىغان ھېلىقى سەپەرداش ئاياللار ئېزىقىپ جازاسىنى تارتىپتۇ. بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى بار، — دېدىم ئۆزۈمچە دانىشمەنلىك قىلىپ.

— توغرا دەيسىز، قىلغان ئىشىڭلا ئەمەس، كۆڭلۈڭدە ئويلىغانلىرىڭمۇ ھېسابىنى بېرىدۇ كىشى. «نىيىتىڭ — يولدىشىڭ» دەيدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، نىيىتىڭلار بەك دۇرۇس بولسۇن، باللىرىم، ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت، نىيەت خالىس بولسىلا ئادەم ھامان تىلىكىگە يېتىدۇ...

مېنى قىيناۋاتقان ھەسرەتلىك خىياللىرىم ئاخىرىغا چىقار ئەمەس، ئاھ ئانا، بۇ دۇنياغا قايتا بىر كېلىش پۇرسىتى بولغىنىدا ئىدى، سەن ئۇچۇنلا ياشىغان بولار ئىدىم... ئاھ، ئارمان، پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ھايات...

ئانامنىڭ مەككىدە چۈشكەن سۈرەتلىرىگە قاراپ يەنە خىيالغا كەتتىم.

رەھمەتلىك ئانام دائىم «ياخشىلىق قىلىش كېرەك، ياخشى ئەمەللەر ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ» دەيتتى. ھەممىلا ئادەمگە ياخشىلىق

قىلسامىلا دەيتتى. داستىخاندىكى نان ئۇۋاقلىرىنى ئالتۇن تەرگەندەك تېرىپ دېرىزە سىرتىغا قويۇپ قوياتتى، دېگەندەك قۇشقاچلار كېلىپ يەيتتى. ئانام مەككىدە ئاڭلىغان راست بولغان ۋەقەلەرنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى، مانا ئەمدى قەلبىمدە تەكرارلىماقتىمەن:

مەككىدە بىرلا قىز بوۋىقى بار بىر ئايال راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئامېرىكىغا بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ كەپتۇ. دوختۇرلار ئايالغا ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر يىل ئۆمۈر كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئايال بوۋىقىغا قاراپ يىغلايدىكەن، ئۇنىڭغا چىدىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە مالايسىيالىق بىر خىزمەتكار ئايال بار ئىكەن. ھەر كۈنى بۇ ئايال تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئۇزاقتا چىقىدىكەن. غوجايىن ئايال خىزمەتكارنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بوپتۇ. ئىنچىكە كۆزىتىپ تازىلىق ئۆيىدە ئۇزاق تۇرغاندىن باشقا ھېچقانداق بىنورمال ئىشلىرىنى سەزمەپتۇ. زەھەرلىك چېكىملىك چېكەمدىكىن دەپ گۇمان قىلىپ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپمۇ بېقىپتۇ، ھېچقانداق سەۋەب تاپالماي ئاخىرى ئايالدىن تازىلىق ئۆيىدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. مالايسىيالىق ئايال يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭمۇ سىزدەك بىر قىز بوۋىقىم، يەنە ئىككى ئوغلۇم بار. تېخى بىر ئايلىقمۇ بولمىغان قىزىمنى ئانامغا قويۇپ، پۇل تاپقىلى بۇ دۆلەتكە كەلدىم. بىز بەك نامرات، ئېرىم كېسەل، بۇ ئۆيدە سىز ماڭا كۆپ غەمخورلۇق قىلىۋاتىسىز، سىزگە كۆپ رەھمەت. ئانامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئائىلە كىشىلىرى سىز بەرگەن پۇل بىلەن جان بېقىۋاتىدۇ، بۇ ئۆيدە ئېشىپ قالغان تاماقلارغا قاراپ ئۆيۈمدىكىلەرنى ئويلاپ يىغلاپ كېتىمەن، بىز بۇنداق تاماقلارنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيمىز، بۇ ئۆيدە ئوزۇقلىنىشىم ياخشى بولغاچ سۈتۈممۇ تارقىمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىڭىزنى ھەربىر كۆرسەم، ھەتتا يىغىسىنى

ئاڭلىسامۇ ئانا سۈتىگە تەلمۈرگەن بىچارە قىزىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىپ سۈتۈم ئېقىپ كېتىپتۇ، تازىلىق ئۆيىگە كۆپ كىرىشىم دەل مۇشۇ سەۋەبتىن. بىچارە بالامنىڭ ھالال رىزقى بولغان سۈتۈمنى ئامالسىز سېغىۋېتىمەن.

خىزمەتكار ئايالنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان غوجايىن ئايال ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئايالغا نۇرغۇن پۇل بېرىپتۇ. ئايروپىلان بېلىتى زاكاز قىلىپ، قايتىپ بېرىپ بالىسىنى باغرىغا بېسىشنى تەلەپ قىلىپ دەپتۇ:

— ماڭا نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىدىڭىز، بۇ دۇنيا مۇشۇنداق تەڭسىز دۇنيا. مېنىڭ تالاي بايلىقىم بار، لېكىن سالامەتلىكىمدىن ئايرىلىپ ئەزرائىلنى كۈتۈپ ياتىمەن، سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ياخشى، ئائىلىڭىز، ئانىڭىز بار، لېكىن پۇلىڭىز يوق. سالامەتلىك ئالدىدا پۇلنىڭ يوقلۇقى ھېچ گەپ ئەمەس، ئىنسان ھاياتلا بولسا ئۇنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن بولىدۇ. ھاياتىمنىڭ بۇ ئازابلىق كۈنلىرىدە مەن سىزگە ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغان مال ـ دۇنيايىمنى قالدۇراي، شۇلارنى ئېلىپ ئەتىلا دۆلىتىڭىزگە قايتىڭ، شۇ پۇللار بىلەن بىرەر ئىش قىلىڭ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە موھتاجلىقتا قالسىڭىز سىڭلىمنى ئىزدەڭ، مەن ئۇنىڭغا چوقۇم تاپىلايمەن.

شۇنداق قىلىپ، غوجايىن ئايال ئۇ ئايالنى نۇرغۇن پۇل بىلەن مالايسىياغا ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئىككى ئايدىن كېيىن غوجايىن ئايالنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ماغدۇرلىنىپ، كېسىلىدە ياخشىلىنىش بوپتۇ، دوختۇرلار تەكشۈرۈپ بۇرۇنقى دىياگنوزىدىن گۇمانلىنىپتۇ، ئايالدا ھېچقانداق راك ھۈجەيرىلىرى بايقالماپتۇ. بۇ ئىش ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپتۇ، ئامېرىكىدىكى دوختۇرلارمۇ سەۋەبىنى بىلەلمەپتۇ، «مېدىتسىنادا مۆجىزىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇمۇ بەلكىم بىر مۆجىزىدۇر» دەپ خۇلاسە چىقىرىپتۇ. لېكىن، ئايال مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ساقىيىپ قېلىشىم ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس، مەن بۇ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئېچىپ، دۇنيانىڭ تەڭسىزلىكىدىن ئىڭراپ ياتقان بىر بوۋاققا ئانىسىنىڭ كۆكسىنى، ئانا سۈتىنى، ئانا باغرىنى يەتكۈزۈپ بەردىم. پەقەت شۇنىلا قىلالىدىم، شۇ بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا تاتلىق بىر كۈلۈشى ماڭا قىتئە ئاتلاپ مىليون دوللارغا سېتىۋالىدىغان دورىنى، كېسىلىمنىڭ داۋاسىنى بەردى. شۇ بوۋاق ماڭا ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى تونۇتتى، ئەمدى مەن ھەشەمەتلىك داچىلاردىمۇ تۇرمايمەن، ئالتۇن - بىرلىيانتلارنىمۇ تاقىمايمەن. ئاشۇ بوۋاقتەك ياردەمگە موھتاج تالاي بوۋاققا ياردەم قىلىپ ياشايمەن.

ئاھ ئانا، يەردىكى دەسسىلىپ كېتىلىۋاتقان ئاشۇ كىچىككىنە چۈمۈلىنىڭمۇ ئۇۋىسى، چۈمۈلىلەر توپى، جۈپتى ھەم باللىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ياشاشقا، تۇرمۇشقا، ئائىلىگە مەسئۇلىيىتى شۇنچىلىك كۈچلۈككەنكى، ئەنە بىر توپ چۈمۈلە ھەمكارلىشىپ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ ھەرىنى ئۇۋىسىغا توشۇماقتا. بۇ ھېكمەتلىك دۇنيانى، ئايىغىمىز ئاستىدىكى چۈمۈلىلەر دۇنياسىنى چۈشىنىشكە قىزىقمىغاندەك چۈشەنمەيدىكەنمىز. دۇنيانىڭ پەقەت مۇھەببەت دەپ نالە قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىمايدىكەنمىز، بىر - بىرىمىزگە مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىشقا شۇنچىلىك پىخسىق ئىكەنمىز. ئاھ ئانا، ئىش - خىزمەت، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بۇ سۆزلىرىڭنى ھازىرقىدەك ۋاقىت چىقىرىپ چىن مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ باقمىغانىكەنمەن. تېگى يوق خىياللار قوينىدىمەن، لېكىن ھەربىر سۆزۈڭنىڭ تىرەن مەنىسىنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ ئولتۇرۇپتىمەن.

* * *

كۈنلەر ئېغىر قەدەملىرى بىلەن تولىمۇ تەستە ئۆتمەكتە. ئانىسىز كۈنلەرنىڭ رەھىمسىز تۈنلىرى مەن ئۈچۈن تاڭ ئاتماس

كېچىدەك مېنى جازالىماقتا. بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇنغان ئايغا قاراپ نالە قىلماقتىمەن: «ئەي تولۇن ئاي، سەنمۇ بۇلۇت كەينىگە ئۆتۈۋالدىڭغۇ؟ قېنى ئانامدەك ئىللىق چىرايىڭنى ماڭا بىر كۆرسەتكىنە، سەن ئانام بىلەن ئۆتكۈزگەن تالاي كېچىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدىڭغۇ؟ ئىشىنىمەن، سەن ھامان چىقىسەن، لېكىن ئانام قايتا كەلمەيدۇ.»

ئانامنىڭ مەن بىلىشكە ئۇلگۇرمىگەن يەنە قانداق ئارمانلىرى بولغىيدى دېگەن سوئال ئىچىدە نەچچە كۈن ئۇخلىمىدىم. بىر كۈنى يېقىن بىر دوستىمنى ئېلىپ تۇپراق بېشىغا چىقتىم. قەبرە بېشىدىن قايتقۇچە كۆپ پاراڭلاشتىم. ئانامنىڭ بالىلىقى، ياشلىقى، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە دوستلىشىپ، سىرداشىپ ئۆتكەن بۇ دوستىمۇ بۇ تۇيۇقسىز يوقىتىشتىن ھېلىغىچە ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىساقلا يىغلايتتۇق، تەسەللى بېرىشەتتۇق.

— ئانام بىلەن بەك مۇڭدىشاتتىڭلار، سىلىگە نېمىلەرنى كۆپ دەيتتى؟ — دېدىم كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ئانىلىرى مەندىن جانلىق، مەندىن چاققان ئىدى، ئۆزىنى بەك ئاسرايتتى، ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلەتتى، ھاياتنى قىزغىن سۆيەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. دوستىمدىن ئايرىلىش بەك تەس ئىكەن، بۇنى سۆز بىلەن دەپ بېرەلمەيمەن، بالام. بىز كېيىنكى كۈنلەردە ئۆتمۈشنى كۆپ ئەسلەشكەن ئىدۇق، بالىلىقىمىز، ياشلىقىمىزدىكى ئىشلارنى كۆپ دېيىشەتتۇق. ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ، دوستلىرىمىزنىڭ، كۆرگەن - بىلگەنلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگىنىنى، كەچمىشلىرىنى دېيىشىپ ھاياتتا ئۆزىمىزنىڭ باھاسىنى بېرىشەتتۇق.

— ئانام ئۆزىنىڭ ھاياتىغا قانداق باھا بېرەتتى، نېمە ئارمانىنى دەيتتى؟ — سورىدىم ئىسەدەپ تۇرۇپ.

— رەھمەتلىك ئانىلىرى بەك ئەقىللىق ئايال ئىدى، ھاياتنى، گۈزەللىكنى، دوستلۇقنى، مۇھەببەتنى بەك چۈشىنەتتى

ھەم قەدىرلەيتتى، ھەممە ئىشلارنى ئىلمىي چۈشىنەتتى، توغرا پىكىر قىلاتتى. قارىسام سىلى بۇ تەرەپلىرىنى كۆپ تارتىپلا، مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىزدا تاشكەنت نەشرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش مودا بولۇپ كەتكەن. بىرسىمىز ئوقۇپ بولساق، بىرسىمىزگە ئارىيەت بېرىپ ئوقۇيتتۇق. ھەممىمىزنىڭ رۇسچە ئىسىملىرىمىز بار ئىدى، «مىشا»، «ناتاشا»، «رىتا» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن خەت يېزىشىپ بىر ـ بىرىمىزگە ئەۋەتەتتۇق. خەتتە كىتابتىكى بايانلارغا ئوخشاش «دۈشمەن بىزنى كۆزىتىۋاتىدۇ، دىققەت... باھار كەلدى، قارلىغاچلار بىزنى كۈيلەپ سايرىشىۋاتىدۇ...» دېگەندەك ئوبرازلىق سۆزلەرنى ئىشلىتەتتۇق. سىلاۋيانچىمۇ ئۆگەنگەندۇق. ئانىلىرى ھەممىمىزدىن بۇرۇن توي قىلىپ كەتكەن.

ــ ھەئە، ئانامنى كىچىكلا تۇرمۇشلۇق قىلىۋېتىپتىكەن، شۇڭا دائىم: «ياشلىقىمنى، ئىقتىدارىمنى تۇرمۇشقا تېگىشكەنمەن، ئائىلە ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلغانمەن» دەيتتى. بۇنداق چاغدا تەسەللى بېرىپ: «تۇرمۇشمۇ مۇشۇ قۇربانلىقىڭ ئۈچۈن بىزدەك بەش پەرزەنتنى مۇكاپات قىلىپ بەردى، بۇمۇ خۇدايىمنىڭ سوۋغىتى. باللىرىڭ، نەۋرىلىرىڭ ئەتراپىڭدا پەرۋانە، كارولىندەك ياشايسەن، بۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەت بولامدۇ؟ » دەپ قوياتتىم.

ــ راست دەيدىلا، گۈلئايىم ھاجىم بۇرۇن تۇرمۇشلۇق بولغىنى بىلەن باللارنى ياخشى تەربىيەلىدى. بىر ئايال ئۈچۈن بەش بالىنى قاتارغا قوشۇشمۇ ئوخشاشلا چوڭ تۆھپە. سىلەرمۇ ئاناڭلارنى ھەج قىلدۇردۇڭلار، دوستىمىز باللىرىنىڭ راھىتىنى ھەممىمىز ھەۋەس قىلغۇدەك كۆردى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتىم.

ــ يىغلىمىسىلا، ئانىلىرى سىلىدىن بەك رازى ئىدى، ئارمىنى يۇرىكىگە پاتمىغان قىزىم دەپ كېتەتتى سىلىنى. كۆڭۈللىرىنى بەك چۈشىنەتتى، سىلىگە بەك ھەۋەسلىنەتتى. «ئاق

كۆڭۈل قىز بولدى، ھەممە ئادەمگە ياخشىلىق قىلىمەنلا دەيدۇ، يۈرىكىنى يېرىپ بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ، لېكىن ياخشىلىق قىلغان ئادەملىرىدىن يامانلىق يېنىپلا يۈرىدۇ. ئاللا ئەجرىنى بېرەر دەپ دۇئا قىلىمەن» دەيتتى.

— ئانام بەك سەزگۈر، چېچەن ئايال ئىدى. بىر ئىشلارنى شۇنچە يوشۇرساممۇ، كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ چاندۇرماسلىققا تىرىشساممۇ بىلىپ قالاتتى. چىرايىمدىن، ھەتتا تىنىقلىرىمدىنمۇ نېمىگە بىئارام بولۇۋاتقانلىقىمنى چاغلىۋالاتتى. تېلېفوندا سۆزلەشكەندە تەلەپپۇزۇمدىن كەيپىياتىمنى بىلىپ بولاتتى. ئۆيدە كۆڭلۈم يېرىملىقىمنى چاندۇرماي، جىمىپ قالسام بىلىپ قالمىسۇن دەپ زورلاپ گەپ قىلىپ كۈلۈپ ئولتۇرساممۇ، كۆزۈمگە قاراپ «قىينالماڭا، قىزىم، دەۋېتىڭ، نېمىگە ئىچىڭىزنى سىقمىسىز، ئاغرىپ قالمىسىز، كۆزىڭىزدىنلا بىلىمەن، كۆزىڭىز سىرىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ» دەيتتى. بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتىم. «بوپتۇ، سىز ئاز زىيان تارتقانمۇ؟ بوپتۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر ساۋاق سېتىۋالدىم دەپ بىلىڭ، ئۇلارمۇ قىلمىشىنىڭ جاۋابىنى كۆرىدۇ» دەيتتى. بۇ سۆزلەردىن يېنىكلەپ قالاتتىم.

— ئانىلىرى كۆپ كىتاب كۆرگەچكىمۇ ياكى بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەچكىمۇ، ھەممە ئىشقا ناھايىتى توغرا باھا بېرەتتى. بۇلتۇر ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆيۈڭلەردە بىر ئاي تۇردۇم. شۇ جەرياندا ئانىلىرىغا ھەممە كەچمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم، ئەسلىدە مەن قېرىنداندا تۇرمۇشۇمدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن رەنجىپ ئانىلىرىنىڭ قېشىغا كەتكەنىدىم. تېلېفوندا دېسەم «كەلگىن، بىرەر ئاي تۇرۇپ كەتكىن، يېنىكلەپ قالارسەن» دەپ تەكلىپ قىلغانىدى.

— ھە، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟

— قېرىنداندا ئۆيدىن يامانلاپ چىقتىم، دېيىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن، بالام.

مەن ئانامنىڭ بۇ دوستىغا ئۇنسىز قاراپ كەتتىم. ھەقىقەتەنمۇ ئۆز تۇرمۇشى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئۆزى خالاپ دەپ بەرگۈسى كەلمىسە سوراش بەكمۇ قولايسىز. شۇڭا، نېمە گەپ چىقاركىن، قىسقىسى ئانام بۇ توغرىسىدا نېمە دېگەن بولغىيدى دەپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئەمەس، ئانامنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقتىم.

— ئانىلىرى ئىككىمىز كىچە ـ كىچە ئۇخلىماي بالىلىق، ياشلىق چاغلىرىمىزنى ئەسلەشتۇق، مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بەردىم. ئانىلىرىنىڭ خۇلاسە سۆزى نېمە بولدى دېمەملا؟

ئانامنىڭ دوستى كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ يۈزىنى توسۇپ دەرد ـ ھەسرىتىنى ئىچىگە پاتۇرالمىغاندەك ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. شەربەت كۆل بويىدىكى سۆگەتلىكتە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتاتتۇق. بۇ قارىلىق كىيىم، ئاق ياغلىقلار بىلەن بىرەر تاماقخانا ياكى چايخانىغا كىرىپ پاراڭلىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بۇ خالىي ھەم سالقىن پىنھان ئورۇن بىزگە بەكمۇ ياققانىدى. يېنىمدىكى بىر تال تاشنى ئېلىپ مەقسەتسىزلا سۇغا ئاتتىم، جىمجىت سۇ يۈزى بىردەمدىلا سۇ چەمبىرەكلىرىنى ھاسىل قىلدى، كۆل سۈيىدىكى ئەكسىم يوقالدى. قەلبىممۇ راھەتسىز تۈيغۇدا ئىدى.

— ئانىلىرى كەچمىشىم، دەرد ـ ئەلەملىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ: «سەن ئۆزۈڭنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدۇم، ئانام ساۋاتسىز خوتۇن، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭ. ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەممە كۆڭۈلسىزلىك دەل ئاشۇ ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقىڭدىن بولدى. ئانىنىڭ رازىلىقى بىلەن قىلغان ئىشنىڭ ئاخىرى چوقۇم خەيرلىك بولىدۇ. سەن كىتابلاردىكى مۇھەببەتكە مەستانە بولدۇڭ، ئاناڭ قوشۇلمىغان توينى قىلدىڭ، ئىشلار ئاخىرى كىتابتىكىدەك بولمىدى. سەنمۇ بالا چوڭ قىلدىڭ، بالىلىرىڭمۇ بالىلىرىنى چوڭ قىلىۋاتىدۇ. سەن دەپ بەرگەن گەپلەردىن بالىلىرىڭنىڭ ئەھۋالىنى

بىلىۋاتىمەن. سەن ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولساڭ، باللىرىڭمۇ دەل شۇنداق سېنى خاپا قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ باللىرىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ھەي، ‹كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن›، دەپ ئەمدى مىڭ پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسابىنى تىلىگىن» دېگەنىدى.

— بولدى، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئۇنىڭسىزمۇ ئاران تۇرىلا، ئاغرىپ قالمىسىلا يەنە، — دېدىم نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىمنى بىلەلمەي.

— بۈگۈن ئىچىم تولۇپ قالدىمۇ ياكى كۆل بويىدا مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كونا دەردلىرىم قوزغىلىپ قالدىمۇ، سىلىگە سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ، بالام.

— ئانامنىڭ گېپى بويىچە ئىچىلىرىنى بوشىتىۋالسىلا، يېنىكلەپ قالىدىلا، — دېيەلىدىم ئارانلا.

— مەن، — دەپ سۆز باشلىدى ئانامنىڭ دوستى يىراقلارغا كۆز تىكىپ، — ئوتتۇرا مەكتەپتىلا سىنىپداش ساۋاقدىشىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆيى شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدا ئىدى. يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ كەتسە كېرەك، كۆك تېرىپ كېلىمىز، بېلىق تۇتۇپ كېلىمىز دېگەندەك باھانىلەر بىلەن دوستلىرىمنى ئېلىپ شۇلارنىڭ مەھەللىسىگە چىقاتتۇق. كېيىن ساۋاقدىشىمىزنى تاپاتتۇق، يۈگۈرۈشۈپ ئوينايتتۇق. بۇ مەقسىتىمنى ئانىلىرى سېزىپ قېلىپ ماڭا بىر خەت يېزىپتۇ. خېتىدە: «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، كۆڭۈل ھەر يانغا باشلايدۇ، سەمەرقەنت ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ... » دەپ كۆپ چېكىت قويۇپ قويۇپتۇ. مەنمۇ نېمە مەقسەتتە بۇ خەتنى يازغانلىقىنى بىلىپ، مۇنداق جاۋاب خەت قايتۇردۇم: «مۇھەببەت — تىنچىماس يالقۇن، مۇھەببەت — يېلىنجاپ تۇرغان چوغ، مۇھەببەت — ئىتائەت قىلدۇرغۇچى.» ئانىلىرى بۇنىڭغىمۇ جاۋاب يېزىپتۇ : «مۇھەببەت — ئېغىر سىناق، مۇھەببەت — قەلبلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى رىشتە، لېكىن مۇھەببەت يەنىلا شېرىن ئازاب، كىشەنسىز مەھبۇس، مۇددەتسىز



www.uyghurkitap.com

جازا !»

— پاھ، نېمىدېگەن ئوبرازلىق سۆزلەر، كىتاب ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى ـ دە مۇشۇ، توختىسىلا يېزىۋالاي، — دېدىم ھاياجانلىنىپ.

— بىزمۇ بۇ سۆزلەرنى يېزىۋالغانىدۇق، باشقا دوستلىرىمىزمۇ خەتتى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشقانىدى.

— مەزمۇنى ئەسلىرىدە بارمۇ، دەپ بەرسىلە يېزىۋالاي.

— ھەئە، خېلى كۆپ قىسمى ئېسىمدە. «مۇھەببەت — روھتىكى سېغىنىش، مۇھەببەت — ئىنسان قەلبىنى شادلاندۇرغۇچى يېقىملىق كۈي، مۇھەببەت — ئۈزۈلمەس ئېقىن، مۇھەببەت — ئىنتىلىش، ئىشەنچ، مۇھەببەت — يىراق نىشاندىكى نۇرلۇق مەشئەل... » ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى ھەممەيلەن بىلىپ كەتتى. مۇھەببەت مۇھەببەتنى ئويغىتىدۇ دەپ، ئۇمۇ كېيىنچە مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئالىي مەكتەپكە بىللە باردۇق، قايتىپ كېلىپ توي قىلىشىمىزغا ئىككىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قوشۇلمىدى.

— نېمىشقا قوشۇلمىدى؟

— ئۇلار ئۆزبېك ئىدى، چوقۇم ئۆزبېكتىن قىز ئېلىپ بېرىمىز دەپ ئۇنىمىدى. شۇنداقتىمۇ ئىككىمىز چىڭ تۇرۇپ توينى قىلدۇق. ئانام: «ئېلىپ بەرمەيمەن دېگەن ئۆيگە كېتىپ بارسەن، قەدرىڭ بولارمۇ؟ ھازىر يېڭىياچىلىقتا بىلىنمىگەن بىلەن ھامان بىر كۈنى بىلىنىدۇ، سەن خاپىلىق تارتساڭ بىز قانداق چىدايمىز» دەپ دېمىگەن سۆزى، قىلمىغان نەسىھەتى قالمىدى، ھېچنېمە قۇلىقىمغا كىرمىدى. كونىلار «قىز بالىنىڭ ئەرگە تەگكۈسى كەلسە، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ» دەيدىكەن، شۇ چاغلاردا راستىلا كۆزۈم قارىغۇ ئىدى. رەھمەتلىك ئانام ئانىلىرىنى چاقىرىپ يىغلاپ تۇرۇپ، بۇ توينى قىلسام ھامان پۇشايمان قىلىدىغانلىقىمنى، بۇ يولدىن يېنىشىمنى، دوستى بولغاندىكىن ماڭا نەسىھەت قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئانىلىرىنىڭ

سۆزلىرىمۇ، نەسىھەتلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. كېيىن ئانام رەھمەتلىك دىگەندەك ئىغىر كۈنلەرنى كۆردۇم. بۇ تويىنى ئۆزۈم ئارزۇ قىلىپ قىلغان، بۇ ئۆيگە ئۆزۈم ئارزۇ قىلىپ كىرگەنىكەنمەن، ھەممىگە چىدىشىم كېرەك دەپ، قاتتىق خارلانساممۇ لىۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ، ھەممىگە چىداپ، ياخشىلىقىم بىلەن ھامان تەسىرلەندۈرىمەن دەپ ئويلىدىم. مۇھەببەت ئۈچۈن دەپ تۆلىگەن بەدىلىم بۇ ئائىلە ئالدىدا تىلىمنى تولىمۇ قىسقا قىلدى. كەچلىرى ئۈنسىز يىغلاپ ئېرىمنىڭ ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئۈندىمەيتتى. كۆڭلۈمدە «ئۈنىڭغىمۇ نېمە چارە؟ ئۇيىقىدا قارىسا ئانىسى، بۇياقتا قارىسا مەن. تولا يىغلاپ ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويماي» دەپ دەردلىرىمنى سۆزلىمەسلا بولدۇم. ئادەم يوق يەردە يىغلاپ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىپ يۈردۈم. بۇ دەردلەرنى ئانامغا دەيدىغان يولۇممۇ يوق ئىدى، قايسى يۈزۈم بىلەن دەيمەن. لېكىن، ئانا دېگەن ھەممىنى سېزىپ تۇرىدىكەن، قاش ـ قاپاقلىرىمدىكى كۆكنى كۆرۈپ، مېنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتەتتى. «چىدىغىن بالام، دوقالسىز تۇرمۇش بولمايدۇ، تۇرمۇش دېگەننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكى بولىدۇ، مېھرىڭ بىلەن، ياخشىلىقىڭ بىلەن قەلبىگنى ئېرىتىپ، يۈرەك دېگەن تاش ئەمەس گۆش، ھامان بىر كۈنى ئېرىيدۇ. قېيىنئاناڭنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىل، ئالدىدىن توغرا ئۆتمە. ئېرىڭنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دىسەڭ، تۇغقانلىرى بىلەن ياخشى ئۆت. ‹ئىگىسىنى سىغىنساڭ ئىتىغا سۆڭەك تاشلا› دېگەن گەپ بار. بىر بالىلىق بولساڭلار ھەممە كۆڭۈلسىزلىك ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ» دېدى.

ئانامنىڭ دوستى يىغلاپ كەتتى، ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم، كۆز چاناقلىرىمدىكى ئارانلا تۇرغان ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئىككىمىز يىغلاۋاتىمىز، كۆزىمىزدىن ئېقىۋاتقىنى ھەسرەتلىك ياش، لېكىن ئۇ كەچمىشى ئۈچۈن يىغلاۋاتىدۇ، مەن بولسام

خۇددى ئانامنى قۇچاقلىغانداك، ئاخىرقى قېتىم ئايرودرومدا يېنىشلاپ قۇچاقلىغان ئاشۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئانام ئۈچۈن يىغلاۋاتقانىدىم. تەلپۈنمىزگە كۆل بويىدا بىرمۇ ئادەم يوق. مۇشۇ يەردە، مۇشۇ تىنچلىقتا نەچچە كۈن جىمجىت ئولتۇرغۇم كەلمەكتە ئىدى. ئۆزۈمنىڭ خىيالى بىلەن جىمىپ كېتىپتىمەن، ئانامنىڭ دوستى بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ، هامىلىدارمۇ بولدۇم، سىزىكنىمنىڭ قاتتىقلىقىنى ئاز دەپ، ئۇ ئۆيدىكى ئىغىر - يېنىك ئىشلاردىن «ئۇھ» دېگۈدەك ئارامىلىق بولمايتتى. دەم ئېلىشىم ياخشى بولمىغاچقا بويۇمدىن ئاجراپ كەتتى. كېيىن يەنە هامىلىدار بولدۇم، بۇ قېتىمقىسىنى قېيىنئانام مەجبۇرىي ئالدۇرۇۋەتتى. ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى پەقەت ئاغزىمغا ئالغۇم يوق. ماڭا قىلمىغان تۆهمەتلىرى قالمىدى. ئىككى قېيىنسىڭلىمنىڭ ئۈستۈمدىن تاپقان سۆز - چۆچەكلىرىنى، كۆرسىتىپ كەتكەن كۈنلىرىنى هازىر ئويلىسام، ئىسسىت نېمىشقىمۇ ھەممىنى تاشلاپ بۇرۇنراق چىقىپلا كەتمىگەن بولغىيدىم، شۇنچىلىك خورلۇقلارغا چىداپ قانداق تۇرغان بولغىيدىم، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىپ كېتىدۇ. كېيىن تۇرۇشقا زادى تاقىتىم قالمىدى، ئاخىرى ئۆيدىن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتىم.

— ئەرلىرى بۇنىڭغا نېمە دېدى؟ — سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— ئىسسىت ئۇنىڭغا بەرگەن مۇھەببىتىم، ئاتا - ئانامدىن كېچىپ قىلغان تويلىرىم. ۋاي، ۋەدە دېگەنگە ئىشىنىدىغان نەرسە ئەمەس ئىكەن، بالام. ھەي، ئۇ ۋەدىلىرىمىز مەكتەپتىلا قاپتىكەن. نېمە دەيتتى، «ئانام مېنى تولىمۇ تەستە بېقىپ چوڭ قىلغان، نارازى قىلسام بولمايدۇ. ئانامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆزبېكتىن قىز ئالمىسام نەسەبىمىز ساپ داۋام قىلمىسا بولمايدىكەن، مېنى كەچۈرگىن، سېنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن

www.uyghurkitap.com

ئانامنى رەنجىتىشنى زادى خالىمايمەن» دېدى.

— نېمىشقا بۇ سۆزلەرنى بۇرۇن دېمەپتىكەن، بىر قىزنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىنى خازان قىلىپ بولۇپ دەپتۇيا بۇ گەپنى... نېمىدېگەن مەسئۇلىيەتسىزلىك بۇ، تۇرمۇشقىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلغان بارمۇ؟ كېيىن ئاجرىشىپ كەتتىڭلىمۇ؟

— ھەئە، ئاجرىشىپ كەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان چاغلىرىمدا كۈندىلىك خاتىرە يازاتتىم. بىر كۈنى بۇ خاتىرەمنى ئىشخانىدا يېڭىدىن خىزمەتكە چىققان بىر خىزمەتدىشىم كۆرۈپ قېلىپ ئوقۇپتۇ، شۇنچە خورلۇق ئىچىدىمۇ قىلغان پىداكارلىقلىرىم، تۇرمۇش ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن تۆلىگەن ھېسابسىز بەدىلىم، يۈرەك سىرلىرىم بۇ يىگىتكە بەك تەسىر قىلىپتۇ. كېيىن بىز بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشتۇق، ئۇمۇ ياخشى كۆرگەن قىزىغا شۇنچە ئەقىدە قىلسىمۇ ۋاپاسىزلىق كۆرگەچكە يۈرىكى زېدىلەنگەن بالا ئىكەن. ئىككىمىز دەردلىرىمىزنى سۆزلىشىپ، تەسەللى بېرىشىپ يۈرۈپ بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالدۇق.

ئانامنىڭ دوستى ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، سۆھبەتكە كىرىشىپ ناھايىتى تەسىرلىك بىر كىنو كۆرۈۋاتقاندەك شۇ مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ مۈگدىنىپلا قالغانىدىم. تۇيۇقسىز:

— بالام، ئۇزاق يىللار بويىتىكەن بۇ ھەقتە سۆزلەش تۇگۇل ئويلاپمۇ باقمىغىلى. بۇگۈن سىلىگە تەسەللى بېرىمەن دەپمۇ، ئانىلىرى ئىككىمىزنىڭ بىللە ئۆسكەن خاتىرىلىرىنى دەپ بېرىمەن دەپمۇ ياكى سىلىگە كۆڭلۈم تارتىپمۇ، مۇشۇ ھېسسىياتلىرىمنى چۈشىنىدۇ دەپمۇ، ئەيتاۋۇر ئانا بالىسىغا دېمەيدىغان گەپنى سۆزلەپ كېتىۋاتىمەن، سەل ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق؟ — دېدى.

— ياق، ياق، ئارتۇقچە ئويلىمىسىلا، ئادەم ئادەمگە ئىشەنمىسە، يۈرەكنى تونۇمىسا ھېچقاچان كۆڭۈل

سىرلىرىنى دېمەيدۇ. مەن بۇ ھېسسىياتنى بەك چۈشىنىمەن. «ئۇن سەككىز ياشتا ناخشا ئېيتمىغان كىم بار» دەپ، كىمنىڭ مۇھەببەت كەچمىشى، ئەسلىمىسى يوق. بۇنداق تاتلىق سېزىملارنى چۈشەنمەيدىغان، چۈشەنسىمۇ ھۇزۇرلىنالمايدىغان ئەخمەقلارمۇ تولا. سىلى ئۆزلىرىنى يەنىلا بەختلىك سانىسىلا. دۇنيادا باشقىلارنى سۆيەلىگەن، خىيالىدا بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ پىنھان يەرلىرىدە بولسىمۇ سۆيگەن يارىنىڭ ئىسمىنى يادلاشنىڭ ئۆزى ئاجايىپ بەخت. مۇھەببەتتىكى مەغلۇبىيەتمۇ ئەمەلىيەتتە بىر بەخت، چۈنكى ئۇنىڭ ئاچچىق ھەم تاتلىق ئەسلىمىسى قالىدۇ، — دېدىم.

— ئانىلىرىنىڭ قىزى - دە، سىلى. مۇشۇ سۆزلىرى بىلەن يېنىكلەپلا قالدىم. ئانىلىرىمۇ يېنىمغا يىغلاپ كەلسەم مۇشۇنداق تاتلىق سۆزلىرى بىلەن كۈلدۈرۈپ، ئاخىرى ئۇسسۇلغا تارتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كۆڭلۈمنى يورۇق قىلىپ ئۇزىتىپ قوياتتى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن سىردىشىپ ئۆتتۈڭلار، — دېدىم ئاخىرىنى ئاڭلىغۇم كېلىپ.

— شۇنداق، يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتتۇق. يۈرىكى زېدىلەنگەن ئادەم بىرەرسى ئازراق تەسەللى بەرسىلا، ياخشىراق گەپكە، كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۇچرىسا ئۇنىڭغا ئاسانلا كۆنۈپ قالىدىكەن، مەنمۇ شۇنداق بولدۇم. «بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىخنىڭ شۇ، يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا چىرايلىقنىڭ شۇ» دەپ دەردلىرىمنى ئۆيۈمدىكىلەرگە تېخى دېيەلمەيمەن، دوستلىرىمدىن تېخى خىجىل بولىمەن، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە دەردىمىزنى تۆكۈشۈپ توي قىلىدىغانمۇ بولدۇق.

— ئۇ بالا سىلىنىڭ خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ، بۇرۇنقى ۋاپاسىز سۆيگىنىگە سېلىشتۇرۇپ، مۇنداقمۇ قىزلار بار ئىكەنغۇ دەپ ھەۋەس بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالدى دېسىلە. سىلىنىڭ كۆيۈنۈشكە، تەسەللىگە ئېرىشەلمىگەن چاغقىچە مىسكىن كۆڭۈللىرى ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالدى دېسىلە.

— دەل شۇنداق بولدى. ئۇمۇ ئەدەبىياتتا ئوقۇغان بالا ئىدى. ئىككىمىزنىڭ قىزىقىشى ئوخشاش، ھەۋىسىمىز ئوخشاش ئىدى. رۇس شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى بىر - بىرىمىزگە كۆچۈرۈشۈپ سوۋغا قىلاتتۇق. لېكىن، ئۇ مەندىن ئالتە ياش كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە توي قىلمىغان يىگىت ئىدى، شۇڭا بۇ توييىمىزمۇ ھەر ئىككى ئائىلىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. رەھمەتلىك ئانام: «سەن يەنە بىر ئوتقا كىرىپ كېتىۋاتىسەن، تۇرمۇشۇم خاتىرجەم ئۆتسۇن دېسەڭ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان، سەندەك بىر توي قىلغان ئادەمگە ياتلىق بولغىن، مۇشۇنداق ئادەمنى تېپىپ توي قىلساڭ تۇرمۇشۇڭلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئۆتىسىلەر. بۇ بالا بىلەن توي قىلساڭ، يېڭى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق بولىدۇ دەپ، ھازىر قىزىقچىلىقتا ھە دەپ ئۆتكەن بىلەن، كونىرىغانسېرى بىر تۇرمۇشلۇق بولغىنىڭ پېشانەڭگە تولا تېگىپ، خورلۇق تارتىپ قالىسەن. ئۇ چاغدا ئاجرىشىپ كېتەي دېسەڭ نومۇس قىلىسەن، چىداپ ئۆتەي دېسەڭ دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ يۈرەك كېسەللى بولۇپ ئەجەلىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىسەن» دېگەنىدى. ئانىلىرىمۇ: «جېنىم دوستۇم، سەن يەنە شۇ كىتابتىن چىقالماپسەن، تۇرمۇشقا قايتىپ كەل، بىر ئۆمۈر بۇنداق كىتابتەك ئۆتكىلى بولمايدۇ. تۇرمۇش ئاياللارغا بەك رەھىمسىز، ئاياللار ئاسان دەردتە چېقىلىدۇ. ئازابقا چىداش تەس. سەن ئاز دەرد تارتمىدىڭ، كۆڭلىڭدىكى خاتىرەڭدىكى ئاشۇ تەسىرلىك قۇرلار بىر كۈنلەردە ساڭا توقماق بولۇپ قالامدۇ، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ يولدىن قايتقىن، ئاناڭنىڭ دېگىنى توغرا، بۇ قېتىم بولسىمۇ شۇ چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىن» دېدى. ھەي...

— ئاخىرى بۇ توينى قىلدۇق دېسىلە ...

— شۇنداق، ئاتا - ئانىمىز قوشۇلمىسىمۇ چوڭ توي قىلماي ئادەتتىكىچە توي قىلىپ ئۆي تۇتتۇق. قېيىنئانام ئۆيىمىزگە

كېلىپ : «ئوغلۇمنى ئىزلىقتۇرغان سەن» دەپ مېنى تىللاپ كېتەتتى. شۇنداق قىلسىمۇ يەنە ئۆيىگە بېرىپ خىزمىتىنى قىلاتتىم. قولۇمنى كۆسەي، چىچىمنى سۈپۈرگە قىلىپ ، «ۋاي ئانا» دەپ تۇرساممۇ مېنى يەنە شۇنداق يامان كۆرەتتى. ئانامنىڭ نەسىھەتى بىلەن بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ، «ئانا» «سىلى، ئۆزلىرى»، «خاپا بولمىسىلا، ياشلىق قىلىپ سالپتۇق، ئۆمۇرۋايەت خىزمەتلىرىنى قىلىپ ئۆتىمەن» دەپ بېشىمنى ئېگىپ يۈرۈۋەردىم. ئانام رەھمەتلىك: «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ، ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپ سالما، بىر ئوغۇلنى چوڭ قىلىپ ئانا بولغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارمىنى بولىدۇ، ساڭا قاراپ، بىر توي قىلغان چوكان ئېلىپ بەردىم، دەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ شۇنداق قىلىدۇ» دەيتتى. بىر بالىمىز ئىككى بولدى، ئەمدى نىكاھىم چىڭىپ يىلتىزىم چوڭقۇرلىدى، دەپ سەل خاتىرجەم بولغانىدىم.

ئانامنىڭ دوستى يەنە ئۆمچىيىپ بۇغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ قېتىم سوئالمۇ سورىماي، ئۇنىسىز قاراپ تۇردۇم، ئۇ يىغىسىنى تەستە توختىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئېرىمنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كېچە - كېچىلەپ مەست كىرىپ مېنى ئۇيغىتىپ سوراق قىلاتتى. مېنىڭ ئۆتمۈشۈم بىلەنلا قالىدىغان بولۇپ قالدى. كەچكىچە ھېلىقى خاتىرەمدىكى سۆزلەرنى تەكرارلايتتى. ئانىلىرىنىڭ دېگەن گېپى ئەينەن كەلدى. ھەرقانچە چۈشەندۈرۈپمۇ، ئۇ خاتىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتىم دەپمۇ ئىشەندۈرەلمىدىم. «سەن مېنى ئالداۋاتىسەن، كۆڭلۈڭ يەنىلا ئۇنىڭدا» دەپ جېدەل قىلاتتى.

— سىلى بەلكىم بالىلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇرۇنقىدەك كۆڭۈل بۆلمەي قالغان بولسىلىرى شۇنداق ئويلىدىمۇ يا؟

— ئۇمۇ راست. بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئىككى بالىنى باقماقمۇ ئاسان ئەمەس - دە. شۇنداق قىلىپ، لېۋىمنى چىشلەپ ئۆتتۈم. ئۆيگە كۈنلەپ كىرمەيتتى. يىللار ئۆتتى، لېكىن

كۆڭۈلسىز تۇرمۇشنىڭ ئايىغى چىقاي دېمەيتتى. دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، تۇرمۇشۇمنى بۇزمايمەن، باللىرىمنى يېتىم قىلمايمەن، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قويمايمەن دەپ ھەممە خورلۇققا چىدىدىم. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولمىغاندىكىن، باللارغىمۇ تەسىرى بولىدىكەن. باللارنىڭ ئالدىدا مېنى تىللاپ، ھاقارەتلەپ يۇرگەندىكىن، ئۇلارمۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىكەن. شۇنچە يىغلاپ يالۋۇرساممۇ چوڭ قىزىم ئوقۇشىنى تاشلاپ، بىر تىجارەتچىگە ياتلىق بولدى. توۋا دەيمەن، مېنى بۇنداقمۇ دورارمۇ؟ مەنغۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ خىزمەتكە چىقىپ، پەقەت شۇ تۇرمۇش ئىشىدىلا ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانىدىم. بۇ باللار ئوقۇشىنىمۇ ياخشى ئوقۇمىدى، تۇرمۇشتىكى باشباشتاقلىقنى مەندىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. باشتىكىسى قانداق بولسا، كېيىنكىلىرىمۇ بۇنىڭدىن ئۆلگە ئالىدىكەن، ئۇلارمۇ يەتكۈچە خاپىلىق سالدى.

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئىش ئادەمنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولمايدۇ، — دېدىم نېمە دېيىشىمنى بىلمەي.

— ئاناممۇ، داداممۇ تۈگەپ كەتتى، ئۇلاردىن مىراس قالغان ئۆيىنىمۇ سېتىپ، مۇشۇ ئۆيگە خىراجەت قىلىپ تۈگەتتىم. ھەممە نېمەمدىن ئايرىلىپ كىرىدىغان ئۆيۈم، دەردىمنى ئېيتىدىغان ئاناممۇ قالمىغاندا، بۇ دەرد ماڭا قوشلاپ كەلدى، بالام. ياشلىقتىكى دەردنى ئادەمنىڭ ياشلىقى كۆتۈرۈپ كېتىدىكەن، بۇ ياشقا كەلگەندە پۇت - قولدىن ماغدۇر كەتكەندە، تۇرمۇشنىڭ خاپىلىقىنى كۆتۈرمەك بەك تەس ئىكەن ...

— ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدىكەن ... مەنمۇ ئانامدىن ئايرىلىپ قالسام ياشىيالمايمەن دەپ ئويلايتتىم، يەنە مۇشۇنداق ھال - مۇڭ قىلىشىپ، يەپ - ئىچىپ ئۆتۈۋاتىمەن، دەردكە ئادەم ئۆلۈپ قالمايدىكەن، — دېدىم يىغلامسىراپ.

— ئاتا - ئانىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى سىلىنىڭلا بېشىلىرىغا

كەلگەن ئىش ئەمەس، ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار كۈن بۇ، پەقەت ئىلگىرى ـ كېيىنلىك پەرقى بار. ئانام رەھمەتلىك تۇگەپ كېتىدىغاندا: «سەن بەك جاپا چەكتىڭ، مەنمۇ بالام دەپ ئانامغا تۆزۈك قارىيالمىغانىدىم، سەنمۇ مەندىن بەك بالىجانلىق بولۇپ چىقتىڭ، بالىلىرىڭنىڭ ئىنسابىنى بەرسۇن» دەپ دۇئا قىلغانىدى. ئەڭ پۇشايمان قىلىدىغىنىم ئاتا ـ ئانامدىن قالغان ئۆينى سېتىۋەتكىنىم بولدى. شۇ چاغدا ئانىلىرى خاپا بولۇپ: «ئالدىڭ، پۇتتۇڭ، ساتتىڭ، يەتتىڭ، دەيدۇ. ئاتا ـ ئانىدىن قالغان ئۆينى ساتسا توزۇپ كېتەرمىش، شۇنىڭ ئىزىغا كىچىكرەك بولسىمۇ بىر ئۆي ئېلىپ قويماپسەن، ئەجەب ئەقىلسىزلىك قىلىپسەن، بىر كۈنلەردە بېشىڭغا كۈن چۈشسە لازىم بولار ئىدى» دېگەنىدى. ئۇ گەپنى ھەر ئويلىسام بىر ئاچچىق يۇتىمەن.

— ھازىرقى ئۆيلىرى مەن نەچچە يىل بۇرۇن بارغان ئۆي شۇمۇ؟

— قارىسىلا ئانىلىرىنىڭ پەزىلىتىگە، مەن ئانىلىرىغا بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تاپىلىغانىدىم، سىلىدەك قىزىغىمۇ دېمەپتۇ، بىز ئاجرىشىپ كەتكىلى تۆت يىل بولدى...

— نېمە؟ — ھەيرانلىقتا تۇۋلىۋېتىپتىمەن.

— ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرىگىمنى يەنە زېدە قىلغۇم يوق. ئاياللارغا بۇ دۇنيا بەك تار دېسە نېمە دەيدىكىن دەپتىكەنمەن. مەن بۇ ئائىلىنى قوغدايمەن دەپ بەك جان پىدالىق قىلدىم. ئەمما، ئېرىم ئۇستىۇمگە خوتۇن ئېلىۋالدى. ئايال كىشى ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەلەم بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتتۇق. قۇدا ـ باجىلىق، نەۋرىلىك بولۇپ قالغاندا بۇ بەك ئۇياتلىق ئىش ئىكەن، نومۇس قىلىپ ئۆيدىن چىقماي يۈرۈپ باقتىم. مەن يوشۇرغان بىلەن ئەر كىشى يات باش ئايالنى كەينىگە سېلىپ يۈرسە بۇنداق گەپ شامالدىن تېز تارقايدىكەن...

— ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيدىغانلا؟ بوپتۇ، بەزىدە ۋاز كېچىشمۇ ئاقىلانىلىك. كۆز ئالدىدا ئازابلىنىپ يۈرگەندىن كۆرە

«كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» بولۇپ تۇرغانمۇ بىر ھېسابتا ياخشى. ئىنسان ھامان بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدىكەنغۇ، بەزىلەر ئانامدەك مەڭگۈلۈك ئايرىلىدىكەن، بەزىلەر ئۇ ـ بۇ سەۋەبتىن ئايرىلىدۇ. بوپتۇ، جانغا ئېكەك سالىدىغان ئۇنداق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپمۇ ئوبدان قىلىپتىلا، باللارچۇ؟

— ھەممىسىنىڭ ئۆيى ئايرىم بولغاندىكىن، دەم ئالغاندا يوقلاپ تۇرىدۇ. قېرىغاندا بەك يالغۇزسىراپ قالدىم. ئۆزۈم چوڭ بولغان مەھەللىگە بېرىپ، سېتىۋەتكەن ئۆيۈمگە يىراقتىن قاراپ ئىچىمگە تىنىپ تۇرۇپ كېتىمەن، ساتقىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىمەن. شۇ ئۆيگە كىرىپ ئانامنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ دەردلىرىمنى سۆزلەپ چىققۇم كېلىدۇ. ئانىلىرى بىلەن كۆپ مۇڭدىشاتتىم، كۆڭلۈم ئانىلىرىنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىدىن سۇ ئىچەتتى، ئاللا ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىۋەتتى. ئانىلىرى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن تۇرمۇشنىڭ، باللارنىڭ ھېچقانداق خاپىلىقىنى تارتمىدى. «ئانا» دەپ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈردۈڭلار، مەندەك يالغۇز قالمىدى. ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان ئادەم زادى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پۇشايماندا ئۆتىدىكەن. مانا مەن ئۇنىڭ تىپىك مىسالى. باللىرىمچۇ؟ ئۇلارغىمۇ تولا سۆزلەپ زادى ئاڭلىتالمىدىم. كۆڭلۈمدە: «ھەي، ماۋۇ ئۆتنە جاھاننى، ئەينى يىللاردا رەھمەتلىك ئاناممۇ مەندەك ئاچچىق يۇتۇپتىكەن ـ دە» دەپ ئويلايمەن. ئۇلارمۇ بېشىغا كەلگەندە «ئىسىت ئانا، ئەجەب گېپىڭنى ئاڭلىماپتىكەنمەن» دېگەندە بىز قارا يەرنىڭ ئاستىدا ...

— بۇ دۇنيانىڭ قىسمىتى شۇنداق ئوخشايدۇ. ھەر ئادەمنىڭ ھەر خىل ئاچچىق ـ تاتلىق كەچمىشى بولىدىكەن. ئىنسان خۇشال چاغلىرىدا خۇدىنى يوقىتىپ، بەختىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن، كۆڭۈلسىز چاغلىرىدا دەرد ـ ئەلەملەرگە تاقەت قىلالماي زارلايدىكەن. «ئەڭ ئاسان ئىش خەققە نەسىھەت قىلىش، ئەڭ تەس ئىش ئۆزى ئەمەل قىلىش» دېگەندەك، مەنمۇ باشقىلارغا تەسەللى بەرگىلى گېپىم بولغان بىلەن ئۆزۈمگە كەلگەندە بەك

ئاجىز ئىكەنمەن. شۇنداقتىمۇ، سىلىگە شۇنداق دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، دەرد تارتسىلىمۇ يەنىلا كۆڭلىڭىز سىرىنى كۆرۈۋاتىلا. ھەرقانچە قاقشىسىلىمۇ بالىلىرىڭىز يۈرىكى «تاغدەك يۆلەك بولىدىغان ئانام بارغۇ» دەپ توق تۇرىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى بىزدەك ئانا مېھرىگە زار قەلبلەر ئالدىدا ئەڭ چوڭ بەخت. ھەممە ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى بار، نېمىلا بولسۇن ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن يىگىتكە ئېرىشىپتىلا، قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ گۈزەل ئەسلىمىلىرى قاپتۇ. تالاي كىشى بۇنداق بەختكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىسالىغا يېتىش تۇگۇل، يەنە بىر قېتىم كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. بۇلارنىڭ ئالدىدا سىلى قانداق بەختلىك. ئىنسان دېگەنغۇ قانائەتسىز ھەم چىدىماس كېلىدىكەنمىز...

— راست دەيدىلا، «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەڭ ئۆلمىگىنىڭ» دەپ، ھاياتلا بولساق جىق ئىشنى كۆرىدىكەنمىز.

— شۇنداق قىلىپ، تۇنجى ئەرلىرىنى قايتا ئۇچراتمىدىلىمۇ؟ تۇيۇقسىز شۇ ئادەمنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا قىزىقىپ قالدىما؟

— بۇ ھاياتتا ئادەم نېمە ئىشلارنى كۆرمەيدۇ دەيلا، بالام. ئۇنىڭمۇ كېيىنى قىلىپ بېرەي. ھەممىمىز بىر شەھەردە بولغاندىكىن، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىكەنمىز. ئۇ بىز ئاجرىشىپ كېتىپ بىر ئاي بولماي بىر ئۆزبېك قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇ ئايال شۇنچىلىك خاپا قىلىپتۇ، شۇ چاغدا مېنىڭ قەدرىمگە تازا يېتىپتىمىش. تىللىساقمۇ، نېمە قىلساق بىزگە قاپاق كۆتۈرۈپ قارىمايتتى، بۇ كېلىن بىرنى دېسەك ئىككىنى دەيدىغان ھازازۇل چىقتى دەپ يۈرۈپتىمىش. لېكىن، ئايالى سەككىز يىلغىچە تۇغماي، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، كېيىن يەنە بىر ئۇيغۇر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ.

— تووۋا، نىكاھ دېگەن ئەجەب بولىدىكەن ـ ھە؟ بىر چاغلاردا سەن ئۇچۇن ئۆلىمەن، ئۆچىمەن دەپ بىر ئۆيدە ياشىغان ئادەملەر بىر ئېغىز سۆز بىلەن ياتلىشىپ كېتىدىكەن. ئادەمگە ئالىدىراپ ئىشەنگىلى بولمايدىكەن جۇمۇ، بۇ ئىشلارنى ئاڭلىسا ھەممىسىن كۆزى قورقىدىكىنە ئادەمنىڭ. نېمىگە ئىشىنىپ، كىمگە ئەقىدە قىلىشنىمۇ بىلمەي قالىدىكەن ئادەم، — دېدىم.

ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىزمۇ تەقدىرىمىزنىڭ بۇنداق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان. تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىپ، بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەتتىمىز بىلەن ئۇزىتىپ قويىمىز دەپ قىلىشمىغان ۋەدىمىز قالمىغان.

— كېيىن ھەممىسى ئېغىزدىلا قالدى دېسىلە، «دۇنيادىكى ئەڭ ئىشەنچسىز سۆز ئەرلەرنىڭ ۋەدىسى» دەپ كىم ئېيتقان بولغىيدى، — دېدىم ئاچچىقىمدا، — شۇنداق قىلىپ سىلىنى قويۇۋېتىپ ئالغان ئۆزبېك ئايالى سەككىز يىلغىچە تۇغمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىمۇ قويۇۋېتىپ يەنە ئۇيغۇر ئايال ئاپتۇ دېسىلە.

— تووۋا دەيمەن، ئۇ ئايالمۇ تۇغماپتۇ، ھېلىقى ئىككى سىڭلىسىمۇ بەختسىز بولۇپ ئاجرىشىپ كېتىپ ئاشۇ چوڭ ئۆيدە ھەممىسى بىللە تۇرۇپتۇ. ئانىسى مۇشۇ خاپىلىقلارغا چىدىماي مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، ئۇزاق يىل پالەچ بولۇپ يېتىپ، يېقىندا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئانىلىرىغا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم، «ئاللا بەرگەن گۇناھسىز بالاڭنى خارلىغان ئىدى، ئەنە مەڭگۈ بالا يۈزى كۆرمەپتۇ. ئىنسانىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ، بەرگەن نەرسىنى قەدىرلىمىسە، جازاسىنى تارتىدىغان گەپ. ‹ئۇۋۋا بۇزغانىنىڭ ئۇۋىسى بولماس› دەپ ئۇلارنىڭمۇ ئۆيى ئۆي بولماپتۇ. سېنى يىغلاتقىنى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ يىغلىتىدىغان ئادەم چىقىپتۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قۇش ئۇۋىسىنى بۇزسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئۇۋۋا ياساشنىڭ

قىيىنلىقىنى بىلگەچكە دېيىلگەن گەپ» دەپ تەھلىل قىلىپ بەرگەنىدى.

— نەپرەت ئىچىدىمۇ مۇھەببەت بولىدۇ. بۈگۈن كەينىلىرىگە قارىسىلا شۇنداق كۆپ ئازابلىق كەچمىشلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر گۈزەل، مۇھەببەتلىك يۈرەكلىرى يەنە سۆيگۈ دەپ سوقۇپ تۇرماقتا. چۈنكى، ئىنسان هاياتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇھەببەت دەپ سوقىدۇ. بۇ مۇھەببەت ئىچىدە ئاتا ـ ئانا، ئەر ـ ئاياللىق مۇھەببىتىمۇ، پەرزەنت مۇھەببىتىمۇ، دوستلۇق مۇھەببىتىمۇ، بارچە مۇھەببەت ئۆچمەس يالقۇندەك كۈچ بېرىپ تۇرىدۇ. قايسى ئەرلىرىنى كۆپرەك ئەسلەيلا؟

— ئەسلىمەيمەن دېسەم باشقا ئادەم ئىشەنمىسىمۇ، سىلى هەرگىز ئىشەنمەيلا. مانا هازىر هەر ئىككىلا ئائىلە تۇرمۇشىدىن بىر ئەسلىمە قالدى، خالاس. يالغۇزلۇقتا نېمىنى ئويلىمايدۇ دەيلا؟ هەممە ئىش كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. بولدى، ئۇنتۇپ كېتەي، ئويلىماي دەپمۇ تەگسىز ـ ئۇزۇلمەس خىياللاردىن ئۇزۇمنى تارتالمايمەن. كېيىنكى ئېرىمنى باللار بىلەن ئەسلەيمەن. چۈنكى، باللىرىمنىڭ تومۇرىدىكى ئۇنىڭ قېنى، ئۇنى بىر دادا سۈپىتىدە ئەسلەيمەن. كۆڭلۈمنى ئىزدىسەم، پۈتكۈل هاياتىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئاشۇ تۇنجى ئېرىمنى نەپرەت ئىچىدىمۇ يەنە ئەسلەيمەن... كۆڭۈل دېگەن ئىرادىگە بويسۇنمايدىكەن، بالام. ئېغىزدا دەپ قويغان بىلەن خىيال بىلەن كۆڭۈلنى هېچكىم باشقۇرالمايدىكەن، «مۇھەببەت كۆڭۈلگە رۇخسەت سوراپ كىرىدىغان مېھمان ئەمەس» دېگىنى بەك توغرا گەپ...

— تەنها يۈرگەن ئاشۇ كۈنلىرىدە ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئارزۇمۇ قىلىپ باقتىلىمۇ؟

— ئىچىم تىتىلداپ، چوڭ بولغان مەھەللەم — ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ تۇرىمەن دېدىمغۇ؟ ئىككىمىز تونۇشقان، دائىم ئۇچرىشىدىغان بىر ئاق قېيىن دەرىخى بار ئىدى. شۇ چاغلاردا

شۇ دەرەخكە ئىسىملىرىمىزنى، يېنىغا يۈرەكنىڭ شەكلىنىمۇ ئويۇپ قويغانىدۇق. كېيىن پات ـ پات شۇ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ سەل نېرىدىكى ئاشخانىدا دەرەخكە قاراپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتىم، كېيىن بۇ مەھەللىنى چاقىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، بىر نەرسەمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك شۇ يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپتىمەن. بېرىپ بولۇپ بۇ قىلىقىمغا كۈلگۈمۇ كەلدى، هارمۇ كەلدى، كۆڭلۈم يېرىم بولدى. نېمىشقا بۇ خاتىرىلەر ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمەيمەن؟ ئۇ خاتىرە سەۋەبلىك ئاز خورلۇق تارتتىممۇ؟ نېمىدېگەن پەس كۆڭۈل بۇ؟ يەنە ئۇ دەرەختىن نېمە كۈتىمەن؟ دەپ يىغلاپ كەتتىم. بۇمۇ ئىختىيارىم ئەمەس ئىدى ...

— ئۇنداق دېمىسىلە، بۇمۇ بىر ئۇنتۇلماس گۈزەل تۇيغۇ. ئەسلىمىنى قەدىرلەشمۇ ئۆزلىرىنى قەدىرلىگەنلىرى. ئۇ خاتىرە سەۋەبلىك باشلىرىغا ھەرقانچە كۈلپەت چۈشسىمۇ تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرى قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇمىغانلىرى. ناچار كەيپىيات سالامەتلىكلىرىگە ئېغىر زىيان. ئۇنىڭدىن كۆرە، هاياتنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ئويلاپ ياشىغان ھەممىدىن ئەۋزەل.

— رەھمەت، بالام، روھىمنى بېسىپ تۇرغان بىر قارا تاشنى ئېلىۋەتتىلە، قورساقلىرىمۇ ئاچتى، بىر يەرگە بارايلى دېسەم ئۇنىمايدىلا، ئۇنىڭدىن بىزنىڭ ئۆيگىلا بارايلى، قالغان گەپنى شۇ يەردە دېيىشەيلى.

— بولدى، مۇشۇ يەر ماڭا راھەت بىلىنىۋاتىدۇ، يەنە ئازراق ئولتۇرايلى، — دېدىم كەتكۈم كەلمەي.

— مەيلى، كۆڭۈللىرى مۇشۇ يەرنى تارتىۋاتقان بولسا ئولتۇرساقمۇ ئولتۇرايلى. ياخشى بۇ كۆل بويىدا ئادەممۇ يوق ئىكەن، هازىر كۆلدىن سۇ ئىچمىگەندىكىن ئادەملەرمۇ چىقمايدىكەن.

— ئۇ دەرەخ هازىرمۇ بارمۇ؟ — سورىدىم ھېكايىنىڭ داۋامىغا قىزىقىپ.

— بۇ يەرنى مانا چاقىردىكەن، ئەنە چاقىردىكەن دەپ، يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا توغرا كەلدى دەپ كېسىۋەتتى. شۇ كۈنلەردە كۈندە دېگۈدەك باردىم. خۇددى شۇ دەرەخ كېسىلىپ كەتسە يۈتكۈل خاتىرەم ئۆچۈپ كېتىدىغاندەك كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. بىر كۈنى بارسام ھاسا تايىنىۋالغان بىر ئادەم دەرەخنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ، ئەتراپ چېقىلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. بۇنداق كۆرۈنۈش كىنودا، كىتابتا بولىدۇ دەيتتۇق، لېكىن تۇرمۇشتىمۇ بولىدىكەن، شۇڭا يازغۇچى ئۇنى بېيىتىپ يازىدىكەن. يۈرەك تونۇيدۇ دېگەن بەك توغرا گەپ. مەنمۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغىراق باردىم، ھەرقانچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي دېسەممۇ بىر كۈچ مېنى ئۇنىڭ يېنىغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. كۆز ياشلىرىمنى زادى توختىتالمىدىم، ئارىلىقىم ئىككى مېتىر قالغاندا توك سوقۇۋەتكەندەك تۇرۇپلا قالدىم...

ئانامنىڭ دوستىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— نېمە؟ بۇرۇنقى ئەرلىرىمىكەن؟ — دەپ سورىدىم ھەيرانلىقتا.

— شۇ ئىكەن. ئۇمۇ بىرسىنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك ئۇشتۇمتۇت كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى، يىغلاپ كۆزلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم... كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا كەلگەن يولۇمغا ماڭدىم.

ئانامنىڭ دوستىنى خۇددى يېقىن دوستۇمنى باغرىمغا باسقاندەك مەھكەم بېسىپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، مۈرىلىرىنى سىلاپ تەسەللى بەردىم. بىچارە ئايال كىچىك باللاردەك بوزلاپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن قەلبىگە تۇشۇپ، تېپىشىپ كېتىۋاتقان بىر ھەسرەتنى سەزدىمكى، ئۇ ئازاب، ئۇ ھەسرەت خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مېنىڭ

ئازابلىرىمنى قوشۇپ يۇتۇۋېتىۋاتاتتى...
— يىغلىمىسىلا، قارىسىلا ئۇمۇ سىلىنى ئۇنتۇيالماپتۇ. مۇھەببەتنى ئۇنتۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. سىلى ئۇنىڭ قەلبىدە ھېلىغىچە ياشاۋېتىپتىلا، بۇمۇ بىر بەخت. ئۇنى ئىگىسى شۇنداق بىر تەقدىرىي پۇرسەت بىلەن سىلىگە كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. سىلىنىڭ كەينىلىرىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالغانلىرى ئۇنىڭغا بەرگەن ئەڭ چوڭ ۋىجدان جازاسى. چۈشەنسىلە، سىلى غەلىبە قىلىپتىلا، بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى ھامان شۇ ئايرىلىش ئىكەن. ئىنسان ئۇ - بۇ سەۋەب بىلەن سۆيگەن ئادىمىدىن ئايرىلىدىكەن، ئۇششاق ئىشلار سەۋەبىدىن دوستىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىكەن، مەندەك ئۆلۈم ئارقىلىقمۇ يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ھەسرەتتە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپلا تۈگەيدىكەنمىز. لېكىن، چىدىشىمىز كېرەك ئىكەن، مانا تېخى ھېلىلا سىلى ماڭا تەسەللى بېرىۋاتاتتىلا، ئەمدى مەن سىلىگە تەسەللى بېرىۋاتىمەن، كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتۈشكە ھەر زامان قول ياغلىق ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماي ياشىساق بولىدىغان ھايات ئىكەن بۇ...
— رەھمەتلىك ئانىلىرىغا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم، «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن، ئىنسان ئۆز قىلمىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇمۇ ساڭا قىلىپ قويغىنىنىڭ جازاسىنى تارتتى. مۇھەببەتنى خارلىغانىدى، مۇھەببەت ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالدى. بالىنى ئالغۇزۇۋەتكەنىدى، بالىسىزلىق بىلەن جازالىدى» دېگەنىدى.
— رەھمەتلىك ئانام ھەممە ئىشتىن مۇشۇنداق خۇلاسە چىقىراتتى. ھاياتقا، يۈز بەرگەن ئىشلارغا قاراپ ئۇنىڭدىن تۈرلۈك يەكۈنلەرنى چىقىرىپ، كۆزقاراشلىرىنى دەيتتى، ئاندىن بىزگە تەكرار - تەكرار نەسىھەت قىلاتتى.
— توغرا دېدىلە، ئانىلىرى ماڭىمۇ بۈگۈنۈمنىڭ جاۋابىنى دەپ بەرگەنىدى.
— نېمە دېگەنىدى، بۇنى سورىمىسام بولاتتى، لېكىن ماڭىمۇ

پايدىلىق بولۇپ قالار دەپ قىزىقىۋاتىمەن.

— «ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئۇنى نارازى قىلىپ، باشتىلا ئالغان بىر خاتا قەدىمىڭنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىڭ، بۇ سەن بىلەنلا تۈگىمىدى، بالىلىرىڭغىمۇ تەسىر قىلدى» دېگەنىدى.

قايسىبىر تۈركچە ناخشىدا شۇنداق بىر مىسرانى ئاڭلىغانىدىم: «بىرسىگە شۇنداق بىر سۆز سۆزلىگىنىكى، يا ئۇنى ياشات، ياكى ئۆلتۈر، ئەمما ئازاب ئىچىدە قويما...» بۇ دۇنياغا ھەممىمىز پەقەت بىرلا قېتىم كېلىمىز، مۇشۇ قىسقا ھاياتتا باشقىلارغا مۇھەببەت بېرىپ، ياخشىلىق بىلەن ئۆتسەك راھەتلىك، مەنىلىك ياشىغان بولىمىز... بىرسىنى رەنجىتكەن ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۆزى ھەممىدىن بەك ئازابلىنىپ ئۆتىدۇ. كۆڭۈلسىزلىكتىن ھەرقانچە قاچساقمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمىز. نېمە ئۈچۈن؟ بىز ئېرىششكە ئىنتىلىمىز - يۇ، ئاتا قىلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. بىزنىڭ بېرىدىغىنىمىز مال - دۇنيا ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىمىزدا تەڭرى بىز بىلەن تەڭ ياراتقان مېھىر - مۇھەببەت ئىدى. ئۇنى قانچە بېغىشلىغانسېرى، بىز يەنە ئۇنىڭدىنمۇ چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەتتۇق، لېكىن بىز بۇنى قىلالمايمىز. ھەممىنى ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسىغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە ئۇرۇنىمىز. ھاياتنى ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن قەدەم ئېلىشقا زورلايمىز، لېكىن بىر كۈنلەردە بۇ يولدا ئۆزىمىزنىڭمۇ مۇدۇرۇلۇپ يىقىلىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ قويمايمىز...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# يۈرەك ئايغا ئوخشايدۇ

يۈرەك ئايغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭمۇ داغى، ئاھى بار،
ئازابتىن يىغلىما كۆڭلۈم ئايازنىڭ پەيتى، يازى بار.
جاھاندىن ئۆتتى نى سۇلتان، قارارگاھى توپا تۇپراق،
كۆرەڭلەپ كۈلمە، ئەي ئىنسان، بىلەرگە پىر قازى بار.

بالىلىق چاغلىرىمدا مەن بىلەن تەڭ قۇراملىق بالىلارنىڭ قولىغا سىزىۋالغان سائەتنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرىپ ئانامغا: «ماڭىمۇ سائەت سىزىپ قويغىنا، ئانا؟» دەپ سائەت سىزدۇرغان ئىدىم. شۇ چاغدا ئانام قولۇمغا سائەت سىزىۋېتىپ: «ياخشى ئوقۇسىڭىز راست سائەت تاقايسىز، ئېسىل قىز بولسىڭىز ئالتۇن سائەت تاقايسىز» دېگەنىدى. «بۇ سائەت سېنىڭ سائىتىڭدەك قاچان ماڭىدۇ» دېسەم، «پەقەت ياخشى ئوقۇسىڭىزلا ئۇ ماڭىدىغان بولىدۇ، سىزنى پارلاق بىر كېلەچەككە باشلاپ بارىدۇ» دېگەنىدى.

مانا يىللار ئۆتتى، ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىپتىكەنمەن، مۇسىبەتلىك مۇشۇ كۈنلىرىمدە بالىلىق خاتىرەم قايتىدىن يارقىنلىشىپ، مېنى بالىلارچە بىر تاتلىق سېزىم قوينىغا ئېلىپ كىردى.

ھەممە قىزلاردەك ئانامنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنى كىيىپ ھويلىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتىم. ئانام: «چوڭ رازمېرلىق ئاياغ كىيسە ئۆزىدىن چوڭ ئادەمگە تۇرمۇشلۇق بولۇپ قالىدۇ، سىلىۋېتىڭ» دەپ سالدۇرۇۋالاتتى. زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى

تاقىۋالسام: «قىز بالا دېگەننىڭ كىچىكىدىن ھەۋىسى ئوخشاش بولىدىكەن، ئالدىرىمىسىڭىز بولارنىمۇ تاقايسىز. قولىقىڭىزنى تېشىپ ئالتۇن ھالقا سېلىپ قويدۇم. ھالقا دېگەن قىز بالىنىڭ قىرىق بىر خىل ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ، قۇلىقىڭىزدىن ھالقىنى ئالماڭ، لېكىن ئۈزۈك تاقاشنىڭ مەنىسى بار، بۇنى ۋاقتى كەلگەندە دەپ بېرىمەن» دېگەنىدى.

نەچچە يىل بۇرۇن ئىنىمنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ، ئانامنى ئېلىپ قىزغا نىشان ئۈزۈكى ئېلىشقا ماگىزىنغا چىقتۇق. ئانام:

— بۇ ئۈزۈك نازۇك، نەپىس بولسۇن، بۇ تويىنىڭ بەلگىسى، توي ئۈزۈكىنى قولنىڭ نامسىز بارمىقىغا سېلىشتىكى سەۋەب بۇ بارماقنىڭ تومۇرى يۈرەككە تۇتاش ئىمىش. شۇڭا، بۇ ئۈزۈك نامسىز بارمىقىدىن زادىلا ئاجرالماسلىققا نىيەت قىلسۇن، — دېگەچ بىر ئۈزۈكنى كۆرسىتىپ دېدى، — بۇ چىرايلىق ئىكەن.

— ئۆزى بىر ئۈزۈكنى تاللاپتىكەن، ماڭا كۆرسىتىپ قويغان، — دېدى ئىنىم بىزنى شۇ ئورۇنغا باشلاپ بېرىپ. بولغۇسى كېلىنچەكنىڭ تاللاپ قويغان ئۈزۈكىنىڭ بىرىلىيانتى بىز كۆرگەن ئۈزۈكتىن سەل چوڭراق ئىكەن، شۇنى ئالدۇق. قايتىپ كېلىپ ئانام جىمىپلا قالدى. تاماقتىن كېيىن بىزنى ئولتۇرغۇزۇپ مۇنداق دېدى:

— نىكاھ دېگەن بەك مۇھىم ئىش، نىشان ئۈزۈكنى يىگىت تاللاپ، قىزنى تۇيۇقسىز خۇش قىلىشنى كىتابتا، كىنولاردا كۆرەتتۇق، دۇنيادا ھەممە نەرسىنى قايتا تاللاش ئىمكانىيىتى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن قايتا نىكاھ ئادەمگە مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئازاب ئەكېلىدۇ. شۇڭا، تۇنجى نىكاھنى ئوبدان ئويلىشىش كېرەك. ئىنسانغۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي چارە يوق، لېكىن سەۋەبكار ئالەم بۇ، تەقدىرىم مۇشۇ ئىكەن دەپ ئولتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. شۇ كۆزنى، شۇ ئەقىلنى ئاق ـ قارىنى، ياخشى ـ ياماننى، تىلى بىلەن دىلى بىرمۇ، بىر ئەمەسمۇ، پەرق قىلسۇن، دەپ ياراتقان. مۇشۇ تويغا سىز بەك سۇۋاقچىلىق قىلىپ

كېتىۋاتىسىز. سىزغۇ بىرسى كۆزىڭىزگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالسا يۈرىكىڭىزنى سۇغىرىپ بېرىسىز، ئەتە ـ ئۆگۈن دىلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويسا كۆتۈرەلمەيسىز. چوڭلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىنى سۆزلەيدۇ. ياشلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى توققۇزنى تەل قىلىپ تويىنى قىلىپ قويسا، تويدىن كېيىن زېرىكىپ توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىپ ئاجرىشىۋاتقان ياكى بولمىسا ئۆزىدىن ئۇستۇنلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ماشىنىنىڭ قىممىتىنى، ئۆيىدىن نەچچىنى، بولسا چەت ئەلدە ئۆي ئالىمەن دەپ ئاشۇكۇرلۇك قىلىۋاتقان، مانا مەن دېگەن يىگىتلەر خوتۇنىنى توغرا تاللىيالماي كۆلدە كۆمەچ بولۇپ كەتكەننى كۆرگەنمەن. خۇدايىم ساقلىسۇن كۆزى تويماس ئاياللاردىن. «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن ماقال ـ تەمسىل بىكارغا چىقمىغان.

— ئانا، ئۇلارغا بەخت تىلەيلى، كېلىن بولىدىغان قىز تەربىيە كۆرگەن، كۆز ـ قارنى توق قىز، ئىشقىلىپ مەن بەك ياخشى كۆردۈم.

— مېنىڭمۇ كۆزۈمگە بەك ئىسسىق كۆرۈندى، ھېچقانداق گىرىمسىز، قاش ـ كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن، كۈلۈپلا تۇرىدۇ، مېھرى ئىسسىق قىز ئىكەن، — دېدى ئانام.

شۇ كېچىسى ئانام نېمىشقىكىن ئۇخلىيالمىدى، ئانامغا قاراپ مەنمۇ ئۇخلىيالمىدىم.

— نېمە ئويلاۋاتىسەن، ئانا؟ نېمىشقا ئۇخلىيالمايسەن؟ قويقىنا سۈت ئىچەيلى، مەنمۇ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن.

ئىككىمىز سۈت ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق، ئانام سۆز باشلىدى:

— ھازىرقى باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدۇ، كېلىنلەر قېيىنئانىسىدىن قاچىدۇ، ئايرىم ئۆي تۇتۇشقا ئالدىرايدۇ. بۇرۇنقى چاغلاردا كېلىنلەر قېيىنئانا بىلەن بىللە تۇراتتى. ئائىلە، ئۆي تۇتۇش، ئەرنى كۈتۈش، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنەتتى. قېيىنئانا دېگەن بىر ئۇستاز، ئۇنىڭدىن ئايال

بولۇشنى، ئانا بولۇشنى ئۆگىنىدىغان گەپ. ئايال كىشى ئائىلە ئىشى بىلەن ئەرنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. بىلسە ئۆي ئىشى قىلىش، تاماق ئېتىش ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشى دەم ئېلىش ئۇسۇلى. بۇ چاغدا كاللىدا مۇشۇ ئىشنى قىلىشتىن باشقا غەم بولمايدۇ، دىققەت بىر يەرگە يىغىلىدۇ، ئۆيگە مېھرى چۈشىدۇ. ئەقىللىك ئايال ئېرىنى ئوخشىغان تاماقلىرى، ئىللىق مۇئامىلىسى بىلەن ئائىلىگە ئۆگىتىدۇ. كېلىنلەر چوڭلار بىلەن تۇرسا ئوغۇللارمۇ كەچ قېلىشتىن، كەيپ ـ ساپا قىلىپ كېلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، چوڭلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ دەيدۇ. بۇمۇ ئايالنىڭ خاتىرجەملىكى. چۈشەنسە، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانا ھېچ ئىش قىلماي ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ بەرسىمۇ ئۆينىڭ بەرىكىتى، ئۇلار دېگەن مېھمان. مەڭگۈ شۇنداق ئولتۇرالامدۇ؟ ئۇلارنىڭ دۇئاسى پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق، شۇنىڭ بىلەن كۆكلەيدىغان گەپ. ئۇلارنى كۆرۈپ چوڭ بولغان باللار ئاتا ـ ئانامۇ چوڭ دادام، چوڭ ئانامنى شۇنداق ھۆرمەت قىلاتتى دەپ، ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەپ باقىدۇ. كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس ـ دە؟

ـــ شۇڭا سەن ئاچامنىڭ قېيىنئانىسى بىللە بىللە تۇرۇشنى قوللاپتىكەنسەن ـ دە؟

ـــ ئەلۋەتتە. قارىڭا ئاچىڭىزنىڭ ئۆي تۇتۇشىغا، مېھمان كۈتۈشىگە، تۇرمۇشقا شۇنداق پىشقان. بىزنىڭ ئۆيدە ئۆگەنگىنى بىلەن ئېرى يەپ ئۆگەنگەن تاماقلارنى شۇ تەمى بىلەن ئۆگىنىش باشقا جەريان. قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىڭىزنى ئەكېلىپ تۇرغۇزۇڭ، دۇئاسىنى ئېلىڭ دەپ يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىللىق كېلىن بولۇپ قالسىمۇ دائىم دەيمەن.

ـــ ئاچام ئۇلارنى بىزدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ، ـــ دېدىم چاقچاق قىلىپ.

ـــ مەيلى، بالام، قىز بالا دېگەن ھامان تالانىڭ ئادىمى. ھەممىدىن خاتىرجەملىك ئەۋزەل، ئاچىڭىزغىمۇ كېلىنلىرى

شۇنداق قىلىدۇ، قىلغان ئەجرى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ، يەنە ئۆزىگە قايتىدۇ، شۇنداق جاھان بۇ، بالام. ئۆي ئىشى قىلسا ئۆزىنىڭ ئىززىتى، يۈزى يورۇق بولىدۇ. ئەنە كېلىنىمىز شەمشىقەمەرگە قاراڭ، ئۇمۇ شۇنداق تەربىيەلىك قىز، «ۋاي دادا» دەپ تۇراتتى، دادىڭىزمۇ ئىككى قىزىم ئەمەس، ئۈچ قىزىم بار دەيتتى، مېنىمۇ «ئانا» دەپ ھالى قالمايدۇ. بىز قېرىپ قالغاندا ئۇلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايمىز، كۈندە بىر قېتىم بولسىمۇ تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سوراپ قويسىمۇ خۇش بولىمىز.

— ھە راست، ئانا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىن مۇنداق بىر ھېكمەتنى يېزىۋالدىم: «ۋەيران بولغان ئەردىن قانداق ۋەيران بولغان دەپ سورىماي، قانداق خوتۇن ئالغان دەپ سوراڭ» دېيىلىپتۇ.

— قالتىس توغرا سۆز، ئەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلغان ئاياللار ئۇ دۇنيادىلا ئەمەس، بۇ دۇنيادىمۇ ئەجرىنى كۆرىدۇ. ياشلىقتىكى دۆلەت دۆلەت ئەمەس، قېرىغاندىكى دۆلەت ھەقىقىي دۆلەت. قېرىغاندىكى غېرىبلىق، مەينەتچىلىكتىن خۇدا ساقلىسۇن. «ئەر رازى، خۇدا رازى» دەپ ئەرنى نارازى قىلغان ئاياللار قېرىغاندا ئۇ كېسەل، بۇ كېسەل، ئىشقىلىپ ھامان دەردىنى تارتىدۇ، ئەرلەرمۇ ئوخشاش. ياشلىقىدا تازا قاقشاتقان، يىغلاتقان ئاياللىرىنىڭ قولىغا قېلىپ، ئاغرىپ قالغاندا بەرگىنىنى يەپ، كۆزىگە قاراپ مۆلدۈرلەپ قالىدىغان گەپ، ھەر شىردەك ھۆركىرەپ يۈرىدىغان ئەرلەرمۇ كېسەللىك بىلەن سۇنىدۇ. ھەي، بۇ دۇنيادىن بىر خىل ئۆتۈپ كەتمەك تولىمۇ قىيىن. شۇڭا، ھەربىر قەدەمنى ئويلاپ بېسىپ، ھەربىر سۆزنى ئويلاپ قىلىش كېرەك، ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى بار ئەمەسمۇ؟

— ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك ئويلىسا ئادەم يېنىكلەپ قالىدۇ. «بىر بالام چوڭ بولۇپ توي قىلماقچىغۇ؟ ئانىنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىقى بولامدۇ؟» دەپ مۇشۇ تەرىپىنى ئويلاپ، بۇ گەپنى قويايلىچۇ، ئانا ...

— بالام، سىزمۇ مەندەك ئانا بولغاندا نەچچە بالىنى تۈننى تاڭغا ئۇلاپ بېقىپ قاتارغا قوشقاندا ئاندىن ئانىنىڭ قەلبىنى، مېنىڭ بۇ كۆڭۈل يېرىملىقلىرىمنى چۈشىنىسىز. ھازىر بۇ گەپلەرنى دېسەم ئانام تەمەخور ئىكەن دەپ قالىسىلەر، ئادەم ياشانغانسېرى كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدىكەن. ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەپ تۇرسا، ئىپادىلەپ تۇرسا، كىچىك چاغلىرىدەك كىرىپ قۇچاقلاپ ـ سۆيۈپ تۇرسا دەپ ئارمانلايدىغان گەپ ئىكەن.

— بۇ سەندىكى مۇھەببەتسىراش كېسىلى. بۇرۇن دادامدىن تارتىپ ھەممىمىز يېنىڭدا ئىدۇق. ئەمدى دادام تۇگەپ كەتتى، بىزمۇ ئالدىراش، كۆڭلىمىزدە ئويلىساقمۇ يېنىڭدا سەن ئويلىغاندەك كۆپ بىللە بولالمايمىز، بۇ ساڭا بىز سەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تەسىر بەرگەن ئوخشايدۇ. لېكىن، كۆڭلىمىز ھامان سەندە، ئانا، سەنمۇ بىزنى چۈشىنىشىڭ كېرەك ـ دە؟

— بۇغۇ خىيالىم، سىزگىلا دېگۇم كېلىۋاتىدۇ، سىز بىر نەرسە يازىسىز، پايدىلىنىپ قالارسىز، بۇمۇ بىر ئانىنىڭ خىيالى ...

— دېگىنە، ئانا، سېنى ئۇخلاتمىغان شۇ ئىشلارنى دەپ بېرىكلىۋالغىنا...

— بۈگۈن بالام ئۆزۈك تاللاۋاتىدۇ. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ باللىق ۋاقىتلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. كىچىككىنە بالام چوڭ بولۇپ، بۈگۈن لايىقىغا ئۆزۈك تاللاۋاتىدۇ، بۇمۇ بەلكىم بالامنىڭ بىر قىزغا تۇنجى قېتىم ئۆزۈك سوۋغا قىلىشى. لېكىن، شۇ تاپتا بالام مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلگىنىدە، مەندىن رەنجىپ كېتەرمۇ ياكى «ئويلىغىنىڭمۇ توغرا، ئانا، مەن يەنىلا بالا ـ دە» دەپ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «جېنىم ئانا، مەن بۈگۈن چوڭ بوپتىمەن، قىزلارغا قىممەت باھالىق ئۆزۈك سوۋغا قىلىشتىن بۇرۇن ساڭا سوۋغا قىلاي» دەپ قويسا، «جېنىم بالام، مىڭ رەھمەت، ماڭا ئالتۇندىن تاج تاقاپ قويغاندەك خۇشال قىلدىڭىز،

سىزنىڭ بەختىڭىز مېنىڭ بەختىم» دەپ ھەرگىزمۇ ئالدۇرمايتتىم، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم شۇنچىلىك ئېرىپ كەتتىكى، پۈتۈن بەدىنىمدە ئېقىۋاتقان ئۇ سېزىمنى تالاي ئانىنىڭ ئانامدەك مۇڭلىنىپ ئېقىۋاتقان ھاياجانلىق كۆز يېشى دەپ بىلىپ، بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم:

— ئانا، ئانىلارنىڭ قەلبىنى بىز راستلا چۈشەنمەيدىكەنمىز، بالا دېگەن ھامان بالىلىقنى قىلىدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئارمانلىرىڭ بولسا چوقۇم دېگىن، بىز بىلىپ تۇرۇپ ئەمەس، بىلمەي رەنجىتىپ قويىدىكەنمىز، — دېدىم.

ئانام كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھېكايەت بار، — دەپ سۆز باشلىدى، — بىر ئوغۇل ھەر كۈنى كەچتە بىر قاچا سۈت سېغىپ كېلىدىكەن. بۇنى چوقۇم ئالدى بىلەن ئانىسىغا ئىچۈرۈپ، ئاندىن بالىلىرىغا، ئايالىغا بېرىدىكەن. بىر كۈنى سۈت سېغىپ كەلگۈچە كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، بالىلىرىنىڭ قورسىقى ئېچىپ دادىسىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ، ئانىسى ساقلاپ بولالماي ئاچ قورساق ئۇخلاپ قاپتۇ. ئوغۇل سۈتنى ئېلىپ كەلسە، ئانىسى ئۇخلاپ قالغان، بالىلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغانىكەن. ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. سۈبھىدە ئانىسى ئويغانغاندا، بالىلىرى ئاچ قورساق ئۇخلاپ بولغانىكەن، شۇنداقتىمۇ ئانىسى ئويغىنىپ سۈتنى ئىچكەندىن كېيىن ئاندىن بالىلىرىغا بېرىپتۇ. كېيىن ئاستا ـ ئاستا بۇ ئوغۇلنىڭ ئىشى يۈرۈشۈپ باي بولغاندا بالىلىرىغا مۇنداق نەسىھەت قىلىپتۇ:

— بالىلىرىم، سىلەر كىچىك ۋاقتىڭلاردا بىز بەكمۇ نامرات ئىدۇق، سىلەرنىڭ ئاچ ـ زېرىن ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشىپ، كېچىچە ئۇخلىيالمايتتىم. بىر كۈنى بىر مويسىپىت ئادەمدىن: «مەن قانداق قىلسام باي بولىمەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ مويسىپىت: «سەن پات ئارىدا باي بولۇپ

كېتــــسەن» دېدى. مـەن هـەيران بولـۇپ: «سـەۋەبى نېـمـە؟» دەپ سورىدىم. «سـېنـىڭ يـاشـنـىـپ قالغـان ئـاناڭ بار، سـەن ۋاپـادار ئوغۇل، ئاناڭنى ھەممىدىن چوڭ بىلىپ ئىززەتلىسەڭ، چوقۇم باي بولۇپ كېتىسەن، سېنى ئاناڭنىڭ ئاشۇ دۇئاسى كۆكلىتىۋېتىدۇ. ئانىسى بار ئادەم ئاسـان باي بولـىـدۇ، لېكىـن ئۇنى چوقـۇم رازى قىلـىش كېرەك» دېـدى. بالىلـىرىم، كـىچىك ۋاقـتـىڭلاردىكى ھېلىقى ئاچ قـورساق يىغـلاپ تۇرساڭـلارمـۇ سۇتنـى ئـانامنـىـڭ ئويغـىنىـپ ئـاۋۋال ئىچىـشىنى كـۈتۈپ، سىلـەرگە بەرمـىگىنـىـم ھازىرغىچە يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرىدۇ، لېكىن ئانامنى شۇنداق كۆتەلىگىنىم ئۈچۈن بۈگۈن بۇ باياشاتچىلىق بولدى ...

بۇ ھېكايەتنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا پاتتىم:

— ئـانا، مېـنـىـڭـچـە دۇنـيادا ئـاتـا ـ ئـانىـسـىـنى يـاخشـى كۆرمەيدىغان بىـرمۇ ئىـنـسان يوق، لـېـكىن ئـادەمـلـەرنـىـڭ بـۇ مېھرىـنى ئىپـادىلـىشـى ئوخشـاش بـولمايـدۇ. بەزىلەر تـۇرمـۇش ھەلەكچىلىكى، بالا غېمـى دېگەندەكـلەر بىلـەن ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك كۆيۈنەلمەسلىكى مۇمكىن، بـۇ ھەرگىزمـۇ ئۇلارنى تاشلىۋەتكىنى ئەمەس ـ دە.

— ھازىرقـى يـاشلار كۆپ ئـىـشنى بـىـلمەيـدۇ، ھـەممـىـنـى ياشلىقىغا ئېلىپ بىپەرۋا قارايدۇ، ئاتا ـ ئانـىسى مەڭگـۈ يېنـىـدا بـولىدىغـاندەك ئويلايـدۇ، ئاتا ـ ئانـىسىنـى رەنجىتـىـپ قويغـان، ئـۇلارنى ئۇلۇغ ـ كـىچىك تـىندۇرۇپ قويغىنى ئـۈچۈن ئۆزىمـۇ سەزمەي نۇرغۇن زىيان تارتىدۇ، بۇنىڭمۇ بىر ھېكايىسى بار.

— قېنى سۆزلەپ بەرگىنە، ئانا.

— بىر ئوغۇل توي قـىلـىپـلا ئايرىم ئـۆي تۇتۇپ، ئانـىسىنـى باقماپتۇ. ئايالى ئانىسىنى ياقتۇرمىسا ئوغۇلمۇ ئۇنىڭ ئەگىشىپ، ئانىسىدىن قۇسۇر ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. يىللار ئۆتۈپ ئوغـۇل ئېغىـر كـېسەل تارتـىپ سەكراتـقا چۈشۈپ قـاپتۇ، ئۇنـىڭ قـىيـنـىلـىـپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىمىغان يېقىنلىرى بىر مويسىپىت ئـۆلىمانى باشلاپ كەپـتۇ. ئۇ ئـۆلـىما ئـوغـۇلنىـڭ سـەكراتتـىكى بىچـارە

هالىتىنى كۆرۈپ:

— بۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. بىچارە ئانا ئوغلىنى سېغىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ، لېكىن رازىلىق بەرمەپتۇ. بالا تېخىمۇ قىينىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار: «ئەمىسە ئوغلىڭىزنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرەيلى، ئۇ بەك قىينىلىپ كەتتى، بىز بېرىپ ئوتۇن تىزايلى » دەپتۇ. ئانا بۇنىڭغا چىدىماي يىغلاپ تۇرۇپ: «بولدى، كۆيدۈرمەڭلار، بىچارە بالام قىينىلىپ كېتىدۇ، مەن ئوغلۇمدىن ئىككىلا ئالەم رازى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلى تىنچ جان ئۈزۈپتۇ.

— ئۇھ، — دېدىم كۆڭلۈم باشقىچە يېرىم بولۇپ، — بۇ دۇنيادا ياشىماق ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەن جۇمۇ. ئانا، بەلكىم شۇ ئوغۇلنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنچە قارا بالا ئەمەستۇر، پەقەت ئايالنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەيداندا تۇرۇپ ئانىسىنى يوقلىمىغاندۇ؟ بۇمۇ ياخشى پەزىلەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئايالنى ياخشى كۆرۈشى ئانىسىنى ياخشى كۆرۈشىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئايالنى ياخشى كۆرۈشى ھەرگىزمۇ ئانىسىنى ئۆچ كۆرۈش دېگەنلىك ئەمەس، لېكىن ھەيرانمەن، بەزى ئاياللار نېمىشقا قېيىنئانىسىنى ياخشى كۆرمەيدىكىنە؟ شۇ ئانا بولمىسا بۇ ئوغۇل نەدە دەپ ئويلىمامدىكىنە؟

— كېلىنلەرنىڭ دەيدىغىنى، قېيىنئانام مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەممە ئىشىمدىن قۇسۇر تاپىدۇ، كۆزگە زادى سىغمايمەن، ئوغلى بولسىلا بولدى...

— مېنىڭچە، ئانا، ئانىنىڭ قەلبى چەكسىز مۇھەببەتكە تولغان بىر دۇنيا، يىللار ئۆتكەنسېرى ئۆزىنىڭ باغرىدا ئەركىلەپ ياتقان ئوغلى تۇيۇقسىز باشقا بىر ئايالنىڭ يېنىدا يۈرسە، چىدىماسلىقىدىنمۇ ياكى قىزغىنىشىدىنمۇ، قۇسۇرچى بولۇپ قالىدىكەن. كېلىنىدىن ئىزدەيدىغان بۇ قۇسۇر ئوغلۇمنى ياخشى

كۆتسە ئىكەن، ئۆز ىدەك مىننەتسىز مۇھەببەت بېرىپ، جاننى پىدا قىلىشقىمۇ تەييار تۇرالىسا دېگەن ئارزۇغا ھامىلدار ئىكەن.

— راست دەيسىز، بالام، سىز مانا توغرا چۈشىنىپسىز. ئانا دېگەن بالىغا يامان بولسۇن دەمدۇق. ھە دېسە سىرتتا تاماق يېدۇق دەپ، ئاشخانىلارنىڭ پاسكىنا ـ پاكىز تامىقىنى يەپ يۈرگەن. ئۆيدە قازان قايناپ تۇرسا، بىر داستىخاندا تاماق يېسە مېھىر چوڭقۇرلىشىدۇ، ئۆينىڭ بەرىكىتى بولىدۇ. تۇز دېگەننىڭ خاسىيىتى ئاجايىپ. ئىكاھتا تۇزغا چىلانغان نان يەيدۇ. بىر داستىخاندا تۇز ـ تاماق يېيىشكەننىڭ خىسلىتى كۆپ، بالام. مېنىڭ بالام بولۇڭلاركى، تاماققا ئېۋەن قويىدىغان، مېھماندىن قاچىدىغان ئادەم بولماڭلار. ئەرنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن ياخشى ئۆتۈڭلار، «ھەسسىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق» دەيدىغان كېلىن بولماڭلار، ئادەم دېگەن يۈزنى داستىخاندىن تاپىدۇ ...

ئانامنىڭ دائىملىق نەسىھەتلىرى باشلانغانىدى، شۇڭا گېپىنى ئۈزۈپلا:

— ماقۇل، ئانا، بۇ سۆزلەرنى مەن بەك جىق ئاڭلاپ كەتكەن. ئانا، ئارىدا «ئوتياش ئۈزۈك» ھەققىدە گەپ قىلىپ بىر ئىشنى ئېسىمگە سالدىڭ. سىلەرنىڭ ھېلىقى ساۋاقداشلىرىڭلارنىڭمۇ شۇنداق بىر ئوتياش ئۈزۈككە مۇناسىۋەتلىك تەسىرلىك بىر پاجىئەسى بولغانىغۇ دەيمەن، شۇنى بىر دەپ بەرگىنە، مېنىڭ بىر كىنو سېنارىيەسى يازغۇم بار.

ئىككىلىمىزنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— ماۋۇ كېچىدە چۆچەك ئېيتقاندەك ئولتۇرۇشىمىزنى كۆرۈڭ، بىر سائەتتىن كېيىن بامدات بولىدىكەن، ياتساق ئۇخلاپ قالمايلى، بوپتۇ، دەپ بېرەي. باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ بىللە ئوقۇغان دوستىمىز سوفىيە بەك چىرايلىق ھەم شوخ قىز ئىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ سوفىيە يىگىتىنىڭ يۇرتىغا — شىمالغا كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا ئۇچۇر ھازىرقىدەك تېز بولمىغاچقا، پەقەت نەچچە ئايدىن كېيىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. ئارىدىن

نەچچە يىل ئۆتۈپ سوفىيە قايتىپ كەلدى، بىچارە دوستىمىزنىڭ ئاچچىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بەك ئازابلاندۇق.

— نېمە بوپتۇ، ئانا؟ يىگىتى بىلەن توي قىلالماپتۇمۇ؟

— قىز بالا ئۆزى ياخشى كۆرگەنگە خار بولغۇچە، ئىززىتى بىلەن ئۆزىنى ياخشى كۆرگەننىڭ خىزمىتىنى قىلغان ياخشى

سوفىيە ساددا، ئاق كۆڭۈل قىز بولغاچقا، يىگىتىنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ كەينىدىن ياقا يۇرتقا كېتىپ قاپتۇ. يىگىتىنىڭ ئانىسى: «ئوغلۇمنى يۇرتىمىزدىن ئۆيلەيمىز، تۇغقانلارنىڭ كىچىكىدە دېيىشىپ قويغان قىزى بار» دېدى دەپ، سوفىيەنى قارشى ئالماپتۇ. ئۇ چاغدا سوفىيەنىڭ بويىدا بار ئىكەن، ئۇنى بىلىپلا قالسا يىگىت قانۇن بويىچە جازالىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار مەسلىھەت قىلىپ يىراق ناھىيەدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، بوشانغاندا تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمىز دەپتۇ. ساددا دوستۇم بۇنىڭغا ئىشىنىپتۇ. يىگىتنىڭ يېزىدىكى تۇغقانلىرى بۇ نىكاھسىز بويىدا قالغان قىزغا باشتا يامان كۆزدە قاراپتۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقىنى بىلىپ ھېسداشلىق قىلىپتۇ، يىگىتنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكىنىگە ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئۇلار گەرچە يىگىتنىڭ تۇغقانلىرى بولسىمۇ، بۇ دوستىمىزغا يان بېسىپ تۇغقانلىرىدىن رەنجىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ قىزنى يوقلاپ كەلمىگەنلىكىگە خاپا بوپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ قىزلىرى بار ئىكەن، قىزى بار ئادەم، ئانا بولغان ئادەم قىزنىڭ، ئانىنىڭ دەردىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. بەلكىم «بىزنىڭمۇ بالىلىرىمىز بار، قىزلىرىمىز بار ئەمەسمۇ؟ بۇ بىچارە قىز شېرىن ۋەدىلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىپتۇ، مۇساپىرچىلىقتىكى بۇ ئېغىر كۈنلىرىدە بېشىنى سىلاپ قويايلى، ساۋاب بولىدۇ» دەپ ئويلىغاندۇ. سوفىيەگە بەك ئاتىدارچىلىق قىلىپتۇ. قىز بالىنى باقماقمۇ، خاتىرجەم تويىنى قىلماقمۇ تەس ئىش جۇمۇ. سوفىيەمۇ ئارزۇلۇق يالغۇز قىز ئىدى. «كىملەرنىڭ ئارزۇلۇقلىرى كىملەرگە خار بولماپتۇ»

دەپ، بۇ يەردە مەلىكىدەك يۇرىدىغان قىز كىشىنىڭ يۈرتىدا بىر يېزىدا تاغار كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. دوستىمىز كۆڭۈلىنىڭ كەينىگە كىرگەچكە ئۆمۈرلۈك ھاياتى خازان بولدى.

— ئۆزۈڭنىڭ ھېسسىياتىڭنىڭ خۇلاسىسىنى قوشماي، شۇ تارىخنى ئەينەن سۆزلەپ بېرە، — دېدىم كۈلۈپ. لېكىن، ئانام ھەسرەتلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى:

— سوفىيەنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قاپتۇ، ئۇلار مەسلىھەت قىلىپ: «بالام، تۇغۇت دېگەن ئاياللار ئۈچۈن بىر جەڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەرنى جەڭگە يارىتىپ، ئاياللارغا مۇشۇ تۇغۇت جېڭىنى بېرىپتىكەن، تۇغۇتتا ياكى بالا چىقىدۇ ياكى جان چىقىدۇ، دەيدىغان گەپ بار، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. تۇغقانلىرىمىزغا قارىساق سىزنىمۇ، بىزنىمۇ ئۆنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ھەپتە ئاخىرى سىزنى ئېلىپ بارايلى، كۆزىڭىز شۇلارنىڭ ئالدىدا يورۇسۇن، كۆتۈۋالسۇن» دەپ سوفىيەنى شەھەرگە ئەكىرىپتۇ. ۋاي تووۋا، ئۇلار دەل شۇ ۋاپاسىزنىڭ تويىنىڭ ئۈستىگە بېرىپتۇ، قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەن ۋاقىت ئىكەن. سوفىيە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىشىك ئالدىدىلا ھوشىدىن كېتىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغۇچە تۇغۇپ قويۇپتۇ.

— تووۋا، — دەپ تووۋلىۋەتكىلى تاس قالدىم، — تەقدىرنىڭ ماۋۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، تويى بۇزۇلۇپ كەتكەندۇ ئاۋۇ نامەردنىڭ؟

— نەدىكىنى، يەنە شۇ دوستىمىزنىڭ زىيان تارتقىنى تارتقان بوپتۇ، بالىسى تۇغۇلۇپتۇ. بالىسىنى ئاۋۇ نامەردنىڭ ھېلىقى يېزىدىكى تۇغقانلىرى بېقىۋالايلى دەپ ئېلىپ قاپتۇ. دوستىمىز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

— بالىسى ئوغۇلمىكەن، قىزمىكەن؟

— ئوغۇل ئىكەن. قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بالىسىنى كۆرگۈسى كېلىپ چىدىماي شۇ يېزىغا ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئۆزى يىغلاپ تۇرۇپ دەپ بەرگەنىدى، بىچارە دوستۇم.

www.uyghurkitap.com

— شۇ چاغلاردا بىلەمتىڭلار بۇ كەچمىشنى؟

— هەئە ، بىلەتتۇق. بىچارە دوستىمىز ئۇچۇن بىز تاس قالغان بىرىپ ئۇنىڭدىن هېساب ئالغىلى.

— شۇ چاغلاردىكى دوستلۇق هەقىقىي گۈزەل، ساپ هەم ئىشەنچىلىك ئىكەن جۇمۇ. هازىر بىرەر دوستىنىڭ ئۇنچىلىك پىنهان سىرىنى بىلگەنلەر خەلقئالەمگە يېيىۋېتىدۇ. بۇ ئۇچۇر دەۋرىنىڭ پاجىئەسىمۇ ۋە ياكى ئادەملەر شۇنداق ئىشەنچسىز بولۇپ كېتىۋاتامدۇ؟ دوستىنىڭ بەختسىزلىكى ئۇچۇن يىغلاش ئەمەس، بىرەر ئاجىزلىقىنى بىلىۋالدىم دەپ كۈلىدىغانلار كۆپ. «قىز بالىنىڭ دوستى يوق» دېگەن سۆز سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردا يوقمىدى، ئانا؟

— مەيلى قايسى دەۋر بولسۇن هەممە ئىش ئادەمگە باغلىق، بىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تۇرساق، قانداقمۇ دوستىمىزنىڭ يىغىسىغا چىداپ تۇرالايمىز؟ بىز بارايلى دېسەك، سوفىيە زادى ئۇنىمىدى.

— نېمە دەپ ئۇنىمايدىكەن؟ يەنە ياخشى كۆرىدىكەن ـ دە، بىچارە.

— «كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماپتۇ» دەپ، ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ كەمچىلىكىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ. سوفىيە بىزگە: «نېمىلا بولسۇن بىزنىڭمۇ كۆڭۈللۈك ئەسلىمىمىز بولغان، ئۇنىڭمۇ ئائىلىسى، ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئامالسىز قالغان تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. ماڭا نامەردلىك قىلغان بولسىمۇ بالامنىڭ دادىسى، هامان بىر كۈنى تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قېنى تارتىپ بولسىمۇ بالىسىنى تاپار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى بېقىۋاتىدۇ. ئۇلار ياخشى ئادەملەر، ماڭا بەك هېسداشلىق قىلغان، بالامنى هامان دادىسىغا تونۇشتۇرىدۇ. هازىر سىلەر بارساڭلار تۇرمۇشىمۇ بۇزۇلىدۇ، مەن تەگمەيمەن، مېنىمۇ ئالمايدۇ، يۇرتىدا يۈزى چۈشۈپ كېتىدۇ، خىزمىتىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ، بىز نېمىگە ئېرىشىمىز؟ ئاچچىقىمنى

چىقىرىۋالدىم دېگەنىبىلەن كەلگۈسىدە ئوغلۇم توي قىلماقچى بولغاندا مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك خورلۇق تارتىپ قالمىسۇن» دېدى.

— نېمىدېگەن ئەقىللىق قىز ـ ھە، ئانا. تولا قىزلار بۇنداق پىداكارلىق قىلالمايدۇ، بۇنداق ئازاب ئىچىدە بىر نامەرد يۈرەككە بەخت تىلىيەلمەيدۇ، يۈرىكىگە خەنجەر سانجىپ قېنىنى ئېقىتىۋاتقان ئادەمگە كۈلۈپ قارىيالمايدۇ.

— ھەممىدىن يامىنى بالىسىدىن تىرىك ئايرىلغىنى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئانام، — بالا دېگەننىڭ ئوتىغا نى ـ نى يۈرەك بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسىنى ياقا يۇرتتا قالدۇرۇپ، بالىسىنىڭ ئوت پىراقىدا قان ـ قان يىغلاپ ياشاش مۇمكىنمۇ؟ مانا بۇ دوستۇمنىڭ ھاياتتا ئالغان بىر خاتا قەدىمى ئۈچۈن تارتىۋاتقان كۈنى بۇ. كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى بىچارىنىڭ.

— بىر بىۋاپاغا شۇنچىلىك ئەقىدە قىلىپتۇ، چۈشەنسە كاشكى، — دېدىم ئاچچىقىمدا.

— بۇ دۇنيادا كىم كىمنى چۈشەنگەن، بالام، بۇ يۈرەكنى بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم چۈشەنگەن ئەمەس...

— كېيىن بالىسىغا چىدىماي يوقلاپ بېرىپتۇ دېگىن...

— بېرىپتۇ. ئۇ چاغلاردا قاتناش قىيىن ئىدى. بىر كەچ كۈزدە بېرىپتۇ، شەھەرگە كەچ چۈشۈپتۇ. نەچچە كۈنلۈك يەردىن كېلىپ بىر قونۇپ ئەتىسى مېڭىشقا تاقەت قىلالماي، شۇ كېچىدە بىر تىراكتورنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مېڭىپتۇ. يولدا تىراكتوردىكىلەرنىڭ يامان نىيىتىگە ئۇچرىغىلى تاس قاپتۇ، تەلىيىگە يولدىن بىرنەچچە ئادەم چىقىپ قاپتۇ.

— غۇلاچقا چىداپ، غېرىچقا چىدىماپتۇ ـ دە، بىچارە.

— شۇنداق قىلىپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇ ئۆيگە يېتىپ بېرىپتۇ. كېچىدە ئىشىك چېكىپ ئۇلارنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. يېزا دېگەندە ئىت تولا ئەمەسمۇ، قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا

بالىسى يىغلاپتۇ، پەنەر يېقىلىپ ئەر ـ ئايال ئىككىسى بالىنى پەپىلەپ چاي بېرىپ ئۇخلىتىپتۇ. دوستىمىز يىغلاپ كېتىپتۇ ھەم ئۇلارنىڭ بالىنى كۆيۈنۈپ ياخشى بېقىۋاتقانلىقىدىن خاتىرجەم بوپتۇ. بامداتقا تەرەت ئالغىلى چىققانلار سوفىيەنى، كۆرۈپ ئۆيگە باشلاپتۇ. سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن سوفىيە بالىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ.

ئانام سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ يىغلىدىم:

— سوفىيە بالىسىنى ئەكېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇلار كۆپ نەسىھەت قىلىپ: «جاپادا قالىسىز. يۇرتىتىمۇ تويى قىلماي بالا كۆتۈرۈپ كەلگەن، دەپ سىزگىمۇ، بالىغىمۇ ئاھانەت بولىدۇ. چوڭ بولغاندا، ئاق ـ قارىنى بىلگەن چاغدا ھەممە ئىشنى چۈشەندۈرۈپ سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز. بالىغىمۇ شۇنداق مېھرىمىز چۈشۈپ قالدى، سىزنىڭ كۆزىڭىزدە قاراپ ياخشى باقىمىز، ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ » دەپ ۋەدە بېرىپ دوستىمىزنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بالا دەردى ئادەمنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ دېسە، ئانا بولغان ئادەملا ئىشىنىدۇ. سوفىيە قايتىپ كېلىپ تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى، بىزگىمۇ ئارىلاشمىدى. ئالدى ـ كەينىدىن مىش ـ مىش گەپلەرمۇ بولۇپ تۇردى. بۇ ئىش ئۇنى تېخىمۇ قىينىدى.

— ئۇ گەپلەرنى سىلەر تارقاتمىغانسىلەر ـ ھە؟ — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— توۋا دەڭا، بىز دېگەن قىيامەتلىك دوستلىرى تۇرساق، ئۇ دۇنيادا ئادەم ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەمەس، قىيامەتلىك دوستلىرى بىلەن بىللە قوپىدىكەن، دوستلىرىنىڭ گۇناھىنى تىلىسە، گۇناھىدىن ئۆتىدىكەن. دوستلۇقنىڭ قىممىتى ھەم ھېكمىتى بەك كۆپ جۇمۇ، بالام. بىز شۇ دوستىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئازابلاندۇق.

— كېيىن قانداق بولدى، ئانا؟

— سوفىيە يىگىتى بىلەن يۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا توي قىلىشنى ۋەدە قىلىشىپ، مەكتەپ باغچىسىدا ئەھدە قىلىشىپتىكەن، ھېلىقى نامەرد ئوت - چۆپتىن بىر تال ئۇزۇك ياساپ، سوفىيەنىڭ قولىغا سېلىپ قويۇپتىكەن. سوفىيە بىر جۈپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن ئىككى قول ياغلىق تىكىپ، بىرىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ، بىرىنى ھېلىقى ئوتياش ئۇزۇك بىلەن خاتىرىسىدە ساقلاپتىكەن... كېيىن سوفىيە ئۇ قول ياغلىقنى بالىسىنىڭ كۆرپىسىگە سېلىپ، باققان ئانىسىغا: «بالام چوڭ بولغاندا بۇنى بېرىڭ، خاتىرەم بولۇپ قالسۇن، چوقۇم يىتتۇرمەي ساقلاپ ئۆز قولىغا بېرىڭ» دەپتۇ.

— پاھ «ئوتياش ئۇزۇك» دېگىنىڭ ئەسلىي مۇشۇ ئىكەن - دە، ئاپا؟ نېمىدېگەن ئاددىيلىق ئىچىدىكى ئۆزگىچىلىككە تويۇنغان سۆيگۈ ئىزھارى بۇ؟ كۆز ئالدىمغا ئاجايىپ بىر يۈكسەك مۇھەببەت ۋەدىسى قىلىشىۋاتقان بىر جۈپ قىز - يىگىت كېلىۋاتىدۇ. باشتىكى ۋاپاسىز كەچمىشنى ئاڭلىمىغان بولسام چوقۇم بۇلاردىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتەتتىم. ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ. مۇھەببەت ئىلاھى بۇ مەنزىرىدىن بەك تەسىرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى سىناش ئۇچۇن بېشىدىن شۇنداق ئەگرى - توقايلىقلار ئۆتكەن بولغىيدى، لېكىن يىگىت ئاجىزلىق قىلىپتۇ، مۇھەببەتنىڭ بۇ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمەپتۇ. بۇرۇن ئاجايىپ يىگىتلەر بار ئىدى دېگەنىدىم، ئەنە شۇنداق بوشاڭلارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. ھەممە دەۋردە بار - دە؟ ئىسىت، ئوتياش ئۇزۇك، خېلى رومانتىك ئىكەن بولمىسا ئۇلار ... — ھاياجانلىنىپ سۆزلەپلا كېتىپتىمەن.

— بىچارە دوستىمىزمۇ شۇ ئوتياش ئۇزۇكنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، كېيىن توي قىلىشقىمۇ زادى ئۇنىمىدى. بىزمۇ بالا باقمىز، ئۆي تۇتىمىز دەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئىزدىشىپ كېتەلمىدۇق، كېيىن سەل نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيدىغانسەن، ئانا؟

www.uyghurkitap.com

— ئۆيىگە بارساق قولىدا بىر قورچاق بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، بارمىقىغا كۆدە بولامدۇ، پالەك بولامدۇ، نېمە ئۇچرىسا شۇنىڭدىن ئۈزۈك ياساپ سېلىپ، دېرىزىنىڭ قېشىدا تالاغا قاراپ قورچاقنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىزنىمۇ تونۇپ كېتەلمىدى. يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ، ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدۇق. كېيىن ئاتا ــ ئانىسى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويدى.

— ھەممە كېسەل روھتا بولىدۇ، بىچارە ئايالغا ئاشۇ ئوتياش ئۈزۈككە مۇناسىۋەتلىك بۇزۇلغان ۋەدىلەر بىلەن بالىسىدىن ئايرىلىش ئازابى بەك تەسىر قىلىپتۇ. ھەرقانداق ئادەم بىر ئىشقا بەك ئەقىدە قىلىپ كەتسە، ئىشلار ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالسا كۆتۈرەلمەي قالىدىغان گەپ. شۇڭا، ھەر ئىشنىڭ يامان تەرىپىنىمۇ ئويلاپ قويۇش كېرەك. لېكىن، مەنمۇ ئېغىزىمدا دېگىنىم بىلەن ئۆز بېشىمغا كەلسە قىلالماسلىقىم مۇمكىن. ھەممە ئىشنى دېمەك بەك ئاسان، قىلماق تەس. ھەي كېيىنچۇ، كېيىن قانداق بولدى، ئانا؟

— كېيىنكى ئىشلار كىنودەك بوپتۇ. ئوغلىمۇ چوڭ بولۇپ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بېرىپتۇ. توۋا، شۇ مەكتەپتە تۇغقىنىنىڭ قىزى بىلەن يېقىن ئۆتۈپتۇ، ئۇ قىز سوفىيەنىڭ ھېلىقى ۋاپاسىز يىگىتىنىڭ قىزى ئىكەن.

— نېمە؟ ھە توغرا، سوفىيەنىڭ بۇ بالىسىنى باققانلارمۇ شۇ يىگىتنىڭ يېزىدىكى تۇغقانلىرى ئەمەسمىدى؟ راست ، توغرا، ئۇلار بىر شەھەردىن ھەم تۇغقان بولغاچقا يېقىن ئۆتۈپتۇ ــ دە؟ ئۇلار بىر ياش پەرقلەنسە كېرەك. ئاۋۇ ئوغۇل دادىسىنىڭ توي كۈنى تۇغۇلغان، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ۋاپاسىزنىڭ بۇ قىزى تۇغۇلۇپتىكەن ــ دە؟ شۇنداق بولغاندا ئىككىسى دادا بىر، ئانا باشقا ئاكا ــ سىڭىل بولىدىغۇ؟

— ھەئە، بىر تۇغقان بولىدۇ.

— ئۇلار بىر ــ بىرىنىڭ قانداشلىقىنى بىلىشمەپتۇمۇ؟

— باشتا بىلمەيتتۇ. ئۇ بالا ئوقۇۋاتقان چاغدا ماڭىدىغان يول ئۈستىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئۇنى ئوغلى ۋە ئوقۇشقا ماڭغان باشقا ئانىسى ئۆز ئانىسى سوفىيەنىڭ ھېلىقى قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن قول ياغلىقنى ئوغلىغا ياخشى ساقلاشقا بېرىپتىكەن، لېكىن ئۆز ئانىسىنىڭ تەقدىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بېقىۋالغانلىقىنى دېمەپتىكەن.

— لېكىن، ئوقۇغان بالا بولغاندىكىن، بىر جۈپ گۈل كەشتىلەنگەن بۇ قول ياغلىقنىڭ چوقۇم بىر ھېكايىسى بارلىقىنى پەرەز قىلغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قول ياغلىق كەشتىلەپ سوۋغا قىلىش ئۇ بالا چوڭ بولغان دەۋردە بار ئىش — دە!

— سوفىيەنىڭ ئۇ ئوغلى مەكتەپتە بۇ قول ياغلىقنى يانچۇقىغا سېلىپ يۈرسە، ئاۋۇ بىلىشمىگەن سىڭلىسى، بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە دادىسىنىڭ ساندۇقىدىمۇ مۇشۇنداق قول ياغلىقتىن بىرنى كۆرگەنلىكىنى، ئانىسىدىن سورىسا، ئۆلۈغ — كىچىك تىنىپ قويۇپ، جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— توۋا، «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىن بىلىنىپتۇ» دەپ بۇ سىرمۇ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپتۇ — دە.

— دۇنيادا ئېچىلمايدىغان سىر يوق، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى — سائىتى كەلسە توسۇپمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى بۇ قول ياغلىقنىڭ سىرىنى ئاتا — ئانىسىدىن سوراپ بىلىپ، سوفىيەنى ئىزدەپ كەپتۇ.

— نېمە؟ ئوغلىلا كەپتۇمۇ، دادىسىمۇ بىللە كەپتۇمۇ؟

— ئوغلى ھېلىقى قىز سىڭلىسى بىلەن كەپتۇ، سوفىيە ئۇلارنى تونۇماپتۇ. ئۇ چاغدا كېسىلىمۇ ئېغىرلىشىپ قالغان، بىزمۇ بېرىپ يوقلاپ تۇراتتۇق. كېيىن ئۇنى ئوغلى كېلىپ ئەكەتتى. نەچچە يىلدىن كېيىن كېسىلى ياخشىلىنىپ قاپتۇ، بالىسىنى تونۇپتۇ، دادىسىمۇ كېلىپ كەچۈرۈم سوراپتۇ، ياخشى بېقىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بەش يىلنىڭ ئالدىدا مېڭىسىگە قان چۈشۈپ تۈگەپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كۆڭلۈمىز شۇنداق يېرىم بولدى.

— ئېمىلا بولسۇن بالىسىنى تونۇپ، ئاز بولسىمۇ بىللە بولۇپ مۇرادىغا يېتىپتۇ، ئاۋۇ ۋاپاسىز ئاغزىدا بولسىمۇ كەچۈرۈم سوراپ دەردىنى سەل يېنىكلىتىپتۇ، مېچنېسىنى بىلمەي ئۆلۈپ كەتسە ئېخىمۇ ئارماندا كېتەتتى رەھمەتلىك.

— بۇ دۇنيادا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسە ئادەمنى شۇنداق ھەسرەتتە قويىدۇ، شۇڭا كۆڭۈلنى ئەقىلنىڭ كەينىگە قويۇش كېرەك، بالام.

— ئانا، بۇنىڭغا مېنىڭ كۆزقارىشىم سەل باشقىچە، مەسىلەن، سىلەر بىر خىل توختام سۇدەك، تىنچ، ئۆزگەرمەس تۇرمۇشنى تاللىدىڭلار، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ سىلەرگە تاللاپ بەرگەن لايىقى بىلەن تۇرمۇش قۇردۇڭلار، تۇرمۇشىمىز بەختلىك ئۆتتى دەپ قارايسىلەر. سوفىيەنىڭ ھاياتى سۆيگەن ئادىمىنىڭ ۋاپاسىزلىقى سەۋەبىدىن بەختسىز ئۆتتى دېگەنبىلەن، مۇھەببەتنىڭ ئازابىمۇ، شېرىن كەچمىشىمۇ بار. ئەنە، تەقدىر ئوغلىنى ئالدىغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ، دادىسىمۇ كەچۈرۈم سوراپتۇ، ئاز بولسىمۇ بىللە ياشاپ ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى شۇنداق ھايات بولسا كېرەك. ئېمىلا دېيلى، ئىنسان مۇھەببەتنى چۈشىنىپ، ھېس قىلىپ ئۆتكىنى ياخشى - دە.

— كۆڭۈلنى ئەرزىگىدەك ئادەمگە بەرگەن ياخشى. ياخشى كۆردۇم دەپ ئازابنى سېتىۋالغاندەك ئىش قىلسا بولمايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ ھۆرمىتى، قىممىتى، ئىززىتى بىلەن بولغىنى ياخشى. بۇ دۇنيادا كىم ۋىسالىغا يېتەلىگەن. يەتكەن بولسا «پەرھات - شېرىن»، «تاھىر - زۆھرە»، «لەيلى - مەجنۇن»، « رابىيە - سەئىدىن»لەر يەتسە بولاتتى، چىن ئاشىقلار زادى ۋىسالىغا يەتمەيدۇ.

ئانام ھايات چېغىدا ئوتياش ئۇزۇكنى مۇھەببەت ئەسلىمىسىنىڭ خاتىرىسى دەپلا ئويلاپتىكەنمەن. بۈگۈن رەھمەتلىك ئانامنىڭ شۇ چاغدا بولغۇسى كېلىنچەكنىڭ ئالدىن تاللاپ قويغان نىشان ئۇزۇكى بىلەن شۇ ئوتياش ئۇزۇكنى ئېمە



www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن سىلىشتۇرغانلىقىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئاھ، مۇھەببەت... باھاسى بىلەن ئەمەس، چىن مەنىسى بىلەن قىممىتىنى ئىزدەيدىغان مۇھەببەت... ئاھ، مۇھەببەت... سەن مۇھەببەت دەپ يىلىنجاپ كۆيۈۋاتقان يۈرەكلەرنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىسەنۇ، دۇنيا دەپ سوقۇۋاتقان يۈرەكلەرنىڭ يېنىدا خار بولۇپ ئۆكسۈيسەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۇچۇۋاتقان يۈرەك

كۆيدى يۈرىكىم، ئاھ، كۆيدى يۈرىكىم،
كۆيگەن ئاۋازنى ئاڭلاۋاتامسەن؟
قۇشتۇر يۈرىكىم، چۈشتۇر يۈرىكىم،
ئەي قۇش، يەردە دانلاۋاتامسەن؟

«ئۆي ئويۇپ يەيدۇ»، «ئۆيدىن چىقمىسىڭىز تۆت تام يەيدۇ» دېسە ئېرەن قىلماپتىكەنمەن. ھەقىقەتەنمۇ روھىمدا يۈز بېرىۋاتقان چۈشكۈن، ئۈمىدسىز بىر كەيپىيات مېنى كۈندىن ـ كۈنگە قىيناۋاتاتتى.

ئۆيدە تېلېفون توختىماي جىرىڭلايتتى... تېلېفونغا قاراپ يەنە خىيالىم ئانامغا كەتتى. تېلېفوننى ئالسام ئانام خىيالىمدىن يوقاپ كېتىدىغاندەك، كۆزۈمنى تېلېفوندىن ئۈزمەي تۇراتتىم...

ئانام ھايات چاغدا ھەممەيلەن تاماق يەپ بولۇپ دۇئا قىلايلى دەپ تۇرساق تېلېفون جىرىڭلىدى. بۇ چاغدا ئانام ئەمدى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تۇرغان بولغاچقا، تېلېفوننى ئېلىپلا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەيمەن دەپ «ئامىن» دەپ سالدى، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. تېلېفوننى چوڭ ئاكام بەرگەنىكەن. بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «ئاللاھۇئەكبەر، نېمە بولىلا، ئانا؟» دېدى. ھەر قېتىم تاماق يەپ دۇئا قىلىدىغان چاغدا: «ئامىن دېگەن گېپىم ئېسىمگە كېلىدۇ» دەپ كۈلەتتى رەھمەتلىك ئانام.

بىر كۈنى ئانام ئىككىمىز تېلېۋىزوردا بىر چەت ئەل

كىنوسىنى كۆردۇق. كىنودا «مىننەتدارلىق بايرىمى» دەپ بىر بايرام ئۆتكۈزۈلدى، ئانام:

— ئادەمدە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولمىسا مەڭگۈ قانائەت قىلماي، بىر نەرسىسى كەمدەكلا ئۆتىدىغان گەپ. دىققەت قىلسام، ئۇلارنىڭ كىيىنىشىمۇ، تۇرمۇشىمۇ بەك ئازادە - ئەركىن ئۆتىدىكەن، بىر - بىرىگە كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەيدىكەن، ياخشى كۆرسە، ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئۆچ بولسا، ئۆچ بولۇپ قالدىم دەيدىكەن، ئاۋۇ ئاغزى تىمساھنىڭكىدەك قىزلارمۇ سەت كۆرۈنمەيدىكەن، ھەممە ئادەم بىر - بىرىگە مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىكەن، — دېدى.

— ياخشى تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىپسەن، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدەك ئۆزگىچە مەدەنىيەت دۇنيادا ئاز. لېكىن، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى كۈچلۈك بوگۈنكە كەلگەندە شۇ شانلىق مەدەنىيەتلىرىمىزنى چاقنىتالمايۋاتىمىز. بىزگە ھەمىشە چەت ئەللىكلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. گۈزەل كۆرۈنگىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىدە، بىزنىڭ ئاشۇ قاش - كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، پەرى سۈپەت قىزلىرىمىز نېمىشقا جەلپكار ئەمەس؟ بىزدە ئىشەنچ، ئۈمىد، مىننەتدارلىق كەيپىياتى كەم.

— راست دەيسىز. مۇشۇ ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ ئۇششاق گەپ ئازمۇ؟ ئاۋۇ بالىسىغا ئۆينىڭ چوڭىنى بەردى، ئاۋۇنىڭغا كۆپ بەردى، ماڭا سوغۇق قارىدى، ۋاي بۇ نارازىلىقنىڭ تۈگىمىگىنى. بىزمۇ مۇشۇ خەقتەك مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەپ، ئادەملەرنى خۇش قىلىپ ئۆتسەك نېمىدېگەن ياخشى، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ ئۆتىدۇ، بىزنىمۇ شۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن خۇش قىلىپ قويىدۇ، ئاغزىنىڭ ھورىدىنمۇ قىزغىنىدۇ.

— «مىننەتدارلىق بايرىمى» توغرىسىدىكى گېپىمىز باشقا تېمىغا يۆتكىلىپ كەتتىغۇ، ئانا، زادى كىمدىن كۆڭلۈڭ بەك رەنجىيدۇ، بىر دېگىنە ئاڭلاپ باقاي.

— ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن دېيەلمەيمەن، بالام. ئاھەم ياشانغاندا! كىچىك بالىدەك تەمەخور، ئاسان رەنجىيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. تەمەخور دېگىنىم بالىلىرىم بىر نەرسە بەرسىكەن دېگىنىم ئەمەس، پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇرسىكەن، ئۇزاق ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ، ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىدەك ئەركىلەپ، تاماق يەپ كەتسىكەن دېگىنىم ... لېكىن، بالىلار ئالدىراش، ئالدىراشلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، كۆزۈم ئىشىكتە بولىدىغان بولۇپ قالدىم، مەنلا شۇنداقمەنمىكىن دېسەم، مەھەللىدىكى باشقا ئاياللارمۇ شۇنداق دەيدۇ.

— بۇ ياشانغانلاردا بولىدىغان مۇھەببەتسىراش كېسىلى، تويۇڭنى قىلىپ قويامدۇق يا؟ — دېدىم كۈلۈپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانام يىغلاپ كەتتى، ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ كەتتىم:

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئانا، خاپا بولمىغىنا، — دېدىم.

— مىننەتدارلىق تېمىسىغا قايتىپ كېلەيلى. بىر ئوبدان تېمىنى سۆزلەۋېتىپ ئېزىپ كەتتۇق. بۇ ھەقتە بىر تەسىرلىك ماقالە ئوقۇغان، شۇ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، يىغلىمىغىنا، ئانا، شۇنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپ ئانامنىڭ يېشىنى سۈرتتۇم. ئانام شۇ سۆزنى باھانە قىلىپ، باشقا كۆڭۈل يېرىملىقىنىمۇ قوشۇپ يىغلىۋالغاندى، بۇنى سېزىپ تۇردۇم، لېكىن كوچىلاپ سورىمىدىم.

— تەيۋەنلىك لەي دۇڭجىن ئىسىملىك بىر چوڭ باي «كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش»نىڭ بىرسى بولۇپ، مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىش نۇتقىدا مۇنداق دەپتۇ: «دادام، ئانام، ئىنى ـ سىڭىللىرىم ھەممىسى ئەما، پەقەت مەن ۋە ئاچاملا ساق. ئاتا ـ ئانام بىر قەبرىستانلىقتا تىلەمچىلىك قىلاتتى، مەن تۇغۇلۇپلا ئىسكىلىتلارغا ھەمراھ بولدۇم، ئايىغىم چىققاندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانام بىلەن تىلەمچىلىك قىلدىم. توققۇز ياشقا كىرگەن يىلىم بىر كىشى دادامغا: ‹بالاڭ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇسۇن، بولمىسا



www.uyghurkitap.com

چوڭ بولغاندىمۇ تىلەمچىلىك قىلىپ ئۆتىدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام مېنى مەكتەپكە بەردى. مەكتەپكە كىرگەن كۈنۈم مۇئەللىم ئۇستىبېشىمنىڭ مەينەتلىكىنى كۆرۈپ يۇيۇندۇردى، بۇ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم يۇيۇنۇشۇم ئىدى. داۋاملىق ئوقۇشۇم ئۈچۈن ئون ئۈچ ياشلىق ئاچام پاھىشىخانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئەما ئاتا ـ ئانام، ئىنى ـ سىڭىللىرىمنى بېقىش ۋەزىپىسى ماڭا يۈكلەندى. مەن بىر سائەت دەرستىنمۇ قالمىدىم. ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ، تىلەمچىلىك قىلىپ ئاتا ـ ئانامنى باقتىم. كېيىن ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇدۇم. ئۇ يەردە بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشتىم، بىراق ئۇ قىزنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭدەك قەلەندەرگە بېرىدىغان قىزىم يوق، دەپ قىزىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، مېنى ئەپكەش بىلەن ئۇرۇپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى ... بىراق، شۇنداق ئېيتىمەنكى، مەن تۇرمۇشتىن ئىنتايىن مىننەتدار، ئاتا ـ ئانامدىن مىننەتدار. ئۇلار ئەما بولسىمۇ ماڭا ھاياتلىق ئاتا قىلدى. مەن ھازىرمۇ ئۇلارغا تاماق يېگۈزۈپ قويىمەن، مەن يەنە جاپالىق تەقدىرىمدىن مىننەتدار، جاپا ـ مۇشەققەت مېنى چېنىقتۇردى، تاۋلىدى، ماڭا مۇشۇنداق ئالاھىدە تۇرمۇش ئاتا قىلدى. مەن ھېلىقى قىزنىڭ ئانىسىدىنمۇ مىننەتدار، ئۇ مېنى ئەپكەش بىلەن ئۇرۇپ، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم تىرىشىشىم كېرەكلىكىنى بىلدۈردى» دەپتۇ.

— راست تەسىرلىك ھېكايە ئىكەن، — دېدى ئانام.

— بۇ ھېكايە ئەمەس، راست بولغان ئىش. ئۇ ئادەم مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر چوڭ شىركەتنىڭ دىرېكتورى ئىكەن.

بۇ دۇنيادا تەقدىرمۇ ئۆزگىرىدۇ، ئادەممۇ ئۆزگىرىدۇ. «سەندە تۇرماس بۇ دۆلەت، مەندە تۇرماس بۇ مەينەت» دەپ، ئەتە نېمە بولۇشىمىزنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز. شۇڭا، بىر ئادەمنى نامرات دەپ كۆزگە ئىلمايدىغان جاھان ئەمەس بۇ، بىر كۈنلەردە

شۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا موھتاج بولۇپ بېرىپ قېلىشىمىز ھەم مۇمكىن. بۇ دۇنيادا ھېچكىم خار قىلىپ يارىتىلغان ئەمەس، كوچىدىكى تىلەمچىلەرگىمۇ پادىشاھنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان تۇرسا، چۈشى بۇزۇلغانلار سەدىقە بېرىشكە شۇ تىلەمچىنى ئىزدەيدۇ. ھەممە ئادەمنى بىر ـ بىرىگە موھتاج قىلىپ ياراتقان. گۈلگە بۇلبۇلنى ئاشىق قىلغان، قاراڭغۇ كېچىنى ئاي ـ يۇلتۇز بىلەن يورۇتقان. قىزىلگۈلمۇ سۇبھىدە ئېچىلارىمىش، سەھەردە ئۈزمىسە بەرگىدىن تۆزۈپ كېتەرىمىش. تېلېۋىزوردىمۇ سەھەردە ئۈزگەن ئۈزۈم بىلەن كەچتە ئۈزگەن ئۈزۈمنىڭ تەمىمۇ، شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ دەۋاتىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئادەمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بار، بالام. سىز بىر نەرسە يازسىڭىز، قەلبىڭىز پاكىز بولسۇن، قەلبى گۈزەل بولمىسا ئېسىل ئەسەر چىقمايدۇ. سەۋرچان بولۇڭ، ھېچ ئىشقا مىننەت قىلماڭ ... ـــ ئانام ئادىتى بويىچە يەنە ماڭا نەسىھەت قىلىۋاتاتتى، ـــ قىز بالا ئەسلىي كۆپ ئىشقا ئارىلاشماي، تىنچ ياشىسا ئوبدان بولاتتى، ھازىر قىزلار بەك جەڭگىۋار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇمۇ تەرەققىياتنىڭ بىر بەلگىسى ئوخشايدۇ. لېكىن، نېمە ئىش قىلىڭ، قىزلاردىكى پەزىلەتنى، خاسلىقنى، خاراكتېرنى يوقاتماڭ. قىزلار قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتكە يېقىن. ھەممە ئىشتا دىققەت قىلىڭ. مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىڭ. بۇرۇن بىر كىتاب ئوقۇغانىدىم، «ئاياللار ئاياللارنى ئېزىدۇ» دەپ، شۇ چاغدا قايىل بولمىغانىدىم، ھازىر ھەممىنى كۆرۈۋاتىمىز. سىزنىڭ ئاشۇ رادىيو ئىستانسىسى ئۈچۈن قىلغان ئىلمىي ئەمگىكىڭىزنىڭ، پىلان ـ لايىھە، تەسەۋۋۇرلىرىڭىزنىڭ قاراپ تۇرۇپ بىر ئايال تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگىنى ماڭا بەك ئەلەم قىلدى. بوپتۇ، ئۇمۇ قىلمىشىغا يارىشا بىر كۈنى كۆرگۈلۈكىنى كۆرەر، لېكىن شۇ تەجرىبە ـ ساۋاقنى يەكۈنلەڭ، ئادەملەرگە ئاسان ئىشىنىپ كەتمەڭ. كۆپ ئاڭلاڭ، ئاز سۆزلەڭ.

مانا بۈگۈن ئاشۇ گەپلەر ئېسىمگە كېلىپ ئاچچىق بىر

تىندىم. ئىشىك ئالدىغا چىقتىم، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر شىكايەت قىلغۇم، ۋارقىرىغۇم، توۋلىغۇم، دۇنياغا، كائىناتقا ئەرزىمنى ئېيتقۇم كەلدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىم. ئادەتتىن تاشقىرى چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بۇ تۇرقۇم بىلەن توۋلاپ يۈرسەم كۆرگەن ـ بىلگەنلەرنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. ئاھ، كەڭ دۇنيا ... لېكىن، بۈگۈن ماڭا شۇنچىلىك تار سەن، ئاھ مۇھەببەتلىك دۇنيا، بۈگۈن ماڭا شۇنچىلىك ۋاپاسىز سەن ... ئاسمانلاردىن ئۈمىد تىلەپ كېچە ـ كۈندۈز ئاسمانغا قارىدىم، كۆز ياشلىرىم قەلبىمگە ئاقماقتا. يەردىن ئۈمىد تىلەپ يەرگە قارىدىم، يەر ئاستىدىن ئانامنىڭ ئارمانلىرى ئاڭلىنىپ مېنى تېخىمۇ قىينىماقتا. ئاھ، ئاخىرى ئاسمانمۇ ماڭا چىدىمىغاندەك يىغلىدى. مانا بۇ ياز يامغۇرى، ئاھ يامغۇر، سەن دۇنيانىڭ، زېمىننىڭ، يەتتە قات ئاسماننىڭ يىغىسى سەن، لېكىن كىملەر ئۈچۈن يىغلىغىنىڭنى بىز بىلمەيمىز... بۈگۈن مەن پەقەت ئۈنسىز خىيال سۈرۈشكىلا قادىر مەن، مېنىڭ خىيالىملا ماڭا ھەمراھ، مېنىڭ خىيالىملا ماڭا ئەڭ چوڭ تەسەللىدۇر. ئاھ دۇنيا، مېنى مۇشۇ خىيال سۈرۈش ھوقۇقىمدىنمۇ مەھرۇم قىلما، يالغۇز بىر ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ نېمە ئويلايدىغاندۇ دەپ ئارامىمنى بۇزما، مەن خىيالىم بىلەنلا ئۆزۈمنى تېپىۋاتىمەن، خىياللىرىم ھەمراھتۇر ماڭا...

* * *

بىر كۈنى ئانام ماڭا بىر كىتابتىن مۇنداق بىر ئابزاسنى ئوقۇپ بەرگەنىدى: «ھېسسىيات ئىككى يۈرەك ئوتتۇرىسىدىكى بىر تال ئارغامچا، ئەگەر ئىككى تەرەپ تەڭ تارتسا، تارتىشىپ تۇرىدۇ، بەك چىڭ تارتىۋەتسە، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئەگەر بىر تەرەپ بەك چىڭ تارتىپ، يەنە بىر تەرەپ بوش تارتسا، بىر

تەرەپ تارتىپ كېتىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلا تەرەپ قويۇۋەتسە، ئارغامچا ساڭگىلاپ قالىدۇ ... ھېسسىياتمۇ خۇددى مۇشۇ ئارغامچىغا ئوخشايدۇ، شۇڭا سىز ئۇنى تەڭ، ئىختىيارى، تەبىئىي تارتىپ ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇڭ.»

خىياللارغا بۆلەنگەن مۇڭلۇق شۇ كۇنۇمدە ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، دائىم مۇڭلىنىپ يۈرىدىغان دوستۇم نائىلە ئاسماندىن چۈشكەندەك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تولىمۇ مىسكىن ھالەتتىكى قاراپ كۆز چاناقلىرىدا پىلدىرلاپ تۇرۇۋاتقان ياشلىرى تۆكۈلۈپلا كەتتى. دوستۇمنى مەھكەم قۇچاقلاپ يىغلىدىم. نائىلە مەندىنمۇ بەكرەك ئۆكسۈپ يىغلىماقتا، بۇ ئۆكسۈشلىرىدىن ئېغىر ھەسرەتنىڭ ھىدى كەلمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پاراڭلاشمىدۇق، مىشىلداپ يىغلامسىراپ ئولتۇراتتۇق. پەرىزىمچە دوستۇمنىڭمۇ ماڭا نۇرغۇن ھەسرىتىنى تۆككۈسى بار ئىدى، لېكىن مىنىڭ كەيپىياتىمغا قاراپ ئېغىز ئاچالماي سۈكۈتتە ئولتۇراتتى. بۇ تۇرقۇمدا بىرسىنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈدەك ھالىم يوق ئىدى. شۇ تاپتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، ھەتتا ھەربىر ھۈجەيلىرىمگىچە بىر مېھىر، بىر تەسەللىگە زارىقىپ تىترىمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، دوستۇمغا ھېسداشلىق كۆزلىرىم بىلەن قارىدىم. ئۇ تولىمۇ بىچارىلەرچە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن، ئانام ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن تىتىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنىنى پەقەت مەنلا چۈشەنگەندەك ئىدىم.

بۇ دوستۇم ھەققىدە تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارنى ئەينى چاغدا ئانامغا تەپسىلىي دەپ بەرگەنىدىم. ئانام ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەسلىھەتلەرنى بەرگەنىدى. لېكىن، دوستۇم قىزىققانلىق بىلەن ئىش قىلىپ ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالغانىدى.

دوستۇم يىگىتى بىلەن بەش يىل يۈرۈپ توي قىلغان بولۇپ، ئىككىلا تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمىغان ئەھۋالدا قىلىنغان

بۇ توي كەينى ـ كەينىدىن توْغۇلغان ئىككى بالىسى بىلەن ئاستا ـ ئاستا قوبۇل قىلىنىشقا ئېرىشكەنىدى. ھەممەيلەن ئۇلارنى بەختلىك بىر جۇپلەر دەپ بىلەتتى. ئۇلار بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرسە ھەممە ئۇلارغا ھەۋەس قىلاتتى. بىر كۈنى دوستۇم مېنى ئايرىم كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىنلا كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. پاراك ئارىسىدا ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئىچىگە سىلىپ، ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتتى.

— سەن ياخشى بىلىسەن، بىز بەش يىل يۈرۈپ توي قىلغان. تويدىن كېيىن ئۇنىڭ بەش يىل يۈرگەن يىگىتىم ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى. بۇرۇنقى مۇلايىم، كۆيۈمچان مىجەزىنى تالادا قويۇپ كىرگەندەكلا بولدى. ئۆيدە باشقا بىر ئادەم، سىلىق گېپى يوق، ھە دېسە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرگەن، قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. ھەممىدىن كېچىپ كىرىشنى ئارزۇ قىلغان ئۆي مۇشۇمۇ، مەن تاللىغان تۇرمۇش مۇشۇمۇ، دەپ ئويلايمەن. كېيىن ئېغىرئاياغ بولدۇم، يەڭگىدىم. بالىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە باشقا ئىشلارنى ئويلىغۇدەك ۋاقتىممۇ بولمىدى. مېنىڭ كۆلۈپ، خۇشال يۈرگەن چاغلىرىم ئەمدى ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئۈمىدسىزلەندىم. خۇشاللىقىم پەقەتلا بالام بولدى، شۇنىڭدىن تەسەللى تاپاتتىم. ئۆزۈم يىغلاپ، ئۆزۈم يېشىمنى سۈرتتۇم، بالامنى باغرىمغا بېسىپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىپ نەچچە يىل ئۆتتى.

ئۇنىڭ يېشى تاراملاپ تۆكۈلدى. مەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتكەچ:

— مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئوقۇغان، بىر ئادەم ھەر كۈنى ئاپتوبۇس بىلەن ئىشقا بارىدىكەن. بۇ ئاپتوبۇستىكى بىر قىز ۋە بىر يىگىت بۇ ئادەم بىلەن ئاخىرقى بېكەتكىچە بىللە ماڭىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ كىشى يىگىتنىڭ قىزغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. بىر كۈنى قىز كۈنلۈكىنى

ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقىغا ئىلىپ قويۇپ، چۈشىدىغاندا ئۇنتۇپ قېلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. يىگىت بۇنى كۆرۈپ: «قىزچاق، كۆنلۈكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز» دەپ كۆنلۈكنى ئېلىپ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئادەم ئەينەكتىن يىگىتنىڭ تولىمۇ قىزغىن كەيپىياتتا قىزغا كۆنلۈكنى ئېچىپ، بېشىغا تۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرەپ قويۇپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ قىز بىلەن يىگىت ئاپتوبۇسقا تەڭ چىقىدىغان، قىزغىن پاراڭلىشىپ ماڭىدىغان بوپتۇ. بۇلارنىڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۇ ئادەممۇ خۇشال بوپتۇ. بىر كۈنى قىزنىڭ نامسىز بارمىقىدىكى ئۈزۈككە كۆزى چۈشۈپ، ھاياجانلىنىپ ئۇلارنى تەبرىكلەپ قويغۇسى كەپتۇ ـ يۇ، لېكىن خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلماستىن يەنە بۇلارغا دىققەت قىلىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەم بۇلار توي قىلىپ شېرىن ئاي ئۆتكۈزگىلى كېتىپتۇ ـ دە، دەپ خىيال قىلىپتۇ ھەم ئاپتوبۇس سەپىرىدىكى بىر مۇھەببەت مېۋىسىگە شاھىت بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ. بۇ ئادەم ھەر كۈنى ئۇلارنى ئويلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ئاپتوبۇسقا چىقىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ كېيىنىشىدىن راستىلا توي قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ھەم ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ كۈنى يامغۇر ياغقان كۈن ئىكەن. قىزنىڭ قولىدا يەنە بۇرۇنقى شۇ كۆنلۈكى، قىز ئادەتلىنىپ قالغاندەك يامغۇر سۈيى ئېقىپ تۇرغان كۆنلۈكنى يەنە ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېسىپ قويۇپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلار بۇرۇنقىدەك كۈلۈشۈپ چاقچاقلىشىپ ئەمەس، ھەر ئىككىسى ئۆز خىياللىرى بىلەن ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن يىراقلارغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇپتۇ. چۈشىدىغان بېكەتتە قىز يەنە كۆنلۈكنى ئۇنتۇپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئادەم دەرھال ئەينى چاغدىمۇ قىزنىڭ كۆنلۈكنى ئۇنتۇپ چۈشۈپ كەتكەندە، يىگىتنىڭ شۇ كۆنلۈكنى ئەپچۈشۈپ بېرىش

ياھانىسىدە قىز بىلەن تونۇشقىنىنى ئەسلەپ ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن، بۇ قېتىم يىگىت ئويلىمىغان يەردىن كۆنلۈكنى ئېلىپ بېرىش ئەمەس، ئەكسىچە قىزغا قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپتۇ: «ھەي، كۆنلۈكۈڭ ! ...» قىز دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ كۆنلۈكنى ئېلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئاچچىق بىر نەرسىنى يۇتۇۋالغاندەك كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋاپتۇ... دېمەك، بۇ سېنىڭ تۇرمۇشۇڭدىلا يۈز بەرگەن ئىش ئەمەس، تۇرمۇش سەن ئويلىغاندەك گۈزەل لىرىكا ئەمەس.

دوستۇم، قېنى سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرغىن، — دېدىم.

— شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى بالامۇ تۇغۇلدى، ئىككى بالامنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىدىمۇ؟ خىزمەتنىڭمۇ؟ ئۆيىنىڭمۇ؟ ئۆزۈمنى ئويلىغۇدەك ھالىم يوق، ئەمما ئۇ ھەممە ئىشىمدىن قۇسۇر ئىزدەپ يۈردى. ھېلى ئەتكەن تاماقىمدىن، ھېلى كىيىنىشىمدىن، بارا ـ بارا كۆزىگە سىغماسلا بولدۇم. ئۆيگە كىرمەيدۇ، كىرسە كەچكىچە كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. كېيىن بىلسەم QQ دا سۆزلىشىدىكەن. سېزىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ، ئۆيگە تېخىمۇ كىرمەس بولدى، ئۆيدىن جېدەل سېلىكمىدى. مېنىڭمۇ مىجەزىم ئىتتىك بولۇپ كەتتى. دەسلەپتە باللارنى بىلىپ قالمىسۇن دېدۇق، بارا ـ بارا باللارنىڭ ئالدىدىلا ئۇرۇشىدىغان بولدۇق. تولا جېدەل بولىۋەرسە ئۆيمۇ كۆڭۈلسىز بىلىنىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئاتا ـ ئانامغا بۇ ئىشلارنى دېيەلمەيمەن، ناۋادا دېسەممۇ: «قىلما دېسەك ئۇنىمىدىڭ، باللىرىڭنى باق» دەيدۇ. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە بارسام كەچ بولغۇچە: «ئۆيۈڭگە كەت، ئېرىڭگە تاماق قىل» دەپ ھەيدەيدۇ. بۇ دەردلەرنى ئىچىمگە سېلىپ زادى چىدىمىدىم.

— بىر قىز دائىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئېرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى سۆزلەپ، تۇرمۇشىدىن زارلاپ بېرىدىكەن، — دېدىم ئۇنىڭغا ھېكايە سۆزلەپ، — بىر كۈنى دادىسى بىر پارچە

www.uyghurkitap.com

ئاق قەغەزنى ئېلىپ، قارا قەلەمدە بىر چېكىت قويۇپ، قىزىدىن:
— قارا ، قەغەزدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— قارا چېكىت، — دەپتۇ قىز.
— يەنە قارىغىن، قەغەزدىكى نېمە؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ دادىسى.
— قارا چېكىت، — دەپتۇ يەنە قىز.
— قارا چېكىتتىن سىرت چوڭ بىر پارچە ئاق قەغەزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ دادىسى ۋە، — دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم يوق، شەيئىلەرنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپى بارلىقىنى چۈشەنسەڭ كۆزقارىشىڭنى ئۆزگەرتەلەيسەن. سەن مەيلى ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولامدۇ، دوستلۇق، قېرىنداشلىق، خىزمەتداشلىق مۇناسىۋەتتە بولامدۇ، ئۇنىڭ ئازراق كەمچىلىكىنىلا كۆرۈپ قارا چېكىتكە قارىغاندەك قادىلىپ تۇرۇۋالساڭ، دۇنيا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك سېنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە سۆرەپ كىرىدۇ. كۆزۈڭنى يۆتكەپ ئاق قەغەزگە قارىساڭ كېرەك. ئۇ چاغدا ئاق قەغەزدەك ئاق ھەم پاك، تىنچ دۇنيانى كۆرەلەيسەن. ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئارتۇقچىلىقى كۆپ، — دەپتۇ. سەنمۇ بۇ ماقالىدىن تەربىيە ئالغىن. ئاتا - ئاناڭمۇ سېنى ئۆيىنى تۇتۇپ قالسۇن دەيدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ سېنى ياخشى كۆرمىگىنى ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سېنىڭ ھەسرىتىڭنى سەندىن بەك چۈشىنىدۇ، لېكىن ئۇلارمۇ تۇرمۇش مۇساپىسىدە مۇشۇنداق ئېگىز - پەس داۋانلارنى بېسىپ بۈگۈنگە قول تۇتۇشۇپ كېلەلىگەن.
— سەن كۆپ كىتاب كۆرگەچكە شۇنداق دەيسەن. لېكىن، دوستۇم، دېمەك ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بۇلارنى قىلماق بەك تەس. كېيىن ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىدىن سەل گۇمانلىنىپ قالدىم، ئوغرىلىقچە يانفونىنى تەكشۈرىدىغان بولدۇم، ئۆيلىنىشنىمدەك بىر قىز بىلەن ئۇچۇرلاشقانلىقىنى بىلىپ قالدىم، قاتتىق سوقۇشتۇق. كېيىن سوراۋەرسەم: «راست،

مۇناسىۋىتىم بار ، قانداق قىلىسەن؟» دەيدۇ.

دوستۇم بۇلارنى دەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ بىر ئاز ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن دەپ ئۈندىمەي تۇردۇم، ئاندىن يېنىغا بېرىپ بېشىنى مەيدەمگە قويۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتۇم.

— ئۆزۈڭدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. نۇرغۇن ئايال دەل مۇشۇ تەرەپتىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ. نېمىشقا ئۇتتۇرىدىكى پەردىنى بۇزۇۋەتكەنسەن؟ بىلمىگەنگە سېلىپ يۈرۈۋەرسەڭ ئۆزى خىجىل بولۇپ پەيلىدىن يېنىپ قالاتتى، سەن ئۇتاتتىڭ. تەرگەپ دەۋەرسەڭ، ئاچچىقىدا يوق ئىش بولسىمۇ راست دەيدۇ، دەۋالغانغا نېمە ئىشنى ئۆزگەرتەلەيتتىڭ، نېمىگە ئېرىشمەكچىدىڭ، دوستۇم؟ مۇنداق بىر چەت ئەل ھېكايىسى بار. مۇشۇنداق ئۈچ بۇرجەك مۇھەببەت سەۋەبىدىن ئەر ـ ئايال ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولىدۇ، ئايال باشقا دۆلەتكە كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ چامادىنىنى ئېلىپ ھويلىسىغا چىقىپ ئۆرۈلۈپ كەينىگە قارايدۇ. ئوچۇق دېرىزىدىن شامالدا ئۈچۈۋاتقان ھاۋا رەڭ دېرىزە پەردىسىگە قاراپ كۆزىگە ياش ئالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئېرىمۇ شۇ دېرىزە تۈۋىدە ئايالىغا كۆزى قىيماي تاماكا چېكىپ تۇرغانىكەن. ئايال چامادىنىنى قويۇپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كىرىپ پەردىنى ئوڭشاپ دېرىزىنى ئېتىدۇ:

— دېرىزىنى ھەر ۋاقىت ئېتىشنى ئۇنتۇماڭ، پەردە ئاپتاپتا ئۆڭۈپ كېتىدۇ، بۇ ھاۋا رەڭ پەردىنى ئىككىمىز تەڭ ياقتۇرۇپ سېتىۋالغان، بۇ بىزنىڭ توي خاتىرىمىز. بىز ئاجرىشىپ قەيەردە بولايلى، بۇ توي خاتىرىمىزنىڭ ئاپتاپتا ئۆڭۈپ، رەڭگىدىن كېتىشىنى خالىمايمەن، — دەيدۇ ئايال يىغلاپ. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئاران تۇرغان ئېرى ئايالىنى مەھكەم باغرىغا باسىدۇ ۋە:

— مەنمۇ بۇ پەردىنىڭ ئۆڭۈپ كېتىشىنى زادى خالىمايمەن. كەتمەڭ، قەدىرلىكىم، دېرىزىنى تەڭ ئېتەيلى، سىز كەتسىڭىز مەن چوقۇم ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالىمەن، بۇ ھاۋا رەڭ پەردىنى تەڭ

ئاسرايلى، — دەپ ئىككىسى ياخشى بولۇپ قالىدۇ. تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق بىر قارىسا ئاددىي ھەم بىر قارىسا مۇرەككەپ جەريان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈنچە يىغلاپ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويۇشۇڭ كېرەك ئەمەس.

— ئاخىرىنى ئاڭلىساڭ سەنمۇ چىدىمايسەن، دوستۇم، مەن بەك خورلۇق تارتتىم، كېيىن ئۇ ئارىلىشىۋاتقان قىزنى تېلېفون نومۇرى ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ تاپتىم.

— ۋاي خۇدايىم، تىمىسقىلاپ ھولمېستەك ئىش قىلىپسەنغۇ؟ كۆڭۈلسىز نەتىجىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، خاپىلىقنى ئۆزۈڭ تېپىپسەن، ئاخىرىنى ئاڭلىغۇممۇ يوق.

— سەنمۇ ئەيىبلىگەن ئەمدى مېنى، دەردىمگە دەرمان بولارمىكىن دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتسام، ئېچىشقان يېرىمگە تۇز سېپىۋاتىسەنغۇ؟ — دېدى دوستۇم مىشىلداپ.

— دوستۇم دېگەن بولساڭ شۇ چاغدا نېمىشقا قانداق قىلىمەن دەپ سورىمايسەن، شۇ چاغدا بىلگەن بولسام ھەرگىز ئىزدەپ بارغۇزمايتتىم. بۇنداق ئىشنىڭ ئاخىرى ساڭا پايدىسىز چىقىدۇ، كىم سېنى بارسۇن دېدى؟

— خىزمەتداشلىرىم ماڭا: «بېرىڭ، ئىدارىسىدە يۈزىنى چۈشۈرۈۋېتىڭ، ئىككىنچىلەپ ئېرىڭىزنى ئىزدىمەيدۇ، باشلىقىنىڭ قېشىغا كىرىپ دەڭ» دېگەنىدى.

— خىزمەتداشلىرىڭ نېمانداق شور تۇمشۇق نېمىلەر ئۇ؟ سەن نېمىشقا ھەممە ئىشنى، بولۇپمۇ تۇرمۇش ئىشىنى خىزمەتداشلىرىڭغا دەپ بېرىسەن؟ يېقىن بىر دوستۇڭغا دېسەڭ بولىدى، بولمىسا ئاناڭغا دېسەڭ بولمامدۇ؟ قارا، ئۆگەتكەن ئەقلىنى، — ئاچچىقىمدا سۆزلەپلا كېتىپتىمەن، — شۇنداق قىلىپ ئىزدەپ باردىم دېگىن؟

— ھەئە، ئىزدەپ باردىم. ئىشخانامدىكى بىر دوستۇم بىللە باردى. باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق، ئاندىن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ دەردىمنى تازا چىقىرىۋالدىم.

— ئۇھ، دەردىڭنى چىقىرىۋالغان بىلەن كېيىن تازا تارتقانسەن؟ ئېرىڭنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلمەن، بىز بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، ئۇ بۇ ئىشنى مۇنداقلا توگىتىۋەتمەيدۇ.

— راست دەيسەن، جىق ئىش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئېرىمنى ئىزدەپ بېرىپ بىرنى ئۇن قىلىپ: «خوتۇنۇڭ ئىدارەمگە كېلىپ ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلدى، يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، باشلىقىممۇ چاقىرتىپ تەنقىدلىدى، ئەمدى مېنىڭ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچىلىكىم قالمىدى» دەپ يىغلاپتۇ. ئېرىم غۇرۇرىغا ئېلىپ: «خاتىرجەم بول، سېنى ئەمرىمگە ئېلىپ يۈزۈڭنى يورۇق قىلىمەن» دەپتۇ. كېيىن ئېرىمنى زادىلا ئۆيگە ئەكېلەلمىدىم، ئاخىرى ئاجراشتۇق. ئاجرىشىپ بولۇپ نېمە دەيدۇ دېمەيسەن، «ئەسلىدە ئۇنچىلىك مۇناسىۋىتىممۇ يوق ئىدى، ئۆيۈمنى بۇزۇش، بالىلىرىمنى يېتىم قىلىشنى ئويلاپىمۇ باقمىغان، مېنى بۇ يولغا سەن باشلاپ قويدۇڭ، ئۇنى ئېلىشقا سەن مەجبۇر قىلدىڭ» دەيدۇ.

— توغرا دەپتۇ، — دېدىم مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كېلىپ، — ئۇنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ ئۇرۇشۇپ نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ ئوتتۇراڭلاردىكى پەردىنى ئېچىۋېتىپ كوتۇلداۋەرگەندىكىن، ئوچۇقتىن -ئوچۇقلا «شۇنىڭ قېشىغا بارىمەن» دەپتۇغۇ. تېخى ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىمەن دەپ «ئۇنى ئەمرىمگە ئالىمەن» دەپتۇ. دەپ باقە، سەن نېمە قىلالىدىڭ؟ نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ بىر دەملىك ئاچچىقتا پايلىماي، بىر ئۆمۈر ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان پۇشايمانغا قاپسەن. ئاخىرى زىيانىنىڭ چوڭىنى سەن تارتىپسەن، قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ - دە؟

— مەنمۇ خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىپتىمەن. شۇ چاغدا سەندەك گەپ قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى، يا سېنىڭ قېشىڭغىلا كەلمەپتىمەن. ئەتىگەندە ئىشقا كەلسەم، مەن دېمىسەم ئۇلار سورايدۇ. ئۇ يەردە، بۇ يەردە شۇ ئايال بىلەن كۆردۇق دەپ سۆزلىسە قېنىم قىزىپ چىدىمىدىم. كېيىن راست دېگەندەك شۇ

رەپرەپ بىلەن توي قىلدى. ئاڭلىسام يېقىندا ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ يارىشىپ قالايلى دەپ ئادەم قويسام ئۇنىماپتۇ.

— نېمە دەپ ئۇنىماپتۇ؟

— ئەمدى بىز ياخشى بولالمايمىز، ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن، ئاشۇ ئاغزىلا بولىدىكەن، بۇ ئىشلارنى يۈزۈمگە سېلىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر كۈننى كۆرىمىز. يېپىق قازان يېپىقلىق پېتى قالسۇن، باللىرىمغا ياخشى قارايمەن، ئۇلارنى مەندىن قاچۇرۇپ كۆرسەتمەي يۈرمىسۇن، دەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىرسىگە ئۆيلەندى. مېنىڭ باشتىن - ئاخىر ئائىلەمنى قوغدايمەن دەپ قىلغان ئىشىم خاتامۇ؟ مانا ئىككى بالام بىلەن ئاجرىشىپ ئولتۇردۇم، يەنە مەن يامانمۇ؟

— لېكىن، ئۇسۇلدا كەتكۈزۈپ قويۇپسەن، بۇنى ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەك. شۇ چاغدا سوكۇت قىلالىغان بولساڭ چوقۇم غەلىبە قىلاتتىڭ. ئېرىڭگە بۇرۇنقىدىنمۇ بەك كۆيۈنۈپ، بىلسەڭمۇ بىلمەسلىككە سالساڭ، ئاخىرى خىجىل بولۇپ قالاتتى، هامان يېنىڭغا قايتىپ كېلەتتى. هە دېسە ئۇرۇشۇپ، باللارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىنى قىلمىساڭ، هەممە گەپنى يېپىۋەتسەڭ، بۇنداق هازازۇلدىن بىر كۈن بولسىمۇ تېزرەك قۇتۇلاي دەيدۇ - دە!

— ۋايجان، ئېچىشقان يېرىمگە تۇز سەپمىگىنە، ئاداش. ئۇنىڭسىزمۇ مېنى خۇشال يۈرۈۋاتىدۇ دەمسەن؟ ئويۇننى ئەرلەر ئويىنىسا دەردنى، زىياننى بىز تارتىپ، يەنە بىز يامانمۇ؟

— بولدى، بۇ تېمىدا ئەمدى سۆزلەشمەيلى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، دوستۇم. بۇ يولنى يەنە بېسىشىڭ كېرەك، بىر ئەر ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ، بەل قويۇۋەتسەڭ بولمايدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — ئۆتكەندە بىر داڭلىق ناخشا چولپىنىدىن مۇخبىر: «تۇرمۇشىڭىزغا هەممەيلەن قىزىقىدۇ. يېقىندا ئۈچىنچى ئېرىڭىزدىنمۇ ئاجرىشىپ كەتتى دەيدۇ، راستمۇ؟» دەپ سورىسا،

ھېلىقى چولپان نېمە دەيدۇ دېمەمسەن؟ « ئادەم دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، بەختكە ئېرىشىش ھوقۇقىمىز بار. تۇرمۇشتا مەن ئىزدىگەن بەختنى تاپالىغانلىغا قەدەر تېگىمەن. تۇرمۇشتا كېلىشەلىسە ئۆي تۇتىدىغان گەپ، بولمىسا ئاجرىشىدىغان گەپ. بۇ ئاجرىشىش خۇددى كېتىپ بېرىپ پۇتلىشىپ كەتكەندەكلا ئىش. تاماشىبىنلارغا چاي ئىچكەچ دېيىشىدىغان سۆز تېمىسى تېپىپ بەرگىنىمدىن خۇشالمەن» دەيدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا سەن مىلىڭ ياخشى. ئاجرىشىشنى ئۆزۈڭگە بېسىم قىلىۋالما، بۇ سېنىڭ بېشىڭغىلا كەلگەن ئىش ئەمەس، بۇمۇ بىر تەقدىر، دوستۇم، — دېدىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

كەچتە ئۆيگە كېلىپ دوستۇمنىڭ كەچۈرمىشىنى ئانامغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئانام:

— ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىزگە شۇنداق تەربىيە قىلاتتى: «قىز بالا ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە». شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن، تۇرمۇشتىن، ئەردىن زارلاپ ئۆيگە كەلسەك، بارچە گۇناھنى بىزگە قويۇپ، «ئېرىڭنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمە، گەپ ياندۇرما، سېنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭ ئىتتىك بولمىسا ئەر كىشى قول ياندۇرمايدۇ» دەپ ئۆزى ئاپىرىپ قوياتتى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئەرنىڭ قېلىپىغىمۇ، تۇرمۇشنىڭ قېلىپىغىمۇ چۈشۈپ قالدۇق. شۇ خاپىلىق تارتقان كۈنلەردە «چوقۇم ئاجرىشىپ كېتىمەن، دوزاختەك بۇ ئۆيدىن بىر كۈن بولسىمۇ تېزرەك قۇتۇلاي» دەپ قالغان چاغلىرىمىزمۇ بولغان. كېيىن ئانىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ قالساق، ئۆز ئۆيىمىزدەك كۆرۈنمەي، كەتكۈچە كۆزىمىز تۆت بولۇپ كېتىدىغان. ھەممىگە چىداش كېرەك، بالا بولغاندىكىن تېخىمۇ چىداش كېرەك. «ئەر كىشى تالانىڭ ئادىمى، تالاغا چىقسا مىڭنىڭ، ئۆيگە كىرسە بىرنىڭ» دەيدۇ. ئۇنى باشقۇرىمەن، دېگىنىمنى قىلدۇرىمەن، دېگەن ئايال ئۆزى ئەخمەق. ئۆزىنى باشقۇرغان بىلەن كۆڭلىنى باشقۇرالامدۇ؟ دوستىڭىز نادانلىق قىلىپ، ئېرىنىڭ يۈزىگە سېلىپ چاتاق

قىلىپتۇ. «ئازماس ئاللا»، ئىنسان دېگەن ئازىدۇ، ياش چېغىدا ئازمىسا قېرىغاندا ئازىدۇ، كۆڭلى ئازمىسا كۆزى ئازىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن چاپاننى تەتۈر كىيىپ سازايى قىلىش كېرەك. ئەمەس ئۇنىڭغا ئىنساب تىلەپ، ياخشىلىقى بىلەن تەسىرلەندۈرۈش كېرەك. ھېلىقى قوشنىمىز سادىركام بىلەن روزىخانئاچام ئاتمىش يىللىق تۇرمۇشىنى خۇلاسىلەپ: «بىزنى ئاتمىش يىل بىر ئۆيدە تۇرۇشقا سەۋەب قىلغان ئىش بىر ئېغىز سۆز — چىداش، سەۋر قىلىش. ياش چېغىمدا رۇس، تاتار قىزلار بىلەن كېچىچە ئادىنوچكا ئويناپ ئۆيگە كۈنلەپ كەلمەيتتىم، ئاپالىم شۇ كۈنلەرگە، شۇ كېچىلەرگە، يانچۇقۇمدىن چىققان سۆيگۈ خەتلىرىگە چىداپ ئۆتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ كوت ـ كوتلىقىغا، تاماققا نائۇستا مىجەزلىرىگىمۇ چىدىدىم. ئاخىرى بالىلىرىمىزنى بىللە چوڭ قىلىپ ئاتمىش يىلغا قول تۇتۇشۇپ كەلدۇق» دېگەن. سورىسا، سۇرۇشتۇرسە، كولىسا، زىغىرلىسا ھەممە ئادەمنىڭ يەتكۈچە كەمچىلىكى چىقىدۇ. بىرسى بىر ئادەمدىن: «ئاپالىڭىزنىڭ كەمچىلىكى بارمۇ؟» دەپ سورىسا، «ئاپالىمنىڭ كەمچىلىكى يۈلتۇزدەك كۆپ» دەپتۇ. «ئارتۇقچىلىقىچۇ؟» دەپ سورىسا، «قۇياشتەك بىر تاللا» دەپتۇ. «ئەمىسە قانداق ياشاپ كەلدىڭىز؟» دەپ سورىسا، «قۇياش چىققاندا يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ... ئىنسان دېگەن پەيغەمبەر ئەمەس ـ دە، كەمچىلىكسىز ئادەم يوق. شۇڭا، تۇرمۇشتا بىر كۆزنى چوقۇم قىسىۋېلىپ ئۆتۈش كېرەك. دوستىڭىز بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىڭ، ئۇ ياردەمگە موھتاج. ئۇنىڭغا كۆپرەك تەسەللى بېرىڭ، تۇرمۇشنىڭ دەرد ـ ھەسرىتى يامان، ئېغىزدا ھېچنېمە بولمىدىم دېگەنبىلەن، ئۇنىڭغا توغرا قاراپ، ئاجرىشىشنى قوبۇل قىلماق ئاسان ئەمەس، — دېگەندى ئانام.

مانا بۈگۈن ئاشۇ كۆڭۈلسىز كەچمىشلەرنىڭ شاھىتى بولغان دوستۇم ئانامنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كېلىپ ئالدىمدا مەندىنمۇ بەكرەك پەرياد ئۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كېيىنكى

كۆڭۈللىرى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز ھەسرىتىنى كىمگىدۇر تۆككۈسى كېلىدۇ. ئەمما، كىمگە تۆكىدۇ؟ دەرد تۆككەنگە تۈگەپ قالامدۇ. ئېھتىمال، ئانام بولغان بولسا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ قىزىغا تەسەللى بەرگەندەك تاتلىق تەسەللى سۆزلىرىنى قىلغان بولاتتى. بىراق، بۈگۈن پەرىشتە سۈپەت ئاشۇ ئانام ئارىمىزدا يوق.

*　　　*　　　*

نۇرغۇن ۋاقتىمىز قولىمىزدىن كەتكەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىكەن. «ئۆرۈلۈپ كەتكەن سۈت ئۈچۈن ئاھ ئۇرماڭ» دېگەن بىر ماقالىدە شۇنداق بىر قۇر بار: «سۈت كۆز ئالدىڭىزدا ئۆرۈلۈپ كەتتى، ھەرقانداق قىلسىڭىزمۇ سۈت ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ كەلمەيدۇ. پەقەت قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق. شۇڭا، ۋاقتىڭىزنى بۇنىڭغا سەرپ قىلماڭ ھەم ئازابلانماڭ. ئەسلىدە باشتىلا ئېھتىياتچان بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى، لېكىن سىز بۇنى قىلالمىدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ.»

ھاياتىمىزدا بۇنداق سۈتنى تالاي قېتىم ئۆرۈۋېتىمىز، دىققەت قىلىمىز دەيمىزۇ يەنە قىلالمايمىز. لېكىن، ھامان دىققەت قىلىدىغان بولىمىز. «دېيىش ئاسان، قىلماق تەس» دېگەندەك، مەنمۇ تالاي كىشىگە ئۆلۈمنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت ئىكەنلىكى، ئۇنى قوبۇل قىلماي چارىمىزنىڭ يوقلۇقىنى سۆزلىگەنمەن. لېكىن، ئۆز بېشىمغا كەلگەندە بۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ بەسى مۇشكۈللۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن. ئاھ، بۇ كۆڭلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سىرلىق دۇنيا

چۈشۈم ساھىلىدا ئۇچراتتىم سېنى،
ئۇندا روي بېرەتتى ھايات تەلقىنى.
چۈشۈمدىن ئويغانسام قۇپقۇرۇق دۇنيا،
غېرىبلىق قوينىغا ئىرغىتتىڭ مېنى.

ئانا، سەن بىلەن مۇڭداشماقتىمەن، بەزىدە خىياللىرىم سەن بىلەن نەلەرگىدۇر كېتىدۇ، بۇ دەل ئۆزۈمنى تاپالمىغان دەقىقىلىرىمدۇر. سەن بىلەن كېتىمەنۇ، سېنى يوقىتىپ قويۇپ يەنە يالغۇز قايتىپ كېلىمەن. تەقدىرگە تەن بېرىش قانداق بۇيۇك سەۋر. لېكىن، مەن يەنىلا ئاجىز ئىكەنمەن. ئاھ ئانا، خىياللىرىمدا بولسىمۇ ماڭا ھەمراھ بولغىن. سېنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقىمەن. سەن ھامان قەلبىمدە، يۈرىكىمدە، كۆز ئالدىمدا، كېچىلىرى چۈشۈمدە ...

بۇ دۇنياغا كېلىدىكەنمىز، ئۆمۈچۈك تور توقۇغاندەك ھايات، تۇرمۇش ئۇچۇن تور توقۇپ ياشايدىكەنمىز، بىر تەرەپنى توقۇپ پۈتكۈزسەك، بىر تەرەپتىن بىرەر يەرنى شامال ئېلىپ كېتىدىكەن، ئۇ يەرنى تولۇقلاپ بولغۇچە، يەنە بىر يەرنى ئېلىپ كېتىدىكەن. بۇ دۇنيادا تىنماي، تويماي تور توقۇپمۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشەلمەيدىكەنمىز، ھېچنېمىگە قانمايدىكەنمىز، ھېچنېمىگە تويمايدىكەنمىز، ھامان بىر بوشلۇق بىزنى قىيناپ تۇرىدىكەن.

بىزنى يالغۇزلۇق قىيناۋاتقان ۋاقىتتا بىر قول مۇرىمىزدىن

تۇتۇپ بىزنى باغرىغا مەھكەم باسىدىكەن ۋە «سىز يالغۇز ئەمەسسىز، مەن يېنىڭىزدا» دەيدىكەن. تۇرمۇشتا بىسىم ھېس قىلىپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقىتتا بىر قول قولىمىزنى تۇتۇپ بىزنى گۇرنىمىزدىن دەس تۇرغۇزىدىكەن: «ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ، قولۇم قولىڭىزدا، مەن يېنىڭىزدا» دەيدىكەن. مۇھەببەت ۋە نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقتىمىزدا بىر قول قول ياغلىق بىلەن كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئارتۇقچە ياش تۆكمەڭ، مېنىڭ مۇھەببىتىم سىزگە كۈچ بېرىدۇ، مەن ھامان يېنىڭىزدا» دەيدىكەن. بۇ قول دەل ئانىمىزنىڭ قولى ئىكەن. مەن بۇ قولنىڭ قۇدرىتىنى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندىلا بىلدىم. تاكى بۈگۈنگىچە تالاي قول كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى، مېنى باغرىغا باستى. لېكىن، مەن تۇغۇلۇپلا ھىدىغا كۆنۈپ كەتكەن ئۇ قولدەك ھارارەت ھەم ئۈمىد بېرەلمىدى. ئۇ قولنىڭ بىزگە شۇنچە مېھىرلىك بولۇشى بىر ئۇچىنىڭ بىز ئۇچۇن سوقۇۋاتقان يۈرەككە تۇتاش بولغىنىدىن ئىكەن. بىزنىڭ يۈرىكىمىز دەل شۇ يۈرەكنىڭ بىر پارچىسى بولغاچقا، يۈرەكتىن يۈرەككە تۇتاشقان بۇ يوللار بىزگە مېھىر ۋە مۇھەببەت توشۇپ، كۈچ ھەم ئىلھام بېغىشلاپ تۇرىدىكەن...

*　　　*　　　*

تېخى بىرنەچچە ئاي بۇرۇن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك قىز ئىدىم، چۈنكى يېنىمدا دادامنىڭ مېھرىنى قوشۇپ بېرىۋاتقان ئانام بار ئىدى، تېخى بىرنەچچە ئاي بۇرۇن ئانامنىڭ چېكىمىسگە قىزىلگۈلدەك قىسىلغان بىر تال گۈل ئىدىم. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ تىكىنى يۈرىكىمگە رەھىمسىزلەرچە سانجىلىپ مېنى قىينىماقتا. تېخى بىرنەچچە ئاي بۇرۇن شوخ سايراپ تۇرغان بىر بۇلبۇل ئىدىم، بۈگۈن قاناتسىز بىر قۇشتەك ئىڭراپ ياتماقتىمەن.

بىر كۈنى ئانامغا بىر ماقالە ئوقۇپ بەرگەنىدىم. ماقالىدە

مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغانىدى:
1971 ـ يىلى ئون يەتتە ياشلىق بىر يىگىت تۇنجى قېتىم لوندونغا كەلدى. ئۇ تولغىما ئۇسسۇل چولپىنى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، ئۇ تولىمۇ نامرات بولۇپ، بىر گىتار بىلەن كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن چامادىنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، ھەتتا مېھمانخانىدا بىر ئاخشام ياتقۇدەك پۇلىمۇ بولمىغاچقا، پويىز ئىستانسىسىغا يېقىن بىر باغچىدىكى ئورۇندۇقتا تۈنەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ دەل ئەنگلىيەنىڭ 2000 ـ يىللاردىكى باش ۋەزىرى تونىي بلايىر ئىدى.
ئۇنىڭ خانىمى لوندوندىكى سەرگەردانلارغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش تەشكىلاتى ئۆتكۈزگەن كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا، سەرگەردانلارغا ئۈمىد ھەم ئىشەنچ بېغىشلاش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بۇ كەچمىشىنى سۆزلىگەندە ھەممە ئادەم ھەيران قالغان.
بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق بىر ئابزاس بار:
ئەينى چاغدا بۇ قىز تېھراندىكى خان ئوردىسىدا تۇراتتى، ھەر كۈنى ئاتمىش ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا خىزمىتىنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېرى ئىلگىرى روزۋېلت، كات قاتارلىق ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ ئېرى بىلەن زىيارەتكە چىققاندا، شۇ دۆلەتنىڭ باشلىقى ئۇلارنى شەخسەن ئۆزى كۈتۈۋالاتتى. ئەمما، مەلۇم بىر كۈنى ھەممە ئىش ئۆزگەردى، ئۇنىڭ ئېرى — ئىران پادىشاھى مۇھەممەد رېزال پەھلىۋى تەختتىن چۈشتى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى، نۇرغۇن دۆلەت ھازىرقى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇلارغا پاناھلىق بەرمىدى. ئۇنىڭ كىچىك قىزى (ئىران مەلىكىسى) بۇ زەربىگە چىدىيالماي ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋالدى، ئۇ دەل ئىراننىڭ ئاخىرقى خانىشى فاراخ ئىدى.
ئىلگىرى كوچىلاردا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەن بىر بالا نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرى بولدى، ئىلگىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر خانىش سەرگەردان بولۇپ قالدى.

ھەقىقەتەنمۇ تەقدىر ئۆزىنىڭ سىرلىق، بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان تەرىپىنى ھامان ھەر خىل شەكىلدە نامايان قىلىپ تۇرىدۇ، بىزنى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن دەپ بېشارەت بېرىدۇ. لېكىن، بىز ئۇنى بىر كىنو كۆرگەندەكلا كۆرۈپ، سۆزلەپ قويۇپلا ئۇنتۇپ كېتىمىز. بۇنىڭ ئۇچۇن تەقدىر بۇلارنى ئوخشىمىغان شەكىلدە بېشىمىزغا سالىدۇ، قىسمەتلىك كەچمىشلەر بىلەن كۆزلىرىمىزنى نەم قىلىدۇ، ھەتتا يۈرىكىمىزنى قانىمۇ قىلىدۇ، بىزنى جازالاپ مەۋجۇتلۇقىنى نامايىش قىلىپ قويىدۇ.

رەھمەتلىك ئانام مۇشۇنىڭغا ئوخشاش راست ئىشلارنى قايتا ـ قايتا سۆزلەپ:

ــ بۇ دۇنيادىن بىر خىل ئۆتۈپ كەتمەك قىيىن، شۇڭا بۇگۈن كۆلۈۋاتقاندا ئەتىكى يىغىنى ئۇنتۇپ قالمايلى، كۈيۈپ سۆزلىمەيلى، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك قىلمايلى، باشقىلارغا دىل ئازارى بەرمەيلى، كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق بولۇپ قالىدىغان ئىشلار بولىدۇ. ئاللا چومۇلىنىمۇ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتى، رولى، ئەھمىيىتى بىلەن ياراتقان. بايلىققا ئېرىشىدىغان، مال ـ دۇنياغا قۇل بولىدىغان ئادەم بولمايلى، بەندىدىن بۇ ئىشنى قىلىپ بېرەمدىكىن، ئۇنى ـ بۇنى بېرەمدىكىن دەپ تەمە قىلماي، كۈچ ـ ماغدۇرىمىزغا تايىنىپ تىرىشايلى، ــ دەپ نەسىھەت قىلاتتى. مانا بۈگۈنكى خىياللىرىم ئىچىدە قۇلىقىم ئىشتىكەن، كۆزۈم بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن ئىشتىن ئانامنىڭ ھايات خۇلاسىسىنىڭ ھەقىقەتەن توغرىلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن.

*　　　　*　　　　*

ماھىرە مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستۇم. بىز بىر مەھەللىدە ئولتۇراتتۇق. مەكتەپكە بىللە

بېرىپ، كەچلىرى بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئۆيىدە بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەيتتۇق. مەكتەپكە بېرىپ ـ كەلگۈچە دېيىشىدىغان گەپلىرىمىز قالمايتتى. ماھىرە ماڭا قارىغاندا ئەركىسىرەك، دېگىنىنى قىلىدىغان، ئۇنىمىسا خۇيلىنىپ يېتىۋالىدىغان، جاھىلراق قىز ئىدى. بەزىدە مەنمۇ بىر ئىشلارغا سەل خۇيلىنىپ قالسام، ئانام:

— سىز ئاشۇ ماھىرەنىڭ بىشەم، جاھىللىقىنى ئۆگەنمەڭ، يەنە ئاشۇنىڭدەك يىغلاپ ھەممە ئىشنى قىلدۇرىمەن دەيدىغان خۇيىنى دورىسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىڭىچى ئويناتمايمەن. قىز بالا دېگەن خۇيلۇق بولسا ئاھانىتى ئانىسىغا كېلىدۇ. تولا يىغلىغان ئادەم شۇم تەقدىرىگە يىغلايدۇ دەيدۇ. ئاشۇ قىزنىڭ سەت ۋارقىراپ يىغلىغان ئاۋازى مۇشۇ ئۆيگە ئاڭلىنىدۇ. ئۇۋال ئاۋۇ ئانىسىغا، ئۆيىدىكى ئاۋۇ خىزمەتكار قىزغىمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ، قولدەك ئىشلىتىدۇ، يەنە شۇنى تىللىغان. ماھىرەنىڭ بىشەملىكىدىن كەچكىچە شۇ قىزنى سىلكىپ، تىللاپ يۈرگەن، يا كىچىكلىكىنى قىلمىغان، يا بۇ مەندىن چوڭ دەپ، بىرەركىمنى ھۆرمەت قىلمىغان. بۇ ئۆيىنىڭ بالا تەربىيەسى پەقەت ياخشى ئەمەس، — دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. مەن ماھىرەگە بەك ئامراق ئىدىم، شۇڭا ئانامنىڭ: «ئۇنىڭ بىلەن ئويناتمايمەن» دېگەن گېپىدىن قورقۇپ يىغلاشقا پېتىنالمايتتىم.

ماھىرەنىڭ دادىسى يىپەك رەخت سودىسى قىلاتتى، كۆپىنچە سىرتلاردا يۈرەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ بالا ماھىرەدىن ئالتە ياش چوڭ ئىدى. ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ماھىرەنىڭ دادىسى بۇ بالىسى بەش ياش چېغىدا ماھىرەنىڭ ئاپىسى مەريەم بىلەن توي قىلغان بولۇپ، ماھىرە تۇغۇلغاندا بالىلىرىنىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرسۇن دەپ يېزىدىكى نامرات تۇغقىنىنىڭ قىزىنى ئەكېلىپ بەرگەنىكەن. ئالىيە ئىسىملىك بۇ قىز ئۆيىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلاتتى. ماھىرە ئۇ قىز بىلەن زادى چىقىشالمايتتى، دائىم

ئۆرۈشۈپ ئۇ بىچارە قىزنى تىللايتتى، قولىدىكى نەرسىلەرنى ئېتىپ ئۇراتتى، يەنە ئاچچىقى چىقمىغاندەك يىغلاپ تۇرۇپ ئاپىسىغا چېقىشتۇراتتى. ئاپىسى بۇ يىغا ئاۋازىدىن بىزار بولۇپ كېتەمدىكىن، ئەيتاۋۇر ئاق ـ قارىنى سورۇشتۇرمەيلا يەنە شۇ قىزنى تىللاپ كېتەتتى. بۇنداق ئەھۋالنى كۆپ كۆرەتتىم. ماھىرەگە گەپ قىلسام مەن بىلەنمۇ ئۇرۇشاتتى، شۇڭا بىچارە قىزغا ئىچىم ئاغرىپ ئۆيگە چىقىپ بۇ ئىشلارنى ئانامغا دەپ بېرەتتىم. ئانام:

— شۇڭا ئويناماڭ ئۇ قىز بىلەن دەيمەن ئەمەسمۇ؟ ئانىسى بولغان ئادەم يەنە ئادەم چېقىشتۇرامسەن دەپ ئۇنىمۇ قوشۇپ تىللىسا ئىككىنچى چېقىشتۇرمايدۇ. ئۇ قىزنى ئۇرۇپ بەرگەندىكىن، مېنىڭ راست ئىكەن دەپ تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدىغان گەپ. ۋاي ئىسىت، شۇ بىچارە قىزنىمۇ ئانىسى تۇغۇپ، تەستە بېقىپ چوڭ قىلغان بولغىيدى، بالا دېگەن يۈرەكنىڭ پارچىسى ئەمەسمۇ. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقىدىن خەققە ئۆي خىزمىتىگە بەرمىسە، بىر قىز بالىنى ئون بەش ياشقا كىرگۈزمەك ئاسانمۇ؟ يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق دەپ، شۇ بىچارىلەر قىيىنچىلىقتا بالىسى شۇ خورلۇقنى تارتسىمۇ چىداپ كېتىۋاتىدۇ. كۆرگۈسى كېلىدۇ، بالا ئەمەسمۇ؟ بىچارە قىزنىڭ چىرايى ساپسېرىق. ئەخلەت تۆككىلى چىقسا، يۈگۈرۈپ قېشىمغا كىرىدۇ. بېشىنى سىلاپ، ئۇنى ـ بۇنى بېرىمەن، قورسىقىمۇ تۈزۈك تويمايدۇ ئۇ ئۆيدە، يىغلاپ كېتىدۇ بىچارە قىز. بىزنىڭ ئۆيگە كىرىدىكەن دېمەك ئاۋۇ قىزغا، ئۇ قىزنى يەنە تىللىمىسۇن، — دەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ماھىرەلەرنىڭ ئۆيىگە كۆپ كىرمەس بولدۇم. ماھىرەنىڭ دادا بىر، ئانا باشقا ئاكىسى ئەنۋەر ئۆگەي ئانىسىنىڭ كۆپ خورلۇقىنى تارتقان بولۇپ، كېيىن دادىسى قولىقىم تىنچىسۇن، ئۆيدە كۆپ تۇرمىسۇن دېدىمۇ، بۇ بالىنى ئوقۇتماي، ئۆزىگە ئەگەشتۇرۇپ تىجارەتكە سالدى. دادىسى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن چاغلاردا بۇ ئۆيدە قىيا ـ

چىيا كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئانامغا دەپ بېرىشىچە، ماھىرەنىڭ دادىسى ماھىرەنىڭ ھېلىقى قىزنى سىلكىپ، تىللاشلىرىنى كۆرۈپ، ئارىغا كىرىپ: «ئولتۇرۇڭ، تاماق يەڭ» دەپ قويسا، ماھىرە باشقا ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇرۇشىدىكەن. ئانام بۇنى ئاڭلاپ:

— كۆنەلەپ قاپتۇ، بالام. بوپتۇ، بىلمىگەنگە سېلىپ يۈرىۋېرىڭ. ئىش قىلغانىنىڭ ئەجرىنى ئاللا بېرىدۇ. سەھەر قوپۇپ ھويلا ـ ئاران سۈپۈرىسىز، يەرنىڭ يۈزىنى ئاچىسىز، ئاللا سىزنىڭمۇ يۈزىڭىزنى يورۇق قىلىدۇ، — دەپ تەسەللى بېرەتتى. بۇ بىچارە قىز توغرىسىدىكى ئىچ ئاغرىتىشلار مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ ئاساسلىق سۆز تېمىسى ئىدى. ماھىرە ئاكىسىنىمۇ ياقتۇرمايتتى، ئانىسى نېمە دەپ تىللىسا شۇنى تەكرارلاپ ئۇرۇشاتتى. ئاكىسىمۇ بۇ ئۆيدە بولسا كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئۆينىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلاتتى. ھە دېسە ماھىرە ئاكىسىنى «دۆت» دەپ مازاق قىلاتتى.

كېيىن ماھىرە ئىككىمىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ئىككى سىنىپتا ئوقۇدۇق، بۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بۇرۇنقىدەك مەكتەپكە تەڭ بېرىپ تەڭ كېلىدىغان، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئۆيىدە تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان ئىشلىرىمىز سەل ئازايدى. شۇنداقتىمۇ، كىچىكىمىزدىن كۆنۈپ كەتكەچكىمىكىن يەنە بىللە ئوينايتتۇق. ئانامدىن يوشۇرۇنچە ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقاتتىم. ماھىرە بىزنىڭ ئۆيگە كىرسە ئانام تولا نەسىھەت قىلىپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇ ئانامدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. مەن:

— ئۆيۈڭلاردىكى قىزغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشمىغىن، تىللىمىغىن، — دېسەم، ماھىرە:

— مەن ئاززۇلۇق تۇرسام، ئۇ بەك ئەسكى، مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئوغرىلايدۇ، دادام ئۇنىڭغا بەك ئامراق، ئۇرۇشۇپ قالساق مېنى تىللايدۇ. ئۇنىڭغا ئاناممۇ بەك ئۆچ، — دەيتتى.

بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ماھىرەنىڭ ئاپىسى

تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا ياتتى، كېيىن ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ داۋالاتتى. بۇ ئايالنى ھېلىقى ئۆيىدىكى بىچارە قىز باقتى. ئۆگەي ئوغلىمۇ تازا ئەسقاتتى. مەھەللىدىكى ئاياللار يوقلاپ چىقىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ سۆزلىشىپ كېتەتتى:

— توۋا - توۋا، ۋارقىراپ - جارقىراپ يەرنى تىترىتىپ يۈرىدىغان ئايال ئىدى، مانا گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرى يوق بىرنىمۇ ئاران تونۇپ ياتىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئۇچ ئاي ئىچىدە بايقىلىپ، ئاخىرقى باسقۇچ دېگىنىنى، ۋاي بۇ جاندا ئىشەنچ يوق ئىكەن جۇمۇ. كىم ئويلىغان بۇ ئايالنى بۇنچە ياش، بۇنچە تېز بۇ كۈنگە قالىدۇ دەپ. كىيىمگەننى كىيەتتى، يېمىگەننى يەيتتى، مانا ئەمدى گېلىدىن سۇمۇ ئۆتمەي يېتىپتۇ.

— يەنە شۇ دۆت، ھاڭۋاقتى دېگەن ئۆگەي ئوغلى ئەسقېتىپتۇ، كۆتۈرۈپ دوختۇرغا ئاپىرىدىكەن، «سەن مېنى ئوقۇتمىغان، كۆرسەتمىگەن كۈنۈڭ قالمىغان» دېمەي ئۇچ ئايىنىڭياقى بېقىۋاتىدۇ. دادىسى يەنە شۇ تىجارەتنى قىلمىسا بىر ئۆينىڭ غېمى بېشىدا تۇرسا.

— بىچارە بالا ھېلىدىن - ھېلى مەريەمنى ئۆرۈپ، دۇمبىلىرىنى سىلاپ تۇرىدىكەن، ئالىيە ئاستىنى تازىلايدىكەن. ئەجەب دۇنيا جۇمۇ بۇ، ئۇرۇپ - تىللىغان ئالىيەنىڭ، كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان ئەنۋەرنىڭ قولىغا قالغىنىنى ماۋۇ ئايالنىڭ.

— ئەلۋەتتە شۇ چاغلاردا، ۋاي بالام، دەپ ياخشى مۇئامىلە قىلىپ قويغان بولسا، بۇگۈنگە كەلگەندە ئۇلار تېخىمۇ ياخشى قازار بولغىيدى، ئۆزىمۇ كۆڭلى يورۇق ياتاتتى. ھازىر شۇنداق كۆيۈنۈپ قاراۋاتسا، قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، يىغىنىنىڭ ئۇستىدە ياتقاندەك يېتىۋاتقاندۇ.

— ئازابلىنىدۇ، ئازابلانماي تۇرالامدۇ؟ كۆزى كۆرۈۋاتسا، كاللىسى ساق تۇرسا، جادۇگەرلىكى تېخى تۇنۇگۈنكىلا ئىشلار تۇرسا، مېنىڭچە مەريەمنى ئۆزىنىڭ كېسىلىدىن بەك ۋىجدان

ئازابى قىيناۋاتىدۇ.

— بۇ جاھانغا تۇۋۇلۇك بولغان كىم بار دەيسلەر؟ ھەممىمىز كېتىمىز، لېكىن قانداق شەكىلدە ئۆلىمىز، ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز. مەريەم بۇ كۈننى ئويلاپمۇ باقمىغان. نېمىلا بولسۇن، ئاللا شىپالىق بەرسۇن، ياش ئەمەسمۇ؟ ئوغۇلنى ئۆيلەشكىمۇ ئانا بولۇپ تۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ئاۋۇ قىزىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، كىم بولسا ئۆز ئانىسى، ئۆز دادىسى باقسۇن ...

— ھەي، ئۇنداق دېسەم يامان بولىدۇ، مەريەمنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى بىزگىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئايان. ھەممىمىز قىلغان ئىش - ئەمەللىرىمىزنىڭ، ھەتتا ئاغزىمىزدىن ئېسىمىزدە يوق چىقىپ كەتكەن بىر ئېغىز سۆزنىڭمۇ ئۇ دۇنيادىكى سورىقىدىن باشقا، مۇشۇ دۇنيادىلا جاۋابىنى كۆرىمىز. مەريەم كۆپ كۈپۈرلۇق قىلغان، يېتىمنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن، ئۇنى خارلىغان، ئۇنىڭغا تولا ئازار بەرگەن. ھەممە ئادەم ئاللانىڭ بەندىسى، ھەممىمىز تارغاقنىڭ چىشىدەك تەكشى يارالغانىكەنمىز، بەندىنى بەندە ئازابلىسا ئۇنىڭ چوقۇم سورىقى بار - دە ...

مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ بۇ سۆزلىرى تاكى بۈگۈنگىچە قۇلاق تۈۋىمدە. بۇرۇن بۇ سۆزلەرنى ئاياللارنىڭ بىر غەيۋىتى دەپ بىلگەن بولسام، بۈگۈنگە كەلگەندە بۇنى ھاياتنىڭ بىر خۇلاسىسى، تەربىيەتلىك ھەقىقەت دەپ چۈشىنىۋاتىمەن.

ماھىرەنىڭ ئاپىسىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئانام مەندىن ھەر كۈنى تاماق كىرگۈزەتتى. تاماق ئېلىپ كىرسەم باشقا قوشنىلارمۇ كىرىپ، بېشىدا قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغاننى كۆرەتتىم. قوشۇقتا دېمىدە ئىچۈرۈشەتتى. ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ نالە قىلاتتى، ھەممەيلەنگە مۆلدۈرلەپ قاراپ يىغلايتتى. ئۆگەي ئوغلى ۋە ئالىيە كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى. بۇنىڭغا قاراپ ھېلىقى ئاياللارنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىپ: «بۇرۇن قىلغان - ئەتكەنلىرىگە



www.uyghurkitap.com

پۇشايمان قىلىۋاتامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئۆينىڭ ئىچى باشقىچە سۈرلۈك ئىدى. تاماقنى بىر-بىرلا يۇگۇرۇپ چىقىپ كېتەتتىم. ئانامغا دەپ بەرسەم:

— بۇ دۇنياغا كەلمەكمۇ بەك تەس، كەتمەكمۇ بەك تەس، جان چىقماق تېخىمۇ تەس ئىمىش، شۇڭا ئەي ئاللا، ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈمنى بەرگىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ساقلىغىن، دەپ دۇئا قىلىمىز. ئادەم بەك قېرىپ كەتسىمۇ خارلىنىپ قالىدۇ، باللىرىغا يۈك بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئىززىتى بىلەن كەتكەن ھەممىدىن ئەۋزەل. مەريەم سەكراتتا ياتقىلى خېلى بولدى، بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەم كۆپ كىرىپ - چىقسىمۇ جان چىقىش قىيىن بولارمىش، جان تالىشارمىش. شۇڭا، ھەممىسى رازىلىق بېرىش كېرەك ئىكەن، شۇڭا مەنمۇ كۆپ كىرمىدىم، — دېدى.

ماھىرەنىڭ ئاپىسى بۇ دۇنيا بىلەن بەك قىينىلىپ خوشلاشتى، قوشنىلار ھەممىسى رازىلىق بەردى، مەنمۇ يىغلاپ تۇرۇپ رازىلىق بەردىم. مەريەم ئاچامنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى تاكى بۈگۈنگىچە كۆز ئالدىمدا: ئۇ ئىڭراپ ياتاتتى، ھەممىمىزگە زادى قىيالمىغاندەك قاراپ چىقتى. ماھىرەنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. كۆز يېشى ئاستا سىرغىپ ياستۇقىغا چۈشۈۋاتاتتى، ھەممىمىز تېخىمۇ يىغلىشىپ كەتتۇق، شۇ ئارىدا كۆزىنىڭ قارىسى ئاستا - ئاستا كەينىگە كېتىۋاتاتتى، مەن قورقۇپ كېتىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم، كېيىن ئاڭلىسام كۆزى يېرىم ئوچۇق كېتىپتۇ، چوڭلار يۇمدۇرۇپ قويۇپتۇ.

شۇ يىلى مەن ئالىي مەكتەپكە كەتتىم. ماھىرە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى، كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم. قايتا ئوقۇپ كېلەر يىلى ئىمتىھانغا قاتنىشىشنى، چوقۇم ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۇنى كۈتىدىغانلىقىمنى قايتا - قايتا دېدىم ھەم بارلىق كونسپېكت، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى بەردىم. روشەنكى، ئوقۇشقا كېلىپمۇ كېچە - كۈندۈز ماھىرەنى

ئويلىدىم. ئانىسىدىن ئايرىلىش، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىك دوستۇمغا ئېغىر كەلگەنىدى، شۇڭا توختىماي خەت يېزىپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەردىم. لېكىن، ئۇنىڭدىن زادى جاۋاب خەت كەلمىدى، شۇنداقتىمۇ توختىماي يېزىۋەردىم. قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە كېلىپلا ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردۈم، لېكىن ماھىرە ئۆيدە يوق ئىكەن. ئالىيە ئاچىمىز ئۇنىڭ تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەنچە كىرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلدى.

— قايتا ئوقۇمىدىمۇ؟ نېمىشقا ئوقۇمىدى؟ دادىسى نېمە دېدى؟

— ماھىرەنىڭ مىجەزىنى سىلى ياخشى بىلىلىغۇ؟ ئۇ ئاسان گەپ يەيدىغان قىزمۇ؟ نېمە دېسە ئانىسى شۇنىڭكىنى راست دەپ يامان ئۆگىتىپ قويغان. ھېلىمۇ شۇ بىشەملىكى بار. دادىسى ئىچكىرىدە، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ دەملا. كىرسە كىرلىمۇ دەيمەن، چىقسا چىقلىمۇ دەيمەن، ئۆيدە بولسا ئورۇشۇپ ئادەمگە ئاراملىق يوق.

ئالىيەنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان مەغرۇر، خاتىرجەم تۇرقىغا قاراپ، ماھىرە ئۇستىدىن دەۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى:

— ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى زەربە بولۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىمتىھان دېگەنمۇ تەلەيگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ياخشى گەپ قىلىپ قايتا ئوقۇتساڭلار بولمامدۇ؟ تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەن دەيسىز، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقماپتۇ _ دە؟

— بۇنداق دەپ مېنى سوتلىسىلىرى بولمايدۇ. نەگە باردىلا دېسەم ئۇرۇشىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە قولىقىم تىنچ تۇرسۇن دەپ سورىقىنى قىلمايمەن. دادىسى ئۇرۇپمۇ باقتى. دادىسى بۇ يەردە بولسا ئۆيدە بولىدۇ، كەتسىلا، دادىسى بىلەن تەڭ يوقاپ كېتىدۇ.

— ئاكىسىچۇ؟ ئاكىسى ئىزدىمەمدۇ؟

— كىچىكىدىن ماھىرە ئاكىسىنى ياقتۇرمايتتى، ئاكىسىنىڭ

گېپىنى ئاڭلىمايتتى، ئانىسى شۇنداق ئۆگەتكەن، شۇڭا ئاكىسىنى پوشمۇ دېمەيدۇ. بىچارە بالا بەك ئاق كۆڭۈل، ئۇنىڭغا پۇل بېرىدۇ، كىيىم ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇ قىز ئاكىسىنىڭ پۇلىنى خەجلەيدۇ، لېكىن گەپ قىلسا يەنە بۇرۇنقىدەك. ماھىرە يوقاپ كەتسە ئىزدەيدۇ، دادىسى ماھىرەنى ئۇرسا تۇتۇۋالىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بۇ ئۆينىڭ باشقىچە بىر تەقدىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يېنىپ چىقتىم. ئۆيگە كىرسەم مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەن قوشنىلىرىمىز بار ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قىزىم، سالامەت كەلدىلىمۇ؟ كېلىپلا دوستىنىڭ يېنىغا يۈگۈرگىنىنى قاراڭ، دوست ئۆيدىكىلەردىنمۇ مۇھىم ئىكەن ـ دە؟

قوشنىلىرىمىز ماھىرەنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كىرىپ جىمىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ، بەس ـ بەستە ئۇ ھەقتە سۆزلەپ كېتىشتى:

— رەھمەتلىك مەريەم قىزىنى شۇنداق يامان ئۆگىتىپ قويغان. «قىزىمنى ئارزۇلۇق قىلىمەن» دەپ، لەڭمەن ئەتسە مەن پولۇ يەيتتىم دېسە، لەڭمەننى قويۇپ پولۇ ئېتەتتى، قىزىدىن ئۆتسىمۇ ئالىيەنى تىللاپ ـ ئۇرۇپ بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەنچە ئادەم يوق ئىكەن، دەپ چوڭ بولغان ئاۋۇ قىز بالا. ئاندىن كېيىن قېلىپ، ۋارقىرىسىمۇ ـ تىللىسىمۇ ۋاي بالام دەپ تۇرىدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن، تالاغا ئۆگىنىپ قالدى، — دېدى قوشنىمىز ھەلىمە ئاچام.

— ئەتىگەندە چاي ئىچمەي كەتكەندى دەپ ئانىسى مەكتەپكە يەيدىغان نەرسە كۆتۈرۈپ كېتەتتى. «ئارزۇلۇقلىقنىڭ ئارتىلىپ قالسۇن» دەپ مانا بۈگۈن يېدىڭمۇ، ئىچتىڭمۇ دەيدىغان ئادەم يوق، تېخىمۇ چۇشكۇنلىشىپ كەتتى، — دېدى بىرسى.

مەن ئۇن ـ تىنسىز، بېشىمنى كۆتۈرمەي دوستۇمنى ئويلاپ يىغلاپ سېلىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتىم.

— ماھىرە باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسىمۇ، چېقىشتۇرۇپ

كىرسە، قىزىمنىڭ مىجەزى ماڭا ئايانغۇ دېمەي، كەچنى كەچ دېمەي قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە — بالا ئارىسىغا كىرىپ ئۇرۇشۇپ چىقاتتى. يەنە شۇ قوشنىلار قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ ئۆلۈمىنى ياخشى ئۇزاتتى.

— هازىر كۆرسىڭىز بۇرۇنقى ماهىرە ئەمەس ئۇ، تونۇمايسىز، يۇرۇش - تۇرۇشىمۇ باشقىچە، ئاڭلىساق بىر رېستوران دەمدۇ، كەچلىك ئويۇنخانىدا دەمدۇ، پۇل يىغىدىغان يەردە ئىشلەيمىش ...

— قىزىم بەك ياخشى كۆرىدۇ بۇ دوستىنى، بىزگە بىر پارچە خەت يازسا ماهىرەگە ئۈچ پارچە يازىدۇ، مەن ئەكىرىپ بېرىمەن، خەت كەپتۇ دەپ خۇش بولىدىغان ئىشىمۇ يوق، قولۇمدىن ئاران ئالىدۇ، — دېدى ئانام.

— كۆڭلى يېرىم بولىدىغاندۇ، ئانا. ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى بار. ئاندىن ئايرىلىش ئاسان ئەمەس - دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇشقا كەتتى. سىلەر ئۇنىڭغىلا ئەيىب قويغان بىلەن، ئۇمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ، ئۈست - ئۈستىلەپ كەلدى بىچارە دوستۇمغا ...

شۇنداق دەپلا يىغلاپ كەتتىم، قوشنىلىرىمىزمۇ يىغلىغىنىمنى كۆرۈپ، دوستۇمغا ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى خىجىل بولۇپ قالدىمۇ يەنە سۆز باشلىدى:

— دېمىسىمۇ ماهىرە ئېگىز يەردىن تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالدى. دادىسى ھېلىقى ئالىيەنى ئالدى. بۇرۇن پۈتىنى يۇيۇپ، كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باقىدىغان بىرسى تۇيۇقسىز بۇ ئۆينىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى.

— نېمە؟ دادىسى ئالىيەنى ئالدى؟ — تۇۋلىۋەتكىلى تاس قالدىم.

— ھەئە، — دېدى ئانام، — بۇ ئۆيدە يەتكىچە خارلانغان ئالىيە هازىر ماهىرەنىڭ ئۆگەي ئانىسى، ماهىرە بۇنىمۇ قوبۇل قىلالمىدى. ئالىيە بۇرۇن بوزەك بولغان بىلەن ئەمدى ئۇنداق يەرگە قاراپ تۇرمايدۇ. ماهىرەنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان مەريەم

يوق، بۇرۇن مېنى بوزەك قىلاتتىڭ دەپ ئۆچمۇ ئالىدۇ، بەلكىم. ئەر كىشى دېگەن خوتۇنىنىڭ گېپىنى يەرمايدۇ. ھەي ... ي، ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، بولغۇلۇق ئاشۇ قىز بالىغا بولدى. ئۇنىڭ شۇ يولغا كىرىپ قېلىشىغىمۇ نۇرغۇن ئىش سەۋەب ...

بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تەسۋىرلىگۈسىز بىئارام بولدى. شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە يۈگۈرۈپ چىقىپ ماھىرەنى نەدە بولسا تېپىپ باغرىمغا باسقۇم، ئۇنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولغۇم، تەسەللى بەرگۈم كەلدى، لېكىن نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم.

شۇ كۈنى قانداق تاڭ ئاتقۇزغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەتىسى سەھەردە ماھىرەنىڭ ئۆيىگە يەنە كىردىم، ئۇ بۇگۈنمۇ يەنە كەلمىگەنىدى.

— سىزنىڭ تۈنۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلى[illegible] سىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ، سىزنى كېلىدىكەن دې[illegible] كەتكەن، — دېدى ئالىيە. بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكى[illegible] ئېچىشتى، ئاخىرى ئىشلەۋاتقان يېرىنى [illegible] بارماقچى بولدۇم، — چۈشتە بارسىڭىز تاپالا[illegible] ئاكىسى شۇنداق دەۋاتقان، — دېدى ئالىيە يەنە.

ئالدى ـ كەينىمگە مېڭىپ چۈش [illegible] دەپ بەرگەن ئادرېس بويىچە بىر مۇزىكىلىق تاماقخانىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. بۇ يەر كۈندۈزى تاماقخانا، كەچتە مۇزىكىلىق كۇلۇب ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردە ژېۋىسكىغا، بىردە [illegible] ـ چىقىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ خىيال بىلەن تۇرۇپ كەتتىم. ئالدىمغا بىر قەدەم ئېلىشقىمۇ مادارىم يوقتەك تۇراتتىم. ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرالماي يىغلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتىم.

«بۇ يەردە بالىلىقىمنىڭ خاتىرىسى، قورچاقلىرىم بىلەن بىللە مېھماندارچىلىق ئويۇنى ئوينىغان بىر دوستۇم بار... بۇ يەردە مەخسۇس ئالاردىن چاچ ئۆرۈپ، بىر ـ بىرىمىز بىلەن قول

تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈپ ئوينىغان، تۇنجى ياشلىق تۇيغۇلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزگە دېيىشەلىگەن، باشقىلار بىزگە يازغان سۆيگۈ خەتلىرىنى ئۆز ئارا ئوقۇشۇپ كۈلۈشكەن بىر دوستۇم بار... بۇ يەردە ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ سۇغا تاش ئېتىشىپ ياشلىق ئىستەكلىرىمىزنى تەبىئەتكە تەڭ جاكارلاشقان يەنە شۇ بىر دوستۇم بار... ئۇنى قانداق ھالەتتە كۆرەرمەن؟ ئەسلىي قوللىرىمىزنى مەھكەم تۇتۇشۇپ ئالىي مەكتەپكە تەڭ بېرىشىمىز، يەنە شۇ قوللىرىمىزنى مەھكەم تۇتۇپ، مەكتەپ يوللىرىدا تەڭ مېڭىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرىگە زادى كىم سەۋەبچى؟» كۆز ياشلىرىم ماڭا ھېچ بويسۇنمىدىغاندەك ئەمەس. ئۇنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ، پۈتۈن ھەسرىتىنى يۈرىكىمگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە تەييارلانغاندەك بىر كۈچ بىلەن قەدەم ئالدىم.

رېستوراننىڭ قويۇق ھاراق ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان كۆڭۈلنى ئاينىتقۇچى سېسىق ھاۋاسىدا بېشىم قايغاندەك بولدى. گەرچە كۈندۈزى بولسىمۇ قارا پەردە، سۇس چىراغ يورۇقىدا بۇ رېستوران ماڭا تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بىلىندى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى پۇل يىغىدىغان ئورۇندا بىرسى ماڭا قاراپ تىكىلىپ تۇراتتى. يۈرىكىم تىكىلىپ تۇرغان ئۇ سىيمانى تونۇدى، لېكىن «ياق، ئۇ ئەمەس» دېگۈم كېلىۋاتاتتى. ئەزەلدىن بۇدۇر قىلىنمىغان چاچ، گىرىمسىز بىر چىراي قەلبىمدىكى ماھىرەنىڭ مەڭگۈلۈك سىيماسى ئىدى، لېكىن ماڭا قاراپ تۇرغان بۇ كۆز دەل ماھىرەنىڭ ئۈمىدسىز، ئازابلىق كۆزى ئىدى...

ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. مەن ئۆزۈمنى زادى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ماھىرەنى، ئۇنىڭ ساپسېرىق بويالغان بۇدۇر چاچلىرىنى، يۈزىنى، كۆزلىرىنى سىلاپ يىغلاۋاتاتتىم. سەل ئۆزۈمگە كېلىپ باغرىمغا مەھكەم باسقان بۇ تەندىن شۇنداق سوغۇقلۇقنى سەزگەندەك بولدۇم. چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم، كۆز چاناقلىرى

لىققىدە ياشقا تولغان ماھىرە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇراتتى.
مەن ئۇنىڭ قېنىپ بىر يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم. لېكىن، ئۇ دەرھال كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە مېنى ئىچىدىكى بىر ئايرىمخانىغا باشلاپ كىردى. مەن ئېزىپ كىرىپ قالغان ئادەمدەك چۆچۈپ قاراپ ئولتۇردۇم. ئىككىمىز ئۈنسىز ئولتۇرۇپ كەتتۇق، ئاخىرى مەن سۆز باشلىدىم:
— مەن تونۇگۈن كەلگەنىدىم، كېلىپلا ئۆيۈڭگە ئىزدەپ كىردىم...
— ئۆيدە كىمنى كۆردۈڭ؟ — ئۇ ماڭا سوغۇق كۈلۈمسىرەپ مەنىلىك قارىدى.
— ھەممىنى ئاڭلىدىم، تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرىغا بىر نېمە دېمەك تەس. نېمىشقا ماڭا جاۋاب خەت يازمايسەن؟ نېمىشقا قايتا ئوقۇمىدىڭ؟
— بۇنى بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، كېيىن ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالارسەن. سېنىڭ ئاناڭ بار، مېنىڭ ھەسرىتىمنى ھەرگىز چۈشەنمەيسەن. مېنىڭ كۈلكەم، مېنىڭ خۇشاللىقىم، مېنىڭ بەختىم ئانام بىلەن كېتىپتىكەن. مېنىڭ ئۆيدىكى ئەھۋالىمنى چۈشەنمەيسەن، دېسەمۇ ئىشەنمەيسەن، ئويلىغۇمۇ، سۆزلىگۈمۇ يوق.
— سەن بۇنداق ئۈمىدسىز قىز ئەمەس ئىدىڭ، بۇ سۆزلەر ساڭا ھەرگىز ياراشمايدۇ. دۇنيادا ھەممە ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تەل بولمايدۇ، ئانام يوق دەپلا ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتسەڭ بولمايدۇ، ھېچ بولمىسا مېنى بار دېگىن، مەن ئۇچۇن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشكە تەييار بىر دوستۇم بار دېگىن، سەن ئۇچۇن ھەممىگە تەييارمەن، دوستۇم، — يەنە ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتىم، ماھىرە يەنە شۇنداق بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى.
— ماھىرە، ساۋاقداشىمىز مۇراتنىڭ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىسەن. ئۇمۇ ئىچكىرىدە تۇرۇپ ساڭا كۆپ

خەت يېزىپتۇ، جاۋاب بولمىغاندىكىن، ماڭا توختىماي خەت يېزىپ سىنىڭ خەۋىرىڭنى ئېلىپ ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىشىمنى تىلەپ قىلدى. مەنمۇ سەندىن خەۋەر ئالالمىغاندىكىن، ئۇ تەتىلدە كەلمەسلىك پىلانىنى ئۆزگەرتىپ بۈگۈن كېلىدىغان بوپتۇ.

— نېمە؟ مۆرات بۈگۈن كېلەمدۇ؟ — ماھىرەنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى شۇ ئان نۇرلىنىپ كەتتى ۋە دەرھاللا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى، — مۆرات بىلەن كۆرۈشمەيمەن، ئۇ مېنى قايتا ئوقۇشنى، كېلەر يىلى ئۆزى بارغان مەكتەپكە بېرىشىمنى ئارزۇ قىلاتتى، ھەم بىز شۇنداق ۋەدىلەشكەن. لېكىن، سىلەر ئوقۇشقا كەتتىڭلار. ئۆيدە تاپا - تەنە، ئۇششاق گەپلەردىن قۇتۇلالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام ئۇ قىزغا ئۆيلەندى. بۇنى زادى قوبۇل قىلالمىدىم، ئائىلە زىددىيىتىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى. دادامنۇ ماڭا قول تەگكۈزدى، بۇنى زادى كۆتۈرەلمىدىم. ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك يالغۇز قالغانلىقىمنى شۇ چاغدا ھەقىقىي ھېس قىلدىم، سەنمۇ يوق، مۆراتمۇ يوق، شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

— بۇ ئىشلار سېنىڭ مۆرات بىلەن كۆرۈشمەسلىكىڭگە سەۋەب بولالمايدۇ، ئۇ سېنى ھەممىمىزدىن ياخشى چۈشىنىدۇ، ساڭا مەندىنمۇ ئوبدان تەسەللى بېرەلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە سەن ئۇنىڭغا بەك موھتاج.

— ياق، ياق، قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا قارايمەن، مەن بۇرۇنقى ماھىرە ئەمەس. بۇ يەردە ئىشلەپ يۈرگىنىمنى، بۇ تۇرقۇمنى كۆرسە ئۇ بەك ئۈمىدسىزلىنىدۇ، كۆرۈشمەيمەن، بۇ يەردىلىكىمنى دېمىگىن.

— ئۇ سېنى دەپ ئىچكىرىدىن تۆت كۈنلۈك پويىزدا، ئىككى كۈنلۈك ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. يىگىرمە كۈنلۈك تەتىلنىڭ ئون ئىككى كۈنى يولغا كەتسە ئاران سەككىز كۈن تۇرىدۇ دېگەن گەپ. ئۇنداق قىلساڭ بەك رەھىمسىزلىك قىلغان بولىسەن. بىز ھېچ بولمىسا ساۋاقداش، شۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ

بولسىمۇ كۆرۈشۈپ قويغىن. ئۇ دادىسىنىڭ يولى بىلەن قايتا ئوقۇشقا ياردەم قىلالىشى مۇمكىن. ئىككى يىل دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس، سېنىڭ ئوقۇشۇڭنى بەك ئارزۇ قىلىمەن، — دېدىم يىغلامسىراپ.

— ئەمدى ئوقۇيالمايمەن، مەن ھازىر نۇرغۇن سوراق بەلگىسى ئىچىدە قىينىلىپ ياشاۋاتىمەن، جاۋابسىز بۇ سوئاللار مېنى مۇشۇ ئۈمىدسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

— ئۇنداق دېمىگىن، ۋاقىت ھەممىگە جاۋاب بېرىدۇ، بىر كۈنلەردە ئۆزلۈكىدىن جاۋابقا ئېرىشىسەن، بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن دەپ كىرىشىپ قالىمىغىن. بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئېغىر سىناقى دېگىن. شۇنداق قارىساڭ يېنىكلەيسەن، دۇنيادا مەندىنمۇ ئازابتا ياشاۋاتقان ئادەملەر نۇرغۇنغۇ دېگىن، شۇلارغا سېلىشتۇرغىن.

دوستۇمنىڭ يېنىدىن ئۈمىدسىز قايتتىم. ماھىرەگە ئالغاچ كەلگەن ئۆزۈمنىڭكىگە ئوخشاش سومكامنى بەردىم. ماھىرە شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە زادى ئۇنىمىدى، ئىزدەپ بارساممۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرۈشمىدى. يىگىرمە كۈنلۈك تەتىلدە ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرەلمەي كۆڭلۈم بۇرۇنقىدىنمۇ يېرىم بولۇپ تەتىل ۋاقتى توشۇپ مەكتەپكە قايتتىم. ھەممىدىن كۆڭۈلسىز قايتقىنى يەنىلا ساۋاقدىشىمىز مۇرات بولدى. ئۇ كېلىپلا ماھىرەنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن باشقا ساۋاقداشلىرىمىزدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، ئىشەنمەي مېنى ئىزدەپ كەلدى:

— ماھىرەنىڭ ئەھۋالى راستلا مەن ئاڭلىغاندەكمىكەن، ياق، ياق، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس...

مۇرات مەندىن «راست، شۇنداق ئىكەن» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ سالارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلغاندەك، ھە دەپ ئىنكار قىلىپ سۆزلەپ كەتتى، مېنىڭ جىمىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ يەنە:

— سەنمۇ ئىچىمنى سىقماي راست گەپنى قىلغىنا، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— مۇرات، — دېدىم ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ. — ماھىرەنىڭ قايتا ئوقۇماسلىقىدا نۇرغۇن سەۋەب بار ئىكەن. «ياخشىنى بىرى تارقىتىدۇ، ئىغۋانى مىڭى» دەپ، بۇ ھەقتە سۆز - چۆچەك جىق بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ماھىرە ئۇنداق ئەسكى قىز ئەمەس، ئۇنى بىز، بولۇپمۇ سەن ياخشى بىلىسەن. ئەمدى كىچىكىدىن ئارزۇلۇق، ئەركە، دېگىنىنى قىلىپ چوڭ بولغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇ سەۋەبتىنمىكىن مىجەزى جاھىل. ئانىسىنىڭ ئالىقىنىدا پۇۋلىنىپ، سىلاپ - سىيپاپ ياشاۋاتقان بىر قىزنىڭ تۇيۇقسىز ئانىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، بۇ زەربىنى كۆتۈرەلىشى ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتەلمىدى. ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى، ماھىرەنى بېقىپ چوڭ قىلغان ھېلىقى ئۆي خىزمەتچىسى قىزنى دادىسى نىكاھىغا ئاپتۇ.

— نېمە؟ ! نېمە دەيسەن؟ دادىسى ئاشۇ ئالىيەنى ئاپتۇمۇ؟ — مۇراتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەندەك ئىدى، — ئەمىسە ماھىرەنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن.

— مەھەللىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇرۇن ماھىرە ئالىيەگە پۈتىنى يۇغۇزۇپ، تىللاپ، ئۇرۇپ خاپا قىلالاتتىكەن، ئالىيە ھەممىنى ئىچىگە سىلىپ قويۇپتىكەن. ماھىرەنىڭ دادىسىغا تېگىۋېلىپلا تازا دەردىنى چىقىرىۋاپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرىدىغان ئانىسى يوق - دە. دادىسى خوتۇنى تەرەپ ئىكەن. ئالىيە «قىزىڭىز تالادىن كىرمىدى» دەپ دادىسىغا چېقىشتۇرۇپتىكەن، دادىسى ماھىرەنى ئۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ماھىرە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مۇرات بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى، مەنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ، ئاخىرى:

— مۇرات، ماھىرەنى قۇتۇلدۇرۇۋالساق بولاتتى، ئۇنىڭ بۇ يولغا كىرىپ قېلىشى ئۆزىنىڭ تاللىشى ئەمەس. شۇنداق ياخشى ئوقۇۋاتقان بىر دوستىمىز بۇنداقلا تۈگىشىپ كەتسە مەڭگۈ

ۋىجدان ئازابى تارتىمىز. ئۇنىڭغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار.

— مېنى ياردەم قىلغۇسى يوق دەمسەن. بىلىسەن، مەن شۇنىڭ ئۇچۇن مۇشۇ سوغۇقتا كەلدىم. مېنىڭمۇ پىلانىم بار ئىدى، ئۇ پۇرسەت بەرمىدى. شۇنچە قىلدىم، زادى كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدى. كېيىن بارسام بىر يەرگە كېتىپتۇ. مەندىن ئۆزىنى بۇنچە قاچۇرمىسىمۇ بولاتتى. مانا ھەممىنى چۈشەندىمغۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياردەم قىلغۇم بار، مەسئۇلىيىتىم تېخىمۇ كۈچەيگەندەك ئېغىر بىر روھىي بېسىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

— مەن بىلەنمۇ شۇ بىر كۆرۈشكەنچە زادى كۆرۈشمىدى، كېيىن بېرىپ تاپالمىدىم. سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى دېمەي تۇرسام بوپتىكەن، كۆڭلۈمدە خۇش قىلىمەن دەپ ئويلاپ دەپتىكەنمەن. نەگە كەتكەندۇ؟

— مەنمۇ ئەتە ماڭىمەن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. سەن خەۋىرىنى ئالساڭ ماڭا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن، مېنىڭ يەنە شۇنداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، مەڭگۈ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلىقىمنى، قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇرۇن بەرگەن ۋەدەمدە تۇرىدىغانلىقىمنى چوقۇم دەپ قويغىن ...

مۇرات شۇنداق دەپ قويۇپ كەتتى، مەن ئۇنى خوش دەپ ئۇزىتىپ قويۇشقىمۇ ماغدۇرۇم يوقتەك ئولتۇرغان ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. كۆڭلۈم شۇ قەدەر يېرىم بولۇپ كەتتىكى، ئەمدى ماھىرەنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك، ئۇنىڭغا زادى چىدىمىدىم. بىر ئازدىن كېيىن راسا بىر يىغلىۋېلىپ، سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. بۇ يىغا ئىچىدە ماھىرەنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئەنسىرىشىم ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى.

كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا مەكتەپكە قايتتۇق. كۈنلەر، ئايلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ماھىرەنىڭ ھېچقانداق ئۇچۇرىنى ئالالماي يازلىق تەتىلگىمۇ ئۇلىشىپ قالدۇق. مۇرات

بىلەن ئىزچىل ماھىرە توغرىسىدىلا خەت ـ ئالاقە قىلىپ تۇردۇق. ئۇنىڭ خەتلىرىدىن سەمىمىيلىك، مۇھەببەت، مەسئۇلىيەت، پىداكارلىق ھەم ساداقەت چىقىپ تۇراتتى. بۇ خەتلەرنى ئايرىم ساقلاپ قويدۇم. كۆڭلۈمدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇنى ماھىرەگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئۇنىڭغا: «سەن دۇنيادىن نارازى بولغان، ھەممىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ئاشۇ كۈنلەردە سېنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىپ، غېمىڭنى قىلىپ، سېنى سۆيۈپ ياشاۋاتقان بىر يۈرەك بار ئىدى، مانا بۇ ئۇنىڭ يۈرەك سىرلىرى» دەپ تاپشۇرۇپ بېرىمەن دەپ ئويلىغانىدىم.

يازلىق تەتىلدە كېلىپلا يەنە ماھىرەنىڭ خەۋىرىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئانام ئۇنى كۆرمىگىلى خېلى ئۇزاق بولغانلىقىنى، مەھەللىدىكى ئاياللاردىن ئاڭلىشىچە، بىر تىجارەتچى بالا بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ ئىچكىرىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى، ئۇنى نەدىن، كىمدىن سۈرۈشتە قىلىشنىمۇ بىلمەي ئىچىم تىتىلداپ يۈردۈم، نەچچە كۈندىن كېيىن مۇراتمۇ تەتىل قىلىپ كەلدى.

مەن مۇرات بىلەن ئۇلار دائىم كۆرۈشىدىغان كىچىك بىر چايخانىدا كۆرۈشتۈم. مۇرات مەندىن ماھىرەنىڭ ئەھۋالىنى سورىيالماي خېلى ئۇزاققىچە ئۇن چىقماي ئولتۇردى. ئۇ مەندىن كۆڭۈلسىز بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى كۆڭلى تۇيدىمۇ، ماڭا تىكىلىپ قارىمىدى. بىردەمدىن كېيىن مەن ماھىرەنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا سالغان كۈلپەتلىرىنى، بۇنىڭغا چىدىماي ئامالسىز ئىچكىرىگە كەتكەنلىكىنى، بۇ ئىشلارنىڭ ئامالسىزلىقتىن بولغانلىقىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردۈم. ئۇ مەندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ توك سوقۇۋەتكەندەك تۈرۈپلا قالدى. بۇنىڭغا قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى تىترەشلىرىدىن بىلدىم.

— مۇرات، ماھىرەنىڭ بۇ تاللىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئاڭلىسام ئۆگەي ئاپىسى بىلەن زادى چىقىشالماپتۇ. ئۇ ئايال «بۇرۇن يوقسۇزلۇقتىن قورسىقىم تويسا بولدى دەپ سېنى بېقىپ چوڭ قىلدىم، ھاقارەتلىرىڭگە چىدىغانىدىم، ئەمدى ئاش ـ تامىقىڭنى ئېتىپ خىزمىتىڭنى قىلمايمەن، ئۆيۈمدە تۇرساڭ، ئىشلەۋاتقاندىكىن پۇل بەر، كىچىكىڭدىن باققىنىمنىڭمۇ ھەققىنى ئەمدى ئالىمەن» دەپتۇ.

— دادىسى نېمە دەپتۇ؟ ئەجەبا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قىزىدىن پۇل ئالامدىكەن؟ بۇ ئادەملەر نېمىدېگەن رەزىللىشىپ كەتكەن، پۇل ئۇچۇن ئادىمىيلىكىنىمۇ يوقاتقان، ئەسلىنى ئۇنتۇغان ... دۇنيادا ئەخلاقنىڭمۇ بىر سوتى بارلىقىنى بىلمىگەن ...

مۇرات ۋارقىراپ سۆزلەپلا كەتتى. ئۇ بارلىق ھەسرىتىنى، ۋىسالسىز سۆيگۈسىنىڭ دەردىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك ئۇستەلنى زەردە بىلەن مۇشتلىدى. ئۇستەلدىكى قەھۋە ئۆرۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇندىمەي ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ ئازراق يېنىكلەپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇ ئۆرۈلگەن قەھۋەدىن سەل ئېسىگە كەلگەندەك ئۇستەلدە بارغانچە يېيىلىپ كېتىۋاتقان قەھۋەگە قاراپ ئېغىر تىنىپ ئولتۇردى. بەلكىم قەھۋەنىڭ ئەكسىدىن ماھىرە چىقىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، تەقدىرنىڭ بۇ ئاچچىق قىسمەتلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندۇ ...

ئايالлار نېمىلا بولسۇن كۆز يېشى قىلىپ يېنىكلىيەلەيدۇ، بىراق ئەرلەر يۇرەك ئازابىنى ياش تۆكۈش ئارقىلىق يېنىكلىتىشكە قادىر ئەمەس. مۇراتنىڭ ئازابىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇراتتىم، ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتىم.

— نېمىلا بولسۇن ماھىرەنى ئىزدەيمەن، ئۇنى چوقۇم تاپىمەن، ئۇنى ھېچكىمگە بوزەك قىلدۇرمايمەن، — مۇرات تۈيۈقسىز بۇ سۆزنى زەردە بىلەن دېدى. چۆچۈپ قارىدىم. ئۇنىڭ

غەزەپتىن ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان كۆزىدىن بىر ئىشەنچ، بىر مۇھەببەت چاقناپ تۇراتتى. نېمە دېيىشنى بىلمىدىم، بۇ مۇھەببەتتىن لەرزىگە كېلىۋاتاتتىم. «كۆزدىن ئايرىلغان خۇدا ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك، ماھىرە ئۈچۈن سوقۇۋاتقان بۇ يۈرەكنىڭ زىلزىلىسى مېنىمۇ ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. لېكىن، ماھىرەنىڭ يېنىدا ئۇ توي قىلماقچى بولغان يىگىتى بار، بۇنى دېسەم مۇراتنىڭ ئاران تۇرغان كۆڭلى بۇ زەربىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، دېمەي دېسەم ناۋادا ئىزدەپ بارسا بۇ ھال ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسىز. شۇڭا، نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلەلمەي:

— ماھىرەنى ئىزدەيمەن دېگىنىڭگە كۆپ رەھمەت، ئوقۇشۇڭغا تەسىر يېتەرمۇ؟ — دېدىم.

— ياق، ئويلاپ قويدۇم، باشقا شەھەردىكى ساۋاقداشلىرىم ئارقىلىق ئىزدەيمەن، بايراملاردىكى دەم ئېلىشقا توغرىلاپ، يېقىن ئەتراپتىكى ساۋاقداشلىرىمىز يوق شەھەرلەرگە ئۆزۈم بارىمەن، سەنمۇ ماسلىشىپ بەرگىن، — دېدى كەسكىنلىك بىلەن.

— بولىدۇ، ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ ئارمىنىم ئۇنى تېپىش، خەۋىرىنى ئېلىش، لېكىن مۇرات، ماھىرە ...

مۇرات ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ ئۇزاق قارىدى. بېشىمنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغىنىمغا قاراپ بىر نەرسە ھېس قىلغاندەك بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى. بىر ئازدىن كېيىن غەمكىن ئاۋازدا:

— بۇنى پەرەز قىلغانىدىم، سەن ئۆزۈڭ دېدىڭغۇ ئۇنى ئۆگەي ئانىسى بۇ يولغا قىستاپ باشلاپ قويدى دەپ. قىز بالا دېگەننىڭ ئاجىزلىقى مۇشۇ بولسا كېرەك. نېمىلا بولسۇن ئۇنى ئىزدەپ تاپىمەن، ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن، ئامال بولمىسا ئارتۇق گەپ قىلماي كېتىمەن. نېمىلا بولسۇن ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم ھەم ... ماھىرە مەن تونۇجى ياخشى كۆرگەن قىز، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش بۇرچۇم بار دەپ قارايمەن ... ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

خاتىرجەم ھەم بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسەملا بولىدى ... ھەممىگە تەييارلىقىم بار ...

مەن دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر قىز ھاياتىدا بىر قېتىم بولسىمۇ ئاڭلاشنى ئارمان قىلىدىغان، لېكىن ئاڭلاش بەختى ھەممە قىزغا كېلىۋەرمەيدىغان ئاجايىپ بىر گۈزەل سۆزنى ئاڭلاۋاتاتتىم. بۇ سۆزنى دوستۇمنىڭ زېدىلەنگەن قەلبى ئۈچۈن ئاڭلاۋاتىمەن. بۇ سۆز مېنى دوستۇم ئېرىشىشكە تولۇق ھەقلىق بولغان بىر بەخت قوينىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق سۆزلەرنى بەلكىم نۇرغۇن يۈرەك دەيدىغاندۇ؟ ۋە ياكى يۈرەك يۈرەكنى تاپالماي، شاماللارغا ئېيتىدىغاندۇ؟ مېنىڭ شاماللار بۇ گۈزەل تىلەكلەردىن لەرزىگە كېلىپ قۇيۇن بولۇپ پىرقىراپ كېتىدىغاندۇ...

ئاھ، دوستۇم ماھىرە، بىر يۈرەك سەن ئۈچۈن سەدپارە ... ئۇ سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلانماقچى. سەن يەنىلا بەختلىكسەن، چۈنكى بۇ يۈرەكنىڭ ھەربىر سوقۇشىدا سېنىڭ ئىسمىڭ تەكرارلانماقتا.

بۇ تەتىلمۇ ماھىرە ھەققىدىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان پاراڭلار بىلەن ئاخىرلاشتى. ئانامۇ ماھىرەنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالماي تىت - تىت بولۇپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ:

— دوستىقا سادىقلىق قىل دېسە، مېنى مۇنداقمۇ دورارسىزمۇ. مېنىڭمۇ دوست دېسە كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. رەھمەتلىك ئانام: «ئۆيىنى تاشلاپ دوستۇڭنىڭ ئىشىغا چاپىسەن، شۇلار بىلسە كاشكى مۇشۇ قىلغىنىڭنى» دەپ خاپا بولۇپ كېتەتتى، مانا ئەمدى مەن سىزگە دەۋاتىمەن بۇ سۆزنى. ھەممە ئىش يولىدا بولسۇن، ھېلىمۇ تەتىلدە بىز بىلەن تۇزۇكمۇ ئولتۇرمىدىڭىز، ھە دېسە ماھىرەنى ئىزدەپ يۈردۈڭلار. بۇ كىچىككىنە شەھەردە ئاڭلىماي قالمايدۇ، يۈرىكىمۇ ئېرىمىدى ئۇ قىزنىڭ. بولدى ئەمدى ئىچكىرىدىن ئىزدەيمەن، دەپ چىپىپ يۈرمەي ئوقۇشىڭلارنى ئوقۇڭلار، — دېدى.

— سەنمۇ بىلىسەنغۇ، ئانا، ماھىرە بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج، ئۇنى بىزمۇ بۇنداقلا تاشلىۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ ياق، ياق، مەن ھەرگىز بۇنداق قىلالمايمەن.

— مەن سىزنى تاشلىۋېتىڭ دېمىدىم، مېنىڭمۇ بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ ئۇ قىزغا. سىز ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن مېنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىپ ئاتايىن ئۆيگە كىرىپ: « قىزىم، ئۆيگە كىرىڭ، نېمە گېپىڭىز بولسا مەنمۇ ئاڭلاي» دەپ قىلمىغىنىم قالمىدى. سىزدىن كەلگەن خەتلەرنى ئەكىرىپ بېرىمەن، «خەت يېزىڭ بالام، قايتا ئوقۇڭ، كېلەر يىلى چوقۇم سىزمۇ بارىسىز» دەپ بېشىنى سىلىدىم. كېيىن مېنى كۆرسە ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا بىلەن مەنمۇ يەنە ئىزدىمىدىم.

ئانامنىڭ ماھىرەنى ئىزدەپ خەيرخاھلىق قىلغىنىنى ئەمدى ئاڭلاۋاتاتتىم. ئانامنىڭ مېنى دەپ دوستۇمنى ئىزدەپ كۆڭۈل بۆلگەنلىكى مېنى باشقىچە تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

— ئەجەب ئوبدان قىلىپسەن، نېمىلا دېيىلى ماھىرە كۆيۈنۈشكە، ياردەمگە موھتاج. ماھىرەنىڭ نەدىلىكىنى، ئادرېسىنى بىلسەڭ ماڭا خەۋەر قىلغىن، بولامدۇ، ئانا، ماڭا ۋەدە بەرگىن.

— ماقۇل، لېكىن دەرس تاشلاپ ماھىرەنى ئىزدەيمەن دەپ يۈرمەڭ. مانا مۇشۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسى شۇ قىزنىڭ ئەركە چوڭ بولغىنىدىن بولدى. بالا دېگەن بىر كۈندە چوڭ بولمايدۇ، ئارزۇلىدىم، دېگىنىنى قىلىپ چوڭ قىلدىم دېگەنبىلەن، بۇ دۇنيادىن بىر خىل ئۆتۈپ كەتكىلى بولامدۇ؟ ئانىسىدىن كېيىن قېلىپ، ئۆگەنگەن مىجەز بىلەن ئۇ ئۆيگە سىغمىدى. ئاتا - ئانا بولماق، بالا تەربىيەلىمەك ئاسان ئەمەس. بالىنى تۇغقان بىلەن، مىجەزىنى بىللە تۇغقىلى بولمايدۇ، كىچىك چېغىدا ئانا تەربىيەسى بىلەن يېتىلىدۇ بالا.

— كىچىك چېغىمىزدا ماھىرە بىلەن ئويناساق چىدىماسلىق قىلاتتى. بىز «ئۇنداق چىدىماسلىق قىلساڭ سەن بىلەن

ئوينىمايمىز» دېسەك كىرىپ ئانىسىنى باشلاپ چىقاتتى، ئانىسى: «قىزىمنى قوشۇپ ئويناڭلار» دەيتتى. بىز خىجىل بولۇپ بىللە ئوينايتتۇق. ئانىسى كىرىپ كېتەي دېسە يىغلاپ: «ياق، كىرىپ كەتمەيسەن، مۇشۇ يەردە كۆرۈپ تۇرىسەن، سەن كىرىپ كەتسەڭ مېنى قوشمايدۇ» دەپ ئانىسىنى قاراپ تۇرغۇزاتتى.

— ھە، ئەنە شۇنداق قىلىپ خۇيى يامان، جاھىل بولۇپ چوڭ بولدى. ئانا دېگەن باقمىغەندە ئەمەس. مانا ئانىدىن كېيىن قىلىۋىدى، ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلىپ تاشلىۋەتتى. ئۇ مىجەزنى ئانا كۆتۈرگەن بىلەن خەق ھەرگىز كۆتۈرمەيدۇ. قىز بالا دېگەن چىرايى بىلەن گۈزەل كۆرۈنمەيدۇ، مىجەزى، خۇي - پەيلى، پەزىلىتى بىلەن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قىز بالا ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئىش قىلىپ، گەپىنىمۇ سىلىق - سىپايە قىلسا تېخىمۇ لەۋەن كۆرۈنىدۇ. سىزمۇ بەك جىق گەپ قىلىسىز بەزىدە، تولا گەپ قىلغان ئادەم زىيان تارتىدۇ، گېپىنىڭ ئارىسىدا دېمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سالىدۇ، بۇ ئېغىزنىڭ دەرۋازىسى يوق، باشقىلارغا ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ، — دېدى ئانام يەنە ماڭا نەسىھەت باشلاپ.

— مەن نەدە جىق گەپ قىلىمەن، ئانا؟ — دېدىم خاپا بولۇپ.

— ئانا گەپ قىلغاندىكىن ھە دەپ ئاڭلاڭ، مۇشۇ ئېغىز غېرىچلىغىنىڭىزمۇ تولا گەپ قىلغىنىڭىز. ھەممە ئىش مۇشۇ ئېغىزدىن بولىدۇ. كېسەلمۇ ئېغىزدىن كىرىدۇ، ئېغىزدىن چىقىدۇ، ھەممە ئىشقا مۇشۇ ئېغىز سەۋەب بولىدۇ، شۇڭا بۇ ئېغىزنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. گەپنى ئويلاپ قىلىش كېرەك، ئەڭ ياخشىسى ئاز گەپ قىلىش كېرەك، ئاز سۆزلىگەن ئادەم ئاسان خاتالاشمايدۇ. «مۇشۇ گەپنى ئەجەب دەپ ساپتىمەن» دەپ پۇشايمان قىلغاندىن كۆرە، نېمە دېسەم بولار؟ دېسەم بولارمۇ، دېمىسەم بولارمۇ؟ دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرغان ئەۋزەل، ھەم بۇنىڭ پايدىسى بار. نەدىن گەپ قىلسا شۇ يەردە يورسە يېرىم چېلەك سۇدەك شالاقلايدىغان قىز ئىكەن دەپ قالىدۇ، بالام، — دېدى

ئانام.

— ۋاي، ماقۇل، ئانا، ھەممە سۆزنىڭ ئاخىرى ياخشى كېلىپ توختايدۇ ـ ھە، — دېدىم.

— بىر كۈنلەردە مۇشۇ سۆزلىرىمنىڭ پايدىسىنى كۆرىسىلەر. شۇ چاغدا ئانامنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆز ۋاقتىدا قۇلىقىمىزغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغانىدى، ئەسلىي توغرا دەپتىكەن، دەپ قالىسىلەر. ئاتا ـ ئانا دېگەن بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق ـ سوغۇقنى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى يەكۈنلەپ سۆزلەيدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئادەم ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ. «ئاتامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى، ئانامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى» دېگەن ناخشىدىكىدەك ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان ئادەم ھامان بىر كۈنى « ۋاي ئىسىت، ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمەن» دەپ پۇشايمان قىلىدۇ، بالام. ئاتا ـ ئانىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى يۈز ئىشنىڭ يەكۈنى، تەجرىبىسى، خۇلاسىسى، بالام. ئەقىللىق نەدىن ئۆگەندىڭ دېسە، ئەقىلسىزدىن دەپتىكەن. بۇ دېگەنلىك ئەقىلسىزنىڭ يامان ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلساڭ توغرا بولىدۇ دېگەنلىك، — دېدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، مۇرات بىلەن خەت ئالاقىمىز ماھىرەنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىش بىلەن ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. مەن مۇراتنىڭ ھەربىر پارچە خېتىنى يىغىپ ساقلاپ قويۇۋاتاتتىم. مۇراتنىڭ ۋاپادارلىقى، سەممىمىيلىكىدىن سۆيۈنەتتىم. ماھىرە بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىپ كۆڭلىنىڭ تىنچلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، يەنە تۇرۇپلا ئۇنىڭ يېنىدىكى ئېرىنى كۆرۈپ قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر دەپ ئويلاپ، بۇنىڭدىنمۇ ئەنسىرەپ قالاتتىم.

قىشلىق تەتىلگە ئاز قالغاندا مۇرات خېتىدە ماھىرەنىڭ خەۋىرىنى ئالغانلىقىنى، ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر شەھەردە ئىكەنلىكىنى، تەتىلدە ئۆيگە قايتماي ئىزدەپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يەك خۇش بولدۇم ھەم قانداق

تاپقاندۇ دەپ ھەيران قالدىم. مەن قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىپ بۇ خەۋەرنى ئانامغا دەپ بەردىم. ئانام:

— كۆڭۈلدە بولسىلا ئادەم ھامان تاپىدۇ ھەم تېپىشالايدۇ. ساۋاقداشىڭلار راست ئېسىل بالا ئىكەن. بۇ ئىرادە خېلى ـ خېلى ئوغۇللاردا يوق. خۇدايىم مۇشۇ ئەقىدىسىنىڭ ئەجرىنى بېرەر. ماھىرەدىن يانمىسىمۇ باشقا بىر قىزدىن بۇ ۋاپادارلىقنىڭ ئەجرىنى كۆرىدۇ، بۇ دۇنيادا ياخشىلىق ھەرگىز يەردە قالمايدۇ، — دېدى.

قىشلىق تەتىل توشقىچە «مۇرات ماھىرە بىلەن كۆرۈشكەنمىدۇ، نېمە ئىشلار بولغاندۇ؟» دەپ قىلمىغان خىيالىم قالمىدى. ئانامۇ مەندىن بەكرەك گېپىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. مۇراتنىڭ ساداقىتىنى ماختاپ ھارمىدى. تەتىلمۇ توشۇپ مەكتەپكە كېلىپ مۇراتنىڭ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەتنى ئالىي مەكتەپ چاقىرىق قەغىزىنى ئالغاندەك ھاياجان بىلەن تىترەپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ بىر پارچە خەت ئەمەس بىر تەسىرلىك سېنارىيەنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان مونولوگى ئىدى. كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ قانچە قېتىم تەكرار ئوقۇپ چىققىنىمنى بىلمىدىم. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

سالام ساۋاقداشىم گۈلچېھرە، ياخشىمۇسەن؟ تەتىلنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتتىمۇ؟ بىزنىڭ گۈزەل يۇرتىمىز ھەم قېرىنداشلىرىمىز ئامان ـ ئېسەنمىكەن؟ ئۆيۈڭدىكىلەرچۇ؟

مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، «غېرىب دەرلەر شۇ ئاتىمنى، كىمگە ئېيتاي مەن ھالىمنى، يالغۇز ئۇچقان بىر تورنا مەن، گاھ ئوتتا مەن، گاھ سۇدا مەن» دېگەندەك ھالدىمەن. سېنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن مەندىنمۇ بەك تىتىلداپ تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇڭا ئىچىمنى بىر بوشىتىۋالاي دەپ تەپسىلىي يېزىۋاتىمەن. كەيپىياتىمدىكى بۇ

www.uyghurkitap.com

نورمالسىزلىقنى، يازغانلىرىمنى توغرا چۈشەنگىن...

ماھىرەنى ئىزدەش ئىستىكى قوزغالغان شۇ كۈنىدىن باشلاپ، تاماقنىڭ ئورنىغا قۇرۇق نان يەپ، پۇل يىغىپ، پويىزنىڭ ئۆرە تۇرۇش بېلىتىنى ئېلىپ، مەن تۇرۇۋاتقان بۇ شەھەرگە ئانچە يىراق بولمىغان ماھىرە تۇرۇۋاتقان شەھەرگە باردىم. پويىزدىن چۈشۈپلا ماھىرەنىڭ ئىزىنى، ھىدىنى پۇراپ قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىمۇ بىلىنمىدى. ئۇ شەھەردىكى تەتىلدە قايتمىغان يۇرتداشلىرىمنىڭ مەكتىپىگە چىقتىم، ئۇلارمۇ مېنىڭ كېلىشىمنى بىلەتتى. مەن دەل شۇلارنىڭ ياردىمىدە ماھىرەنىڭ خەۋىرىنى ئالغانىدىم. دېيىشكىنىمىز بويىچە، مەن ھەرقايسى شەھەردىكى يۇرتداش ساۋاقداشلارغا خەت يېزىپ ماھىرەنى ئىزدىشىمگە ياردەم قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تەلەپ قىلغانىدىم. چىن قەلبىمدىن تىلىگەن بۇ ئارزۇيۇم ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ماھىرەنىڭ ئىزى دەل مەن تاپىلىغان باللارنىڭ بىرسىنىڭ قوشنىسى ئىكەن. بىر قېتىم ئۇلار بىر ئاشخانىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ چاغدا يېنىمدا ئىزى بولغاندىكىن دەپ ماڭا خەۋەر قىلماپتۇ. كېيىن ماھىرە يالغۇز ئۇچراپتۇ، ئىزىنى سورىسا قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكىنى دەپتۇ. شۇندىلا ئۇلار مەسلىھەت قىلىپ بۇ قىزنىڭ يامان يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ماڭا خەۋەر قىلىپتۇ. مەن ئۇلاردىن بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي چاقماق سوقۇۋەتكەندەك ئولتۇرۇپ كەتتىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇلار ماڭا بۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە ماھىرەنى مۇمكىن بولسا ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ ئەكېتىشىمنى ياكى يولغا سېلىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ باشپاناھسىز بىر قىزنىڭ بۇ شەھەردە يالغۇز تۇرۇشى ياخشى ئەمەس ئىدى. نېمىلا بولسۇن ئاۋۋال ماھىرە بىلەن كۆرۈشۈشۈم، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشىم كېرەك. شۇ كۈنى ماھىرەنى تېپىپ كۆرۈشتۇم، ئۇ جەريانىنى

يېزىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «سىزنىڭ ھامان ئىزدەپ كېلىشىڭىزنى بىلەتتىم» دېدى. دېمەك، ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ مەن بار ئىكەنمەن، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىمگە ئىشەنگەنىكەن.

ماھىرە مېنىڭ ئۆزىگە ئۈنسىز قاراپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ شۇنداق قاتتىق يىغلاپ كەتتىكى، پۈتۈن ھەسرىتىنى، ئەلىمىنى كۆز ياش بىلەن چىقىرىۋاتقاندەك، شۇ ياش بىلەن مېنىڭدىن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنى بەزلىمىدىم، يىغلىۋېلىپ يېنىكلەپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئالدىمدا ئولتۇرۇپ بوزلاپ يىغلاۋاتقان بۇ قىزنىڭ مېنىڭ پارتىدىشىم، ئىلگىرى كۆزلىرىدىن غەمسىزلىك، سەبىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان، قاقاھلاپ كۈلۈپ، تىنىم تاپماي يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان ئاشۇ ماھىرە بولۇپ قېلىشىنى ئارمان قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ سېرىق بويىۋالغان چاچلىرىنىڭ لېنتا چىگىۋالىدىغان، ئۇنى يېشىۋەتسەم ئۈمچىيىپ خاپا بولىدىغان ئاشۇ قارا چاچقا ئۆزگىرىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتاتتىم. مۇھىمى قايغۇ ـ ئەلەمگە تولۇپ كەتكەن يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىكى ئىسسىمىنىڭ، ئورنۇمنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلماقتا ئىدىم.

بىز كۆزلىرىمىز بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتۇق، تۇيغۇلىرىمىز بىلەن سىردىشىۋاتاتتۇق. ھەر ئىككىمىزنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز كەچمىشلەرنى سۆزلەپ دىل يارىمىزنى تاتىلىغۇمىز يوق ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن جىمجىتلىقنى مەن بۇزدۇم:

— ماھىرە، مېنى بىر دوستۇم، ساۋاقدىشىم، يېقىنىم دەپ بىلسەڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغىن، يۇرتىمىزغا قايتىپ كەت، مەن مەڭگۈ سېنىڭ يېنىڭدا، ھېچ يەردە سېنىڭ بوينۇڭنى قىسىپ قويمايمەن، ھاياتلا بولسام كۆزۈڭدىن ياش ئاققۇزمايمەن، ماڭا ئىشەنگىن.

— مەن سەن بىلىدىغان ماھىرە ئەمەس، ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا تىلىڭنى قىسىپ قويغۇم يوق. بۇ تۇغرۇلۇق قىلمىغان خىيالىم قالمىدى. پېشانەمگە بۇ مۇساپىرلىق، بۇ قىسمەت، بۇ بەختسىزلىك پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. يۇرتۇمدا مېنى كۈتۈۋاتقان كىم بار دەيسەن؟ مېنى باغرىغا باسىدىغان ئانام يەرنىڭ ئاستىدا، سېنىمۇ قىيىنىغىم يوق، — دېدى.

— مەن دېگەن ئوغۇل بالا، نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن. مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمە، قايتىپ كەتكىن. مېنىڭ ئويلىغىنىم، پىلانىم بار، — دەپ دېمىگەن، يالۋۇرمىغان سۆزۈم قالمىدى. ئۇ زادى ئۇنىمىدى. ئاخىرى قانداق ئۈمىد بىلەن بارغان بولسام، ئۇنىڭ ئەكسىچە شۇنداق ئۈمىدسىزلىك بىلەن قايتىپ كەلدىم. ساڭا ئۇنىڭ ئادرېسىنى ئەۋەتتىم. سەن خەت يېزىپ باققىن، مېنىڭ ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى دېگىن. نېمە بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، بۇنىڭغا چوقۇم ئىشەنسۇن. ماڭا، مۇھەببىتىمگە ئىشەنسۇن ...

مۇراتنىڭ بۇ خېتىنى ئوقۇپ تامغا يۆلىنىپ قالدىم، ماڭا ماھىرەنىڭ قىسمىتىدىنمۇ مۇراتنىڭ مۇھەببىتى بەك تەسىر قىلغانىدى. بۇنداق سادىق يۈرەكنى پەقەت كىنولاردا، كىتابلاردا كۆرەتتۇق. مانا ئارىمىزدا شۇنداق بىر يۈرەك بىز بىلەن بىللە ياشىماقتا. دېمەك، بۇنداق يۈرەكلەر يوق ئەمەس، بەلكى خېلى كۆپتۇ. لېكىن، بىز بىلمەيمىز، چۈشەنمەيمىز. شۇنداق بولغاچقا بۇ دۇنيا كىچىككىنە، ئارمانغا تولغاندەك بىزنى زارىقتۇرۇپ ھالسىراتماقتا.

مۇراتنىڭ بۇ خېتىنى ئانامغا ئوقۇپ بەردىم، ئانام كۆز يېشىنى تۇختىتالماي قالدى. ئېنىقكى، ئانام ماھىرە ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتاتتى.

— ئىسىت، چىرايلىق ماھىرە، ئانا دېگەن قىز بالا ئۈچۈن

شۇنداق مۇھىم، شۇڭا كونىلار «ئالتۇن باش داداڭ بىلەن قالغۇچە، پاخما باش ئاناڭ بىلەن قال» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

قانداق ئارزۇلۇق قىز ئىدى ـ ھە، بىزمۇ ئىچكىرىدە زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى قىلىدىغان بىر بالا ئەكېتىپتۇ، توي خېتىمۇ ئالماپتۇ دەپ ئاڭلىغان. يېقىندا تېخى بەك جىق زەھەر بىلەن تۇتۇلۇپتۇ، ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتكۈدەك، دەپمۇ ئاڭلىغان. راست ئىكەن ـ دە، شۇ بىچارە قىز كۆڭۈل دېدىمۇ ياكى مۇشۇ شەھەردىن يىراقراق تۇراي دېدىمۇ، كېتىپتۇ. ۋاي ئىسىت، ماھىرە. سىزچۇ، خەت يازدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يازدىم. ئۇ كۆڭۈل دەپ كەتمەپتۇ، مۇراتنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. بۇ يەردە تۇرسام، مۇرات ئىزدەپ كەلسە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن دەپ كېتىپتۇ.

— بۇ مۇراتمۇ بەك ئېسىل بالا ئىكەن. دادىسى ئانىسى بىلەن بىز پاراللېل سىنىپتا ئوقۇيتتۇق. دادىسى شۇنداق ۋاپادار ئادەم ئىدى. ئانىسى ئىككىسى مۇھەببەتلىشىپ، كېيىن دادىسى ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتتى، ئانىسىنى ئۆيىدىكىلەر بىر تۇغقىنىغا مەجبۇرىي تويىنى قىلىۋەتتى. بۇنى ئاڭلاپ دادىسى ئوقۇشىنى توگىتىپ يۇرتىغا كەلمەي، ئۇرۇمچىدە قېلىپ توي قىلىپتۇ، كېيىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. كەينىدىن بۇ يەردىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ، خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ مۇراتنىڭ ئانىسى بىلەن توي قىلغان، — دېدى.

— ۋاي ـ ۋۇي، ئانا، ئەجەب تەپسىلىي بىلىدىكەنسەن. دېمەك مۇراتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئىكەن ـ دە؟

— ھەممىمىز قۇرداش بولغاندىكىن ئاساسەن بىلىشىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزمۇ شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ قايتا جەم بولۇشىغا ھەۋەس قىلىپ بەخت تىلەپ سۆزلىشىپ كېتەتتۇق. يوللاردا، توي ـ تۆكۈنلەردە ئۇچرىشىپ قالساق ئىسسىق سالاملىشىپ كېتىمىز.

— ئەمىسە ماھىرەنىمۇ توغرا چۈشىنەر ئىكەن ـ دە. بىچارە

دوستۇم ئۇنى بىلمىگەچكە مۇراتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىماي قالسا تېخىمۇ ئازابتا قالماي، مۇراتنىمۇ ئىككى ئوتتۇرىدا سىقىپ قويماي دەپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ بۇ كونگە قاپتۇ ـ دە، ئۈستىگە، بۇرۇنراق دېگەن بولساڭچۇ؟

— ھېلىمۇ قايتىپ كەلسە بولمامدۇ؟ شۇ جاھىللىقى يەنە بار ئىكەن ـ دە؟ ئۆز يۇرتىدا يۈرسە بولمامدۇ؟ بىرى چالما دېسە، ئالما دەيدىغاندىن يەنە بىرى چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەنە ئىزدەپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭدىن چوڭ ئىش بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىن چوڭ بەخت بولامدۇ؟ يەنە خەت يېزىپ نەسىھەت قىلىڭ، قايتىپ كەلسۇن، — دېدى ئانام.

شۇنداق قىلىپ، ماھىرەگە بۇ ھەقتە تولا خەت يېزىپ كەتتىم، لېكىن ئۇ شۇ جاھىللىقى بىلەن قەتئىي ئۇنىمىدى. بىز ئىزچىل خەت ئالاقىسى قىلىپ تۇردۇق. ماھىرە خېتىدە تولاراق مۇراتنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى. مۇراتمۇ مەندىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ خەت يېزىپ ھارمىدى.

يىللار ئۆتۈپ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا ھەممىمىز خىزمەت ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، لېكىن ماھىرەنىڭ خېتىگە جاۋاب يېزىشنى زادى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئىككى شەھەردە بىر ـ بىرىگە زار بولغان، بىر ـ بىرىگە موھتاج بولغان ئىككى يۈرەكنىڭ ئوتى ئۆچمىگەنىدى، ھامان لاۋۇلداپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يۈرەك زارى مېنىمۇ ئېزىپ بىر يەرگە ئاپىرىپ قويىدى. ئۇلارنىڭ خېتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھېسسىيات ماڭا نىمىنىڭ سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ھەربىر قۇر، ھەربىر ھەرپتىن تەلمۈرۈپ تۇرغان ھىجران ماڭا ۋىسالنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ ئۇلگۇرمەيۋاتاتتى. ئاچچىق كۆز ياش بىلەن تولغان بۇ خەتلەر چامادىنىمنىڭ يېرىمىنى تولدۇردى. مېنىڭ چامادىنىم كىيىمىم بىلەن ئەمەس، ئىككى يۈرەكنىڭ سۆيگۈ نالىسى بىلەن ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. «ئاھ، كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ يىغانلىق سايرىشى... سىلەرنىڭ مۇھەببەتلىك ئاۋازىڭلار مېنىڭ

چامادىنىمدا، مېنىڭ يۈرەك قېتىمدا.» شۇنداق دەپ چامادىنىمنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئەتتىم. كۆڭلۈمدە ئۇلارنىڭ ھەرپلەرگە ئايلانغان يۈرەك تىۋىشىنىڭ مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كېتىشىنى ئارمان قىلماقتا ئىدىم ...

ئانامغا بۇ خەتلەردىكى سۆيگۈ ـ ھەسرەتنى ئازراق سۆزلەپ بەردىم. ئانام:

— مۇھەببەت ئىشەنچ ـ ساداقەت بىلەن ۋىسال تاپىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ سۆيگۈسى بەك يۈكسەك. مۇھەببەت شۇنداق بۈيۈك تۇيغۇ. ماھىرە ئەسكى قىز ئەمەس، ئۇنىڭ ئائىلە تەربىيەسى ئۇنى شۇنداق خاراكتېرى ئاجىز قىلىپ يېتىشتۈرۈپ قويغان. بالىلارغا زىيادە ئامراقلىق بەزىدە ئۇلارغا زىيانلىق بولىدۇ، كۆيۈنۈشمۇ يولىدا بولۇشى كېرەك. يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ بالىلىرىغا رەھىمسىزلەرچە ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىتىدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئوۋلىنىپ ئەمەس، ئوۋ ئوۋلاپ ياشىيالىشى ئۈچۈن. ماھىرە شۇ زىيادە كۆيۈنۈشنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان قىز. بىچارە قىز ئاۋۇ بالىنىڭ مۇھەببىتىگە ئۆزىنى لايىق كۆرمەي ئۆزىنىمۇ، ئۇ بالىنىمۇ قىيناپ كەپتۇ. بۇمۇ ماھىيەتتە بىر گۈزەل مۇھەببەت ... ۋاي ئىسىت، چىرايلىق ماھىرە، بىچارە قىز بەك دەرد تارتتى، جاپا چەكتى. دەردىنى ئېيتاي دېسە ھېچكىمى يوق، قىز بالىنىڭ ئاجىزلىقى دېگەن مانا مۇشۇ، كىشىنىڭ يۇرتىدا ئاسانمۇ؟ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئاللا بەختىنى بېرەر. مۇھەببەتنى قەدىرلىگەن ئادەمگە ھامان يار بولىدۇ. سەۋر ـ تاقەت كېرەك، ۋاقىت كېرەك، بىر كۈنلەردە مۇشۇ جاپاسىنىڭ راھىتىنى كۆرەر، ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ بېرەر خۇدايىم.

ئانام ماھىرەگە ئۇزاق دۇئا قىلدى.

مۇرات خىزمەت تەقسىماتىنىمۇ كۈتمەي ماھىرە بار شەھەردىكى بىر شىركەت بىلەن ئالاقىلىشىپ شۇ يەرگە كەتتى. ئۇنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگەنگىنى خەلقئارا سودا كەسپى ساياھەت شىركىتىنىڭ ئارزۇلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

كېيىن ماھىرەنىڭ خەۋىرىنى مۇراتتىن ئاڭلاپ تۇردۇم. ماھىرە بىر كېچىلىك كۇلۇبتا ناخشىچى بولۇپ ئىشلەپتۇ. مۇرات ھەرقانچە قىلىپمۇ ماھىرەنى يۇرتىغا ئەكېتىشكە كۆندۈرەلمەپتۇ. مۇرات خېتىدە مۇنداق يېزىپتۇ:

ماھىرە مەندىن ئىزچىل ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئۇ ناخشا ئېيتىدىغان كۇلۇبقا تالاي قېتىم باردىم، مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ شۇنچە يىراقتا ئولتۇرىمەن، ئۇ ناخشا ئەمەس ماڭا ھەسرىتىنى، مۇھەببىتىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك يۈرىكىم ئېرىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئېقىپ بارىدۇ. ئۇمۇ بۇنى سېزىدۇ. شۇنچە كۆپ ئادەم ئارىسىدىن كۆزى كۆزۈمنى تاپىدۇ. ھەيرانمەن، بىز كۆزىمىز بىلەن، يۈرىكىمىز بىلەن سۆزلىشىمىز، ئارىلىقىمىز شۇنچە يېقىن، يۈرىكىمىز شۇنچە يېقىن، لېكىن نەپەسلىرىمىز شۇنچە يىراق ... مۇشۇنداق چاغدا خەنزۇ شائىر گۇ چېڭنىڭ «يېقىن ۋە يىراق» دېگەن شېئىرى ئېسىمگە كېلىدۇ:

سەن
بىردە قارايسەن ماڭا،
بىردە ئايغا
ماڭا قارىساڭ يىراق كۆرۈنەر،
ئايغا قارىساڭ يېقىن بىلىنەر.

كۆڭلۈمنى قانداق ئىپادىلەشنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم...

بۇلار بىلەن تەڭ مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئېزىلىپ يۈردۈم. شۇ كۈنلەردە ماھىرەمۇ خەت يېزىشنى توختاتتى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ماھىرەدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە بىر ئوتتۇرا شەرقلىق ئەرەب سودىگەرگە ياتلىق بولغانلىقىنى،

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۆلىتىگە چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، رەسمىيەتلىرىنىڭ پۈتكەنلىكىنى، بۇ خېتى تەگكەندە بەلكىم چېگرادىن چىقىپ بولىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. خەتنى ئوقۇپ بېشىم پىرقىراپ كەتتى، قايتا ئوقۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم.

دەرھال مۇراتقا خەت يازدىم. مۇرات جاۋاب خېتىدە بۇنىڭ راستلىقىنى، شۇنچە تىرىشچانلىقىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى، بەك ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، لېكىن ماھىرەنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خاتىرجەم ئەمەسلىكىنى يېزىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭمۇ ماھىرەنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان، كۆڭۈلسىز ئەسلىمىسىنىڭ ئىزنالىرى قالغان بۇ يەردىن كېتىشنى، ياۋروپاغا چىقىپ كېتىشنى قارار قىلغانلىقىنى، چەت ئەل تىلى ئىمتىھانىغا قاتناشقانلىقىنى يېزىپتۇ.

ئۇلارنىڭ كىمگە، نېمىگە قېيداۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتاتتىم، مەنمۇ تولا ئويلاپ چارچىدىم. ئاخىرى ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن بەخت تىلەپ، سېغىنىپ ئەسلەپ قالدىم.

كېيىن ئانام بىلەن پات ـ پات ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ قوياتتۇق. ئانام ماھىرەدىن ئەندىشە قىلاتتى، بىر ئامال قىلىپ خەۋىرىنى ئېلىشىمنى ئېيتاتتى. مەنمۇ ئامالىمنىڭ بارىچە تىرىشتىم، لېكىن خەۋىرى بولمىدى. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندە مۇرات كەلدى.

مۇراتنى كۆرۈپ كەينىدىن ماھىرە كېلىپ قالىدىغاندەك شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئىككىمىز بىر قەھۋەخانىدا ئولتۇرۇپ قىزغىن مۇڭدىشىپ كەتتۇق. مۇرات ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئۇتۇقلۇق ئوقۇش، خىزمەت جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. مۇھەببەتكە سادىق ئادەم ئەلۋەتتە ھەممىگە شۇنداق ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، سادىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ شان ـ شەرەپلىرىنى ئاڭلاپ، ساۋاقداشلىقنىڭ يۈكسەك بىر مېھرى بىلەن سۆيۈنۈش ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتىمنى توختىماي ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كېتىپتىمەن.

بىر پەستىن كېيىن ئارىمىزنى سوغۇق بىر جىمجىتلىق باستى. قەھۋە ئىستاكانىدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ مۇراتقا قارىدىم. ئۇ ۋىلكا بىلەن داستىخاننى كۇچ بىلەن قىرىپ ئولتۇراتتى. ئىككىلىمىز ماھىرەنى ئەسلەۋاتاتتۇق. ئۇ ھەققىدە نەدىن سۆز باشلىشىمىزنى بىلمىگەندەك، بىلسەكمۇ بىر ئاچچىق ئۆتمۈشنىڭ يۈرىكىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئازابلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەندەك مۇرەككەپ بىر ھېسسىيات ئىچىدە ئۆرتىنەتتۇق.

— ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن ـ ھە؟ بىردەمدىلا سىلەرنىڭ چىقىپ كەتكىنىڭلارغىمۇ سەككىز يىل بوپتۇ، — دېدىم ماھىرەنىڭ گېپىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ.

— شۇنداق، سەككىز يىل بوپتۇ. بىر قارساڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكەندەك، بىر ئويلىسام سەكسەن يىل ئۆتۈپ، كەچمىشلىرىم مېنى بوۋاي قىلىپ قويغاندەك بولىمەن. مەن ئىشلەيدىغان شىركەت خەلقئارالىق بىر تېلېگراف شىركىتى، ھەرقايسى دۆلەتتە تارماق شىركەتلىرى بار. كېيىن مەن ئەرەب تىلى ئۆگەندىم، ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرگىمۇ چىقتىم ...

مۇرات بۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا كۆز چاناقلىرىم ئىختىيارسىز ياشقا تولدى. بۇ ياش ئازاب يېشى ئەمەس ئىدى. ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ سادىق قەلبكە، بۇ پاكىز ۋاپادار يۈرەككە بولغان چەكسىز ھۆرمەتتىن تۆكۈلۈۋاتقان مىننەتدارلىق يېشى ئىدى.

ئاھ مۇھەببەت، سەن قانداق قۇدرەتلىك، قانداق بۈيۈك تۇيغۇ سەن. سەن ئۇچۇن پەرھاتتەك يىگىتلەر تاغلارنى تالقان قىلغان، سەن ئۇچۇن تالاي قىز ـ يىگىت ھىجران ئوتلىرىدا كۆيگەن، سۆلىرىدا ئاققان، سۆيۈپ سۆيۈلمىگەن، سۆيۈلۈپ سۆيمىگەن ... ئاھ مۇھەببەت، ساڭا تەبىر بېرىشكە ئاجىزمەن. مانا ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ يۈرەك «ئاشىققا باغداد يىراق ئەمەس» دەپ سەن ئۇچۇن شەھەر ئاتلاپ، دۆلەت ئاتلاپ، قىتئە ئاتلاپ يەنە ۋىسالىغا يېتەلمەي ئارمان بىلەن پۇچىلىنىپ ئولتۇرماقتا. سەن نېمىدېگەن

رەھىمسىز، سەن يەنە قانداق جەلپكار ...
مۇراتقا قاراپ ئۇنسىز ئولتۇراتتىم، ئۇ كۆز ياشلىرىمنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى بولغاي، بىر تال تاماكا چىقىرىپ، مەندىن چېكىشكە رۇخسەت سورىدى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ كۈچ بىلەن شورىدى.
— بىر رۇسچە ناخشا بار «تاماكىنىڭ تۈتۈنى» دەپ، تاماكىنىڭ تۈتۈنىدىن خىيالىدىكى سىيمانى ياساپ چىقىدىغان، — دېدىم.
— مۇشۇ ئىستىمۇ ماھىرەنىڭ سىيماسى بار، ئۇ ھەر كۈنى مەن بىلەن بىللە. دېمىسەممۇ بىلىسەن، مەن بۇگۈنگىچە ماھىرە ئۈچۈنلا ياشىغاندەك ياشاپ كەلدىم. ئۇنى خىيال قىلمىغان، ئەسلىمىگەن بىر كۈنۈم، بىر مىنۇتۇممۇ يوق. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن پىلانىم، ئاتا - ئانامنىڭ ئارمانىغىمۇ قارىماي ماھىرەنىڭ كەينىدىن ئىچكىرىگە كەتتىم، ئۇ يەردىنمۇ ئاچچىقىمدا ياۋروپاغا چىقىپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەي ئۇ ياشاۋاتقان دۆلەتكە بېرىپ ئىشلىدىم. بەزىدە ئۆزۈمگە شۇنداق ئاچچىقىم كېلىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمدىن نومۇس قىلغاندەكمۇ بولىمەن، لېكىن بۇمۇ ئىختىيارىم ئەمەس، ئۇنتۇي دەپمۇ زادى ئۇنتۇيالمىدىم، ئۇنتۇيمەن دەپ يەنە ئەسلەيمەن.
— ئۇنداق دېمىگىن، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن ياشىشىڭ ئۆزۈڭنى ھۆرمەت قىلغىنىڭ، مۇھەببىتىڭنى ھۆرمەت قىلغىنىڭ، ماھىرەمۇ سېنى ئۇنتۇيالمىدى، ئۇ سېنى سېنىڭدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇ مۇھەببەتكە ئۆزىنى لايىق كۆرمىدى، ۋىجدانى كۆتۈرمىدى. ئۇمۇ سېنى كېچە - كۈندۈز ئەسلەپ، سېغىنىپ يۈرگەچكە سېنىڭ قەلبىڭدىن چىقىپ كېتەلمىدى. مېھىر مېھىرنى ئويغىتىدۇ، تۇيغۇلار تېپىشالايدۇ، سىردىشالايدۇ دېگەن دەل مۇشۇ گەپ. سىلەرنىڭ تۇيغۇڭلار دائىم بىللە، شۇڭا ھەر ئىككىڭلارنى ئارامىڭلاردا قويمايدۇ، لېكىن مۇرات، ئەمدى رېئاللىققا قايتىپ

كەلگىن.

— مەنمۇ شۇنىڭغا تىرىشىۋاتىمەن، يېقىندا توي قىلىمەن، شۇنىڭغا كەلدىم.

— نېمىدېگەن ياخشى، مۇبارەك بولسۇن. قاچان؟

— كېلەر ھەپتە.

— مەن ساۋاقداشلارغا خەۋەر قىلىۋېتەي. مۇرات، ماڭا ماھىرەنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگىن، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلماي دەپ سورىمىدىم. ئەمدى تويمۇ قىلىدىكەنسەن، خۇشال بولدۇم، مېنىڭ ماھىرەنىڭ تۇرمۇشىنى بەك بىلگۈم بار.

— ماھىرە ھەقىقەتەن باي بىر نېفىت سودىگىرىگە توقال بولدى. ئۇ سودىگەر ئىچكىرىگە كەلگەندە، شۇ كۇلۇبتا تونۇشۇپ قاپتىكەن. مېنىڭمۇ شۇ شەھەرگە كەلگىنىمنى بىلگەندىن كېيىن، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ شۇنداق قىلىپتۇ. كېيىن ماڭا خەت قالدۇرۇپ بۇ ئەھۋاللارنى دېدى. مەن بەش يىلدىن كېيىن ماھىرە ياشاۋاتقان دۆلەتكە كېلىپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. كېيىن كۆپ ئويلاپ، ئۆزى خالاپ تاللىغان يول بولغاندىكىن نېمىلا بولسۇن، تارتقان ئاشۇ جاپالىرىغا بۇ راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ، دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.

— لېكىن مۇرات شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ئۇ راھەت ئىچىدىمۇ سەنسىز بەختلىك ئەمەس. ئۇ سېنى ئۆلسىمۇ ئۇنتۇمايدۇ، ماڭا يازغان خەتلىرىدە بۇنى داۋاملىق دەيتتى. مۇھەببەت دېگەن شۇنداق خىيالدىلا، ئارماندىلا قالىدىغان تۇيغۇ بولسا كېرەك. ئۇ ۋىسالىغا يېتەلمىگىنى ئۈچۈن شۇنداق گۈزەل بولسا كېرەك. «مۇھەببەت باشقا، نىكاھ باشقا» دەيدىكەن. مېنىڭچە، ماھىرە نىكاھتىن ئىبارەت بىر مەسئۇلىيەت بىلەن ياشاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ سېنىڭ شۇ دۆلەتتە ئىكەنلىكىڭنى بىلدىمۇ؟

— بىلدى، بىز توردا پاراڭلاشتۇق. ئۇ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، خاتىرجەملىكىنى دېدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاڭلاپ



www.uyghurkitap.com

تۇرغاندىكىن، خاتىرجەم بولۇپ ياۋروپاغا قايتىپ كەتتىم. مانا تويمۇ قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن.
— ماھىرەنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ، ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلاپسەن ـ دە؟ بۇ خىل مۇھەببەتنى كىنولاردا كۆرەتتۇق. مۇرات سەن بەك ياخشى جۇمۇ، دېمىسىمۇ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ خۇشاللىقى، بەختىنى كۆرۈشمۇ ئوخشاشلا بەخت ئەمەسمۇ؟ مەنلا ئېرىشىشىم كېرەك، مەن ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن باشقىلارمۇ ئېرىشەلمىسۇن دەيدىغان ئىدىيە بىزدە ئېغىر. ئىنسان ئەسلىدىلا شەخسىيەتچى، لېكىن مۇھەببەت ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك، ئۇ سەندەك يۈكسەك پىداكارلىق ھېسسىياتىغا تويۇنغان بولسا ئاندىن بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئەسلىنىدۇ ...
ماھىرەنىڭ تۇرمۇشىنى ھېلىدىن ـ ھېلى، يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سوراپ، سۆزلىگۈدەك ھېچ يېرى قالمىغاندا ئىككىمىز خوشلاشتۇق. ئۆيگە كېلىپلا بۇ ئىشلارنى ئاغزى ـ ئاغزىمغا تەگمەي ئانامغا سۆزلەپ بەردىم.
— قارا، ئانا، ماھىرەنىڭ ئېرىنىڭ شەخسىي ئايروپىلانى بار ئىكەن، چوڭ نېفىت ماگناتى ئىكەن، ياۋروپادا دەم ئالىدىغان ئىستىراھەت باغچىلىرى، داچىلىرى بار ئىكەن، ماھىرەمۇ خانىشلاردەك ياشايدىكەن...
— دۇنيادا بەش غايىب ئىش بولىدۇ، يەنى ئەجەل غايىب، رىزىق غايىب، نىكاھ غايىب، سەپەر غايىب، مېھمان غايىب. مانا ماھىرەنىڭ تارتقان جاپالىرىنىڭ راھىتىنى بېرىپتۇ، نىكاھ دېگەن شۇنداق نەرسە، رىزقى قوشۇلمىسا بىر يەردە تۇرۇپمۇ ئۇچرىشالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ، رىزقى قوشۇلسا دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدىن كېلىپ تېپىشىدىغان گەپ. نېمىلا بولسۇن ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان ئىكەن. باي بولمىسىمۇ خاتىرجەم بولسىلا بەخت دېگەن شۇ، بالام. مۇرات دېگەن ساۋاقداشىڭلار ھەقىقەتەن ئېسىل بالا ئىكەن، مەيلى ياخشى كۆرسۇن، مەيلى

www.uyghurkitap.com

ساۋاقدىشىم دەپ بىلسۇن مۇھەببىتىنى قەدىرلەپ چىگرا ئاتلاپ، ماھىرەنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ، خاتىرجەم بولۇپ ئەمدى توي قىلىدىكەن، بۇنداق پىداكارلىقنى ھەممە ئوغۇل بالا قىلالمايدۇ. ماھىرە شۇنداق بەختلىك قىز ئىكەن، بىر يۈرەكتە ئۇنداق ياشىماقمۇ ئاسان ئەمەس. ئاللا ئۇ بالىنىڭمۇ بەختىنى بېرەر. نېمىنى قەدىرلىسە شۇنى بېرىدۇ، ئەقىدە يەردە قالمايدۇ. سەن ئۇنىڭغا قىلساڭ، ساڭا سېنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ قىلىدىغاندىن بىرسى چىقىدۇ. ياخشىلىق شۇ ياخشىلىق قىلغان ئادەمدىن ئەمەس، باشقا ئادەمدىن يانىدۇ، — دېدى.

مۇرات توي قىلىپ، شۇ قىزنى ئېلىپ ياۋروپاغا كەتتى، بىز تور ئادرېسلىرىمىزنى قالدۇرۇشتۇق، ماھىرەنىڭ ئادرېسىنىمۇ ئېلىۋالدىم. مۇرات ماڭا:

— ئەمدى ماھىرەنىڭ ئەھۋالىنى سەندىن بىلىپ تۇرىمەن، پەقەت ساۋاقدىشىم سۈپىتىدە ئەسلەيمەن، مېنىڭدىن سالام دېگىن، — دېدى.

سۆيگەن ئادىمىنى ساۋاقدىشىم دەپ ئەسلەش تامامەن مۇمكىن. دېمىسىمۇ بىز ساۋاقداش - دە، لېكىن يۈرەكتىكى ئورۇننى ئالماشتۇرۇش ئۇنچە ئاسان ئىشمۇ ئەمەس. مەن مۇراتنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندىكى كۆزلىرىگە دىققەت قىلدىم. مۇرات ئېسىل يىگىت، ئۇ تۇرمۇشنىمۇ يەنە شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن بەخت قويnىغا ئېلىپ ماڭالايدۇ. ھاياتتا بىر ئادەمنىڭ كىچىككىنە ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ تەبىرى بولۇپ قالالايدۇ، ئاددىي ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسا چوڭ ئىشلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولىدۇ. «مۇرات بەخت ساڭا يار بولسۇن، بىزگىمۇ ھەم» دەپ مۇراتنى ئۇزىتىپ قويدۇق.

ماھىرە بىلەن ئىلخەت ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇردۇق، ئۇنىڭغا مۇراتنىڭ توي خەۋىرىنى دېگۈم كەلمىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ماھىرە ئۈچۈن خۇش خەۋەر ئەمەس، ئۇنىڭ زېدىلىنىپ ئەمدى

ياخشىلىنىۋاتقان يۈرىكىنى يەنە ئاغرىتقۇم كەلمىدى.

ماھىرە تۇرمۇشنىڭ ياخشى، خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى، چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن ئوردىدەك ئۆيدە خانىشتەك ياشايدىغانلىقىنى، لېكىن قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرگەن كۈنلەرنى زادى ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمەيۋاتقانلىقىنى، دائىم پەرىشان ۋە خىيالچان يۈرىدىغانلىقىنى، بۇ كۆڭۈل يېرىملىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ تولدۇرالمايۋاتقانلىقىنى يازاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئېرى بىلەن قارا دېڭىزغا، شىۋېتسىيەگە ساياھەتكە بارغانلىقىنى، شۇ يەردىن كېلىپمۇ كەيپىياتىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكى، سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى بولمايۋاتقانلىقى، نېمە يېسە ياندۇرۇپ، تاماق سىڭمەيۋاتقانلىقى، شۇ سەۋەب مۇددەتتىن بۇرۇن قايتىپ كەلگەنلىكىنى يازدى.

بۇ خەۋەرنى ئانامغا دېدىم، ئانام:

— روھ دېگەن شۇنداق مۇھىم. ماھىرە ئالتۇندىن تاج كىيىپ ئوردىدا ياشىسىمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمىسا ھەممىسى بىكار. ئۇ قىز يەنە شۇنداق جاھىل ئىكەن، يۇرتىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىنى، دادىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، دوستلىرىنى سېغىنىدۇ. قايتىپ كەلگۈسى، كۆرگۈسى كېلىدۇ، ۋەتەن دېگەن ۋەتەن ـ دە، شۇ ئوتمۇ قىينايدۇ، — دېدى.

— كەلگىن دېسەم «كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلىرىمنى ئەسلىگۈم يوق» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېرى يېشى چوڭراق ئادەم ئوخشايدۇ، ئۇ ئادەم يالغۇز يولغا سېلىپ قويمايدىكەن، بىللە كېلىشنى ماھىرە خالىمايدىغان ئوخشايدۇ.

— «تاغ يۆتكەلدى دېسە ئىشىنىڭلار، ئادەمنىڭ مىجەزى ئۆزگەردى دېسە ئىشەنمەڭلار» دەپ، بۇ قىزنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان مىجەزى يەنە بار ئىكەن ـ دە، ئۇنداق قىلسا كېسەل بولىدۇ، تاماق سىڭمىگىنى ئاشقازانىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ھەممە كېسەل روھىي بېسىمدىن، روھىي چۈشكۈنلۈكتىن، ئۈمىدسىز خىيالنى كۆپ قىلغانلىقتىن بولىدۇ، ھەممىنى

كەينىگە تاشلاپ يېغىدىن دۇنياغا كەلدىم دەپ ياشىسۇن. گەپ قىلىدىكى، كەلسۇن، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، تۇغقانلىرىمۇ گېپىنى قىلىدۇ، بىزمۇ سېغىندۇق، ئالدىمىزدا چوڭ بولغان ئەمەسمۇ؟ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىسا ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى تىنچلىنىپ قالىدۇ، — دېدى ئانام.

ئانام دېگەندەك مەزمۇندا توردا نەچچە پارچە خەت يازدىم، ھېچ جاۋابى كەلمىدى. ھەر كۈنى نەچچە ۋاخ كومپيۇتېرىمغا قارايمەن، يەنە جاۋابسىز. ئارىدىن ساق بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ماھىرەدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم.

ماھىرە خېتىدە ئاشقازىنى ئاغرىپ بولالماي ئامېرىكىغا بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى يېزىپتۇ.

يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، نېمە دەپ خەت يېزىشىمنى بىلمەي ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم، قانىتىم بولسا ئۇچۇپ بارغۇم كېلىپ كەتتى. كۆڭلۈم يامان خىياللارنىمۇ قىلىپ ئۆلگۈردى. ئۆزۈمنى سەل توختىتىپ خەت يېزىپ قايتىپ كېلىشىنى يەنە ئۆتۈندۈم.

ئەتىسى ماھىرە جاۋاب خەت يېزىپتۇ، دېمەك بىر نەرسىگە ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ خېتىدە، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ياخشىلىنىش بولمايۋاتقانلىقىنى، كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مۇراتقا ئەھۋالىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى، مۇمكىن بولسا ئايالى بىلەن كېلىپ كۆرۈشۈپ كېتىشىنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپتۇ.

بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ قورقۇپ تۈۋلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. دېمەك، ماھىرە مۇراتنىڭ توي قىلغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بىچارە دوستۇم شۇ سەۋەبتىن ئاغرىپ قالغاندىمۇ؟ بۇ خەۋەرنى يىغلاپ تۇرۇپ ئانامغا سۆزلەپ بەردىم. ئانامنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە:

— يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ، دەپ بىچارە قىز ئەجەب كۈنلەرنى كۆردى، كېسەلنى بەرگەن خۇدا داۋاسىنىمۇ بىللە بېرىدۇ، شىپالىق تېپىپ قالار. مۇراتقا خەۋەر قىلىڭ، ئايالىنى ئېلىپ بارسۇن، ئۆزى بارسا ئېرى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن، — دېدى.

شۇ كۈنلا ئىلخەتتە مۇراتقا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدۈم، ئەتىسى سەھەردە قوپۇپلا ئىلخەت ساندۇقۇمدا ماھىرە ۋە مۇراتتىن كەلگەن ئىككى پارچە خەتنى تەڭلا كۆردۈم. ئاۋۋال ماھىرەنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇم، ئۇ مۇراتنىڭ يولىغا قاراۋاتقانلىقىنى، چوقۇم كېلىشىنى، ئېرىگە ئەر ـ ئايال ساۋاقدىشىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى دېگەنلىكىنى، كۈتۈۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ.

مۇراتنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇم. ئۇ بۇ خەۋەردىن بەكلا چۆچۈپ كەتكىنىنى ھەم ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى، ۋىزا ئېلىشقا ئىلتىماس قىلغانلىقىنى، چىقسىلا بارىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ماھىرەگە يەتكۈزدۈم، ئەمدى كۆڭلىرىم تېخىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە كەچكىچە كومپيۇتېردا خەت كۈتۈش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى، مېنىڭدىن بەك ئانام تىتىلداپ يۈرەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ مۇرات ۋىزا ئالغانلىقىنى، بۈگۈن يولغا چىقىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئارقىدىن ئۇلار بىلەن بىر ھەپتىگىچە ئالاقىلىشەلمىدىم. تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالمىغىنىمدىن شۇنداق پۇشايمان قىلدىم. كېچە ـ كۈندۈز خەۋەر كۈتۈپ، كەچكىچە ئۇلارنىڭ خەت ساندۇقىغا خەت يېزىپ تولدۇرۇۋەتتىم. توققۇزىنچى كۈنى مۇراتتىن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

سالام ساڭا، مەن ماھىرەنى ئۇزىتىپ قويۇپ كەلدىم، يۈرىكىم تەڭ ئۇنىڭ يېنىغا كۆمۈلۈپ قالدى... مەن ماھىرەنى باشقا بىر دۇنياغا ئۇزىتىپ كەلدىم، بىلەمسەن؟ ئۇنى چوڭقۇر يەر قويىنىغا ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلىپ قويۇپ كەلدىم.

ئۇنى سوغۇق يەر ئاستىغا كۆمدۇم، يەنە ئۆز قولۇم بىلەن ئۇستىگە توپا چاچالىدىم، مەن ھەممىنى قىلالىدىم، يەنە قايتىپ كېلەلىدىم، يەنە ئولتۇرۇپ ساڭا بۇ ئىشلارنى يېزىۋاتىمەن ...

ماھىرە ئاشقازان راكى دەپ ئامېرىكىدا ئوپېراتسىيە قىلىنىپتۇ، كېيىن راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ تارقىلىشى ئويلىمىغان يەردىن تېزلىشىپ كونترول قىلىش مۇمكىنچىلىكى قالمىغاندىن كېيىن، ئاللادىن كەلگەنگە بىزدە چارە يوق دەپ، ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن مېنى كۈتۈشۈپتۇ. ئۇ مېنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك، قانچە كۈن كۆزىنى ئاچمىغان ھالەتتىن يېنىمغا كەلسەم ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى مېنى تەستە تونۇپ ئازراق نۇرلاندى ۋە پەس ئاۋازدا: «كېلىشىڭىزنى بىلەتتىم، ئاخىرى كەلدىڭىز، يۇزۇمنى بىزنىڭ ۋەتەن تەرەپكە قارىتىپ قويۇڭ» دېدى. مەن دەرھال ئېرىگە قارىدىم، ئۇنىڭمۇ يىغىدىن ئىششىغان كۆزلىرى پىلدىرلاپلا قالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ سۆزنى تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، ئەرەب تىلىدا «ئارزۇسىغا يەتكۈزەيلى، ئاللا ئاسانلىق بەرسۇن» دېدى. مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ماھىرەنى يۆلەپ يۈزىنى ۋەتەن تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزدۇم، ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ يەنە كۆزىنى ئاچتى ۋە ماڭا قاراپ: «يەرلىككىمۇ سىز قويۇڭ، يۈزۈمنى يەنە ۋەتەن تەرەپكە قارىتىپ قويۇڭ» دېدى ۋە ئېرىگە قاراپ ئەرەب تىلىدا خاتىرىنى ماڭا بېرىشىنى، ۋەتەندىكى دوستىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىمنى دېدى. ئېرى دەرھال يانىدىكى تارتمىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ماڭا بەردى، كۆز ياشلىرىمنى زادىلا توختىتالمىدىم، يۈزۈمنى ئېتىپ ھەممىنى ئۇنتۇپ يىغلاپ كەتتىم، ئايالىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ تىنىقى توختىدى... شۇنداق قىلىپ، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدىم. ئايالىمغا ماھىرەنىڭ «يۈزۈمنى ۋە-

تەن تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزۇڭلار» دېگەن سۆزى بەك تەسىر قىلىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېتەيلى، نېمە كۆرسەك ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىدە كۆرەيلى دەپ ئولتۇرىدۇ.

ماھىرەنىڭ خاتىرىسىنى كۆردۈم، ئۇ ماڭا بېغىشلاپ يازغان كۈندىلىك خاتىرىسى ئىكەن. ئۇنى تولا ئوقۇپ ماڭا ياد بولۇپ كەتتى. كېلەر يىلى بارغاندا دېگىنى بويىچە ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. شۇنىڭغىچە ئۇنىڭ بىرنەچچە خېتىنى يېزىپ ئەۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ. بۇ خەتلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش، يېزىش بۇ كۈنلەردە ماڭا تەسەللىي بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئىش...

خەتنى مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇپ ئۆزۈمنى تاشلاپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتىم. ئانام كىرىپ نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ ماڭا قوشۇلۇپ يىغلىدى. مەن مۇراتنىڭ خېتىنى ئانامغا ئوقۇپ بەردىم، ئاناممۇ ماھىرەنىڭ «يۈزۈمنى ۋەتەن تەرەپكە قارىتىپ قويۇڭلار» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى:

— جېنىم بالام، مېنى رازى بولسۇن دېسىڭىز ھەرگىز چەت ئەلدە ياشايمەن دېمەڭ، خان ئوردىسىدا مەلىكە بولسەن دېسىمۇ ئۇنىماڭ، جېنىم بالام. مانا كۆرۈۋاتىسىز، بىچارە قىز ھېچبىر تۇغقىنى يوق يات بىر ئەلدە قالدى، رەھمەتلىكنىڭ قەبرىسىمۇ مۇساپىرنىڭ قەبرىسى بولۇپ غېرىبسىنىپ قالىدىغان بولدى. چىقىپ دۇئا ئوقۇپ يوقلاپ كىرىدىغان يا بىر بالىسى يوق، يا بىر تۇغقىنى، كەلگۈسىدە تۇپرىقىنىڭ ئىزىمۇ قالمايدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئانام ماڭا چەت ئەلدە ياشاپ قالماسلىق ھەققىدە دائىم نەسىھەت قىلىدىغان بولدى.

بىر كۈنى مۇراتتىن كەلگەن بىر پوسۇلكىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭدا ماھىرەنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى بىلەن بىر پارچە خەت بار ئىكەن. خەتتە مۇرات بۇ خاتىرىنى كۈندە كۆرۈپ تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئايالىنىڭمۇ ھەممە ئىشنى

بىلگەنلىكىنى، شۇ كۈنلەردە ماھىرەنى ھەر كۈنى چۈشەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، چۈشىدە شۇ خاتىرىنىڭلا گېپىنى قىلىدىغانلىقىنى، ئاخىرى خاتىرىنى ماڭا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ روھىنى ئەمىن تاپتۇرغۇسى كېلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى يېزىپتۇ.

ئانام بۇنى ئاڭلاپ:

— روھ تىنچ ياتمايدۇ، كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگىنىمىز بىلەن ئۇلار بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرىمىش. مۇراتنىڭ خاتىرە ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ماھىرەنىڭ روھى قورۇنۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، خاتىرجەم ياتالمىغان گەپ، — دېدى.

خاتىرىنى شۇ كېچىسىلا ئۇخلىماي ئوقۇپ چىقتىم. ماھىرە ئەسلىدىنلا ئەقىللىك، ياخشى ئوقۇغان قىز ئىدى. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى، ئەدەبىياتقا قىزىقاتتى. خېلى يىللار بۇرۇن يېزىشقا باشلىغان بۇ خاتىرىگە ئۇنىڭ پۈتۈن ھېس - تۇيغۇلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، مۇھەببەت ئازابلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، سەممىيەت، چىن ھېسسىياتلاردىن زىبدىلەنگەن بىر يۈرەكنىڭ ھەسرەت ئىچىدە ئىڭراپ تۇرغان سۆيگۈسى نالە قىلىپ تۇراتتى.

ماھىرەنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە ئۆزىنىڭ كۆل قىز تەقدىرىدەك كەچۈرمىشى تولىمۇ تەسىرلىك، چىن ھېسسىياتلار بىلەن يېزىلغانىدى. ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئائىلىدە ئىللىقلىققا ئېرىشەلمەي، ئىچكىرى ئۆلكىگە كىرىپتۇ، ئۇ يەردە ئوتتۇرا شەرقلىق بىر سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ. گەرچە باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، قەلبىدىكى سېغىنىش، ۋەتەنسىراش، يۇرتسىراش ئازابىدا كۆڭلى تويۇنمايلا ياشاپتۇ. ئۇ يەردىكى ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئۇنىڭغا تەسەللى بولالماپتۇ، ئاخىر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ، ئېرىمۇ بەك كۆيۈنۈپ ياخشى داۋالىتىپتۇ، لېكىن ئەجەل ئۇنى مۇساپىر ئەلدە ئانىسىنىڭ

قېشىغا ئېلىپ كېتىپتۇ...

خاتىرىنىڭ كۆپ قىسمى شەخسىي سىر دائىرىسىدە بولغاچقا ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. شۇنداقتىمۇ، مۇشۇ قىسقا قۇرلاردىن دوستۇمنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىنى، ئازابلىق تۇرمۇشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىنولاردەك، چۆچەكلەردەك بىلىنىدىغان دوستۇمنىڭ بۇ قىسمىتى ئانامنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى: «راستىمىدۇ، بالام»، «راست شۇنداق بولغانمىدۇ» دەپ قايتا ـ قايتا سوراپ كېتەتتى:

— ماھىرەنىڭ جاھىللىقى بىرمۇنچە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جاراھەت قىلىپتۇ. بىر ئىشنى بەك زىغىرلاپ كەتسىمۇ ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ. بىچارە مۇراتمۇ ئۇنى ئۇنتۇيالماپتۇ، ماھىرە ئۇنىڭدىن كۆپ ئازاب چېكىپتۇ. ھېلىمۇ ئىېرى بۇ خاتىرىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمايدىكەن، ئوقۇپ قالسا ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولار ئىدى. شۇ بىچارە قىزنى چوك قىلغان، كېيىن ئۆگەي ئانا بولغان ئاشۇ ئايالمۇ ماھىرەنى خارلاپ ئۆزىمۇ ياخشى كۈن كۆرمىدى. مۇرات دېگەن ساۋاقدىشىڭلارمۇ بەك ياخشى بالا ئىكەن، ماھىرەنى دەپلا ياشىغاندەك ياشاپتۇ، — دېدى ئانام.

— راست دەيسەن، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ خەۋىرىنى سوراپ ماڭا يازغان خەتلىرىنى توپلاپ قويدۇم، رەتلىسەم بىر تەسىرلىك مۇھەببەت خاتىرىسى چىقىدۇ، — دېدىم.

* * *

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن، ئانام ھەققىدە يېزىۋاتقان بۇ يازمامنىڭ تۈيۇقسىز بۇرىلىش ياساپ مۇھەببەت ھېكايىسىگە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ھەيران بولۇشىڭىز ئاساسسىز ئەمەس، بۇ ئانام ھەققىدىكى قايغۇلۇق خاتىرە. ئەمما، يازمىدىكى ھەر تەپسىلاتقا ئانامنىڭ سايىسى

ئەكسىلىنىپ تۇرىدۇ. ئانامغا مۇناسىۋەتلىك كىچىك ھالقىلارنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ھېسسىياتىدا بولدۇم. ھالبۇكى، ئانامنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى نامايان بولىدىغان نۇرغۇن خاتىرىلەر قەلەمگە ئېلىنماي قالدى. چۈنكى، ھەممىنى قەلەمگە ئېلىشقا قۇربىتىم يەتمىدى. يۇقىرىدىكى ئۇزۇن سەھىپىنى ئىگىلىگەن قوشنىمىزنىڭ قىزى، يېقىن دوستۇم ھەققىدىكى بايانلارنى ئەزۋەيلەپ تەپسىلىي يېزىشىمدىكى سەۋەب يەنىلا ئانامنى ئەسلەش ئۈچۈن. ئانام ھايات چېغىدا بۇ ئىشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەن، دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرغانىدى. بۇ ئىشنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىراتىدىن ئانامغا قالدۇرغان تەسىراتى كۈچلۈكرەك دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئانامغا مۇناسىۋەتلىك، ئەمما كىتابىمغا مۇناسىۋەتسىز دەپ بىلىنىدىغان بايانلارنىمۇ يېزىشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم. ئەينى چاغدا دوستۇم ماڭا قالدۇرغان ئۇشبۇ خاتىرىنى ئانامنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بەرگەنىدىم. ئانام ئوقۇپ كۆز يېشى قىلغان، ھەتتا كېيىن مۇشۇ ھەقتە بىرەر نەرسە يېزىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ئەپسۇس، ئانام ھايات چېغىدا بۇ تەۋسىيەنى ئورۇنلىيالمىدىم.

www.uyghurkitap.com

# ھىجران ئازابى

خەير ـ خوش دېيىشكە بارمايدۇ تىلىم،
ئاھ، كۆنسۈن ھىجرانغا قانداقمۇ دىلىم.
زۇلمەتتە ئاھ ئۇرۇپ تولايمەن سېنى،
سەن ئىدىڭ پاسىبان، نۇرۇم، دىلكەشىم.

جېنىم ئانا، دۇنيادا ئانىسىنى سۆيمەيدىغان بىرمۇ يۈرەك بولمىسا كېرەك، ھەممە ئادەم ئۆز ئانىسىنى سۆيىدۇ، مەنمۇ سېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن، لېكىن بۈگۈنگە كەلگەندە شۇ ياخشى كۆرۈشۈمنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئىپادىلەپ تۇرغان بولغىيمىدىم دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئانا، ئۆمۈر مۇساپەمدە سەن ماڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تالاي پەند ـ نەسىھەتلەرنى قىلغانىدىڭ، نۇرغۇنلىرىنى ئاڭلاپلا ئۇنچە كۆڭۈل قويمىغانىكەنمەن، ئۇنىڭ بىباھا قىممىتىنى سېنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىۋاتىمەن. مېنى قىيناۋاتقىنى دەل مۇشۇ ئارمان، سەن ماڭا نۇرغۇن مۇھەببەت بەردىڭ، كىچىك ۋاقتىمدا كېسەللىك بىلەن ئېلىشىۋاتقان چاغلىرىمدا ھېچ ئىككىلەنمەي ماڭا ئىككى قېتىم قان بەرگەنىكەنسەن، دېمەك يۈرىكىمدە، تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى دەل سېنىڭ ئۇتلۇق قېنىڭ، مانا بۈگۈن قولۇم كېسىلىپ ئازراق قان چىقسا خۇددى سەن ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك دەرھال يۈرىكىمگە تاڭىمەن، ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەسرىتى دەل مۇشۇنداق بار چېغىدا قەدرىنى قىلماي، ئايرىلغاندا ئاھ ئۇرۇش بولسا كېرەك. ئاھ، جېنىم ئانا، سەن ماڭا بىر ئۆمۈر

بېغىشلاپ كەلدىڭ، لېكىن ئېرىششنى كۈتمىدىڭ، ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەردىڭ، لېكىن مېنىڭ ساڭا ئاتا قىلغىنىم ئاپپاق چاچلار بولدى.

بۇ كۈنلەردە ئانامنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىمەنكى، ئۆينىڭ ئىچىدە ئىمىنىدۇر ئىزدەپ يۈگۈرۈپ يۈرىمەن، مېنى كۆرگەن ئادەم بۇ تۇرقۇمدىن مېنى ھەرگىزمۇ نورمال ھېس قىلمايدۇ، «ئانا» دەپ ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە چىقىمەن، بېرىپ ئاخىرقى قېتىم كىيگەن كىيىمىنى ئېلىپ نەپىسىم توختاپ قالغۇچە ھىدلايمەن، سائەت ـ سائەتلەپ پۈراپ ياتىمەن، بۇمۇ ئانامنىڭ خۇمارىنى باسالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە سەپەرگە چىقىمەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ ھەرقانچە پەند ـ نەسىھەتلىرىمۇ ماڭا كار قىلمايدۇ. بىرىمنىڭ بەش يۈز كىلومېتىرلىق سەپەر مېنى چارچىتالمايدۇ. ئايرودۇرۇمدىن ئۇدۇل قەبرىستانغا يۈگۈرەيمەن.

ئاھ ئانا، مەن كەلدىم، يۈرىكىم قايغۇ ئەلەمدە ئېزىلمەكتە، ئولتۇرغان ئورنۇم سوغۇق، قاتتىق توپا يەر بولسىمۇ قىلچە سەزمەيمەن. مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستۇم ـــ ئانام مېنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا كەتتى. يۈرىكىم ئېزىلىپ، نەپىسىم قىسىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئانام تاغدەك يۆلەنچۈكۈم ئىدى. مەن خۇشال بولسام مەندىن بەك خۇشال بولاتتى، ئۇنىڭغا دەردلىرىمنى تۆكۈۋاتقىنىمدا كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ مەن بىلەن تەڭ يىغلايتتى. ئانام مۇھەببەتتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقتىمدا دۇنيانىڭ مۇھەببەت بىلەن لىق تولغانلىقىنى بىلدۈرگەن، تاغنىڭ كەينىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز تاغنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۈرگەنىدى. ئانام يازغان ھەربىر ئەسىرىمنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى بولۇپ، ھەربىر چېكىت ـ پەشلىرىدىن ھۇزۇرلانغان، مېنىڭ تالاي قىزلاردىن مۇشۇ قەلىمىم بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىشىمغا ئىلھام ھەم ئىشەنچ بەرگەن، مېنى ئۆزۈمنى تېپىشىمغا، ئۆزۈمنى تونۇشۇمغا



www.uyghurkitap.com

يول كۆرسەتكەن ئاشۇ ئانام ئىدى.

مەن ياشانغان كىشىلەرنىڭ دائىم ئۆتمۈشنى ئەسلەپ سۆزلەشلىرىگە ھەيران قالاتتىم، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن يېقىنقى ئىشلارنى ئەمەس، دائىم يىراقتا قالغان تارىخنى شۇنچە سېغىنىش بىلەن ئەسلەيدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتىم، كېيىنچە بەلكىم مەڭگۈ قايتماس ئەسلىمىلىرىنى، ئەينى چاغدا قەدرىگە يەتمىگەن، مۇھىم بىلمىگەن شۇ ئىشلارنى قايتا ئەسلىگەندە بەك گۈزەل بىر كەچمىش تۇيۇلسا كېرەك دەپ ئويلايدىغان بولدۇم.

ئانامدىن ئايرىلىپ ھەممە ئىشلار ماڭا سوغۇق بىلىنىدىغان بىر كۈنى قەشقەردە تۇپراق بېشىدىن يېنىپ، تۈز يولدا كېتىۋېتىپ تۇساتتىن پۇتۇم قايرىلىپ كەتتى. «ۋايجان» دەپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. تېلېفون قىلسام ئاچام يېتىپ كېلىپ دوختۇرغا ئېلىپ باردى. كەچتە تېڭىقلىق پۇتۇمغا قاراپ كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولدى ھەم يەنە ئىختىيارسىز خىيالغا پاتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىم ئىدى، ئاپام يوتقان تىكىۋاتاتتى، مېنىمۇ «كۆرۈۋال، يوتقان تىكىشمۇ بىر مۇھىم ئىش، ئۆگىنىۋېلىڭ» دەپ يېنىدا ئولتۇرغۇزغانىدى. مەن ئاپامغا ئۇزۇن يوتقان يىڭنىسىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭشىدى، يۈگۈرۈپ قوپۇپ يىڭنىگە دەسسىۋاپتىمەن، قارىسام ئۇزۇن يىڭنە پۇتۇمنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئاستىدىن كىرىپ ئۈستىدىن چىقىپ قاپتۇ، قورقۇپ كېتىپ ھويلىدىكى يەردىلا، خىشنىڭ ئۈستىدە يىغلاپ ئولتۇردۇم، رەھمەتلىك ئاپام بۇنى كۆرۈپ: «ۋاي، جېنىم بالام» دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپلا يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يۈزىنى يەرگە يېقىپ تۇرۇپ، يىڭنىنى چىشلەپ تارتتى، قورقۇپ كەتكىنىمگە لايىق ئازراقمۇ ئاغرىق ھېس قىلمىدىم. ئاپامنىڭ خىشقا يۈزىنى يېقىپ ئاغزىنى پۇتۇمغا ئاپىرىپ يىڭنىنى تارتىشىنى ھازىر ئويلىسام «نېمىشقىمۇ پۇتۇمنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ بەرمەي، يۈزىنى يەرگە ياققۇزغان بولغىيدىم» دەپ

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. شۇ چاغدا رەھمەتلىك ئانام ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي مېنى دوختۇرغا ئېلىپ بارغان، كېيىن ياللۇغلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ دورا سۈرتۈپ، ھەر كۈنى نەچچە رەت سىلاپ ھېچ ھالى قالمىغانىدى. دوختۇرنىڭ ھېچ ئىش يوق دېگىنىگە ئۇنىماي ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ، دورا سۈرۈپ، خېلى ۋاقىتقىچە زېھنى شۇ پۇتۇمدىلا بولغانىدى.

بۈگۈن تېخىمۇ پۇتۇمغا قاراپ ئاپامنىڭ ئاشۇ مېھرىنى سېغىنىۋاتقانىدىم، ھەممە تۇغقانلىرىم كۆڭۈل بۆلۈپ قاراۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر يېرىم تولمايۋاتاتتى، يوق ئىشقا يىغلايتتىم، مۇھەببەتسىراۋاتاتتىم، ئاپامنىڭ يۈرىكىنى، مېھرىنى، مېنى باغرىغا بېسىشىنى، پۇتۇمنى سىلاپ، مېھىر بىلەن قاراشلىرىنى سېغىنىۋاتاتتىم... بۇ ھېسسىياتلىرىمنى پەقەت كۆز ياشلىرىم بىلەن چىقىرىۋاتاتتىم.

*　　　*　　　*

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئالپىس تاغ تىزمىسىدا مۇنداق بىر تەسىرلىك ۋەقە بوپتۇ. بىر ئانا قىزىنى ئېلىپ ئالپىس تېغىغا قار تېيىلغىلى چىقىپتۇ، تاغ كۆچۈپ بۇلار قار ئاستىدا قاپتۇ، ئانا بار كۈچى بىلەن قىزىنى قار ئاستىدىن ئاچىقىپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا كۆل رەڭ ماموق چاپان بولغاچقا، قۇتقۇزۇشقا كەلگەن تىك ئۇچار ئۇلارنى قار رەڭگى بىلەن پەرقلەندۈرەلمەپتۇ. بۇنى بىلگەن ئانا قىرلىق تاش بىلەن ئارتېرىيە تومۇرىنى كېسىپ قېنىنى قار ئۈستىگە ئېقىتىپتۇ. بىر چاغدا قىزى دوختۇرخانىدا ھوشىغا كەپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئەر ـ ئايال تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىسى ئوغلىنىڭ بىر ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە ئوغلىنى يۇدۇپ يەتتە مىڭ

مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇز تاغقا چىقماقچى بوپتۇ.
ئۇلار ھاۋا رايىدىن بېرىلگەن مەلۇماتقا ئىشىنىپ كېتىپ ئورۇن بەلگىلىگۈچنى ئېلىۋالمىغانىكەن. بەش مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە چىققاندىن كېيىن تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ، قارلار ئۇچۇپ قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ، تېمپېراتۇرا تېزلىكتە تۆۋەنلەپ نۆلدىن تۆۋەن ئوتتۇز تۆت گىرادۇسقا چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇلار ئامالسىز بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ دالدىلىنىپتۇ.
تېمپېراتۇرا داۋاملىق تۆۋەنلەپ، ئانىنىڭ قوينىدىكى بالا مۇزلاپ كالپۇكى كۆكىرىپ كېتىپتۇ ۋە قورسىقى ئېچىپ ئېچىنىشلىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. بالىنى ئېمىتىش كېرەك ئىكەن، لېكىن بەدەننىڭ ئازراقلا يېرى ئېچىلىپ قالسا بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، ئانىنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىكەن.
بالىنىڭ يىغىسى بارغانسېرى ئاجىزلاشقا باشلاپتۇ، ئانا نېمىلا بولسۇن بالىسىنى ئېمىتمەكچى بوپتۇ، بۇنىڭغا ئېرى قەتئىي قوشۇلماپتۇ، چۈنكى ئايالىنىڭ توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ، لېكىن ئانا بالىسىنىڭ يىغىسىغا، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن قىلىۋاتقان نالىسىگە زادى چىدىماپتۇ. ئېرى ئانا ـ بالا ئىككىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپتۇ، ئانا زادى چىدىماي بالىنى ئېمىتىپتۇ.
ئۇلاردا ئورۇن بەلگىلىگۈچ بولمىغاچقا قۇتقۇزغۇچى خادىملار ۋاقتىدا كېلەلمەپتۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇتقۇزغۇچى خادىملار كەلگەندە، ئەر خوتۇننى قۇچاقلىغان ھالدا ھوشىدىن كەتكەن، خوتۇنى بالا ئېمىتىۋاتقان ھالەتتە قېتىپ مۇز ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغان، ئوغلى دادىسىنىڭ قوينىدا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقانىكەن.
مانا بۇ ئانا روھى، ئانىنىڭ بەخشەندە قىلىش روھى، ئانىنىڭ پىداكار روھى. مېنىڭ ئانام، يەنە نۇرغۇن ئانىلار بالىسى ئۈچۈن ئۆلمىسىمۇ، قانداق مۇھىم مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، مۇھەببەتسىراپ كۆيۈۋاتقان شامدەك ئېرىپ تۈگەيدۇ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگىي ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يالغان كۆلۈش تەستۇر، بەكمۇ تەس

يالغان كۆلۈش تەستۇر، بەكمۇ تەس،
چىن كۆلگەنگە قىلىمەن ھەۋەس.
كۆلگەنلەرگە كۆلۈپ قويىمەن،
ئەمما ئۇ كۆلكە ئۆزۈمنىڭ ئەمەس.

ئانام بىزدىن ئايرىلدى، باھاردىن كېيىن ياز كەلدى، لېكىن يازدەك يېقىملىق ئانام يوق ئىدى؛ چېچەك ئېچىلدى، تورۇپ كەتتى، ئانامنىڭ خۇددى چېچەكتەك تورۇپ كەتكەنىدى؛ گۈللەر ئېچىلدى، لېكىن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئانام يوق ئىدى؛ ئانام تېرىغان رەيھانگۈللەرمۇ ئېچىلىپ خۇش پۇرىقى ھويلىنى بىر ئالدى، لېكىن ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغان، چېكىسىگە قىستۇرالىدىغان ئانام يوق ئىدى.

ئانام گۈلنى ياخشى كۆرەتتى، گۈل تېرىشنى، پەرۋىش قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، گۈللەر سولىشىپ، تورۇپ كەتسە كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئانامدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىشتىن باشقا ھەممە ئايرىلىشنىڭ بىزنى خۇددى سۇ چاچراپ سەگىتىپ قويغاندەك يېنىك ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئانام ھايات چېغىدا: «مېيىتنىڭ كەينىدىن ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ، ئىككىسى قايتىدۇ، بىرى بىللە كېتىدۇ، بالىچاقا ۋە مال ـ دۇنيا بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ، قىلغان ئەمەللىرى بىللە كېتىدۇ» دەيتتى.

شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن ھەر كۈنى ياخشىلىق، ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەپ ھارمايتتى، مەن بۇ توغرىسىدىكى سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەچكىمىكىن ئانچە ئېرەن قىلمايتتىم. ھازىر بۇ سۆزلەرنى ئويلىسام «ئانام شۇ چاغلاردا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ يېقىنلاپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلى تۇيغان بولغىيمىدى» دەپ قالىمەن.

بىر كۈنى ئاكام ئىككى يەشىك ئالما ئەكەلدى، ھەر ئىككى يەشىكتىكى ئالمىنى يۇيۇپ، ئۇستەلگە تىزىپ قويدۇم. ئانام كىرگەن ـ چىققانلارغا مېۋە سويۇپ بەرگەچ: «بۇ ئالمىنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ بەك چىرايلىق، ھەم بەك سۇلۇق ئىكەن، ماۋۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن» دەيتتى، شۇنداق دەپ بىر ھەپتە ئۆتمەي، ھېلىقى ياخشى ئەمەس ئىكەن دېگەن ئالمىلار سېسىپ كەتتى.

— ئاپا، ھەر ئىككى ئالما كۆرۈنۈشىدىنىمۇ ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، سەن ئاۋۇ ياخشى ئىكەن، ماۋۇ ناچار ئىكەن دەپ تەڭ ئەكەلگەن ئوخشاش ئالمىنىڭ بىرى ساق تۇرىدۇ، ناچار ئىكەن دېگىنىڭ سېسىپ كەتتىيا، — دېدىم.

— بىر كىتابتا ھېسسىياتسىز ھېچنېمە يوق، دەپ يېزىپتىكەن، كالىلارنىمۇ مۇزىكا بىلەن ساغسا سۈت جىق چىقىدىكەن، گۈللەرمۇ مۇزىكىدا ياخشى ئېچىلىدىكەن، ئالمىلارغىمۇ سۆزىمىز تەسىر قىلدىمۇ نېمە؟ — دەپ كۈلدى ئانام.

مەن بۇ سۆزنى خېلىغىچە تەھلىل قىلىپ يۈردۈم.

مېنىڭ ئىككى دوستۇم بار. بىرسى قاش ـ كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق قىز، لېكىن ئۆگىنىشتە ئانچە ياخشى ئەمەس، مىجەزىمۇ ئىتتىك، يەنە بىر دوستۇم قارىماققا ئادەتتىكىچە، لېكىن ئەقىللىك، تىرىشچان، مىجەزىمۇ بەك ياخشى قىز، بىز ئۈچىمىز بىر يەرگە بارساق ھەممىسى چىرايلىق دوستىمىزنى ھەۋەس بىلەن ماختىشىپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا يەنە بىر دوستۇمغا قارىسام ئۇ بۇ سۆزلەردىن بىئاراملىق ھېس

قىلغاندەك بولىدۇ، كېيىنچە ئۇ بىز بىلەن بىر يەرگە بېرىشنى خالىمايدىغان، بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

يىللار ئۆتۈپ ھېلىقى چىرايلىق دوستىمىز نەتىجە قازاندى، يەنە بىر دوستىمىز بۇرۇنقىدەك تىرىشچان روھىمۇ سۇنۇپ، مىجەزى چۈس، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، ھەممە ئادەمدىن، ھەممە ئىشتىن قۇسۇر تېپىپ، نارازىلىق كەيپىياتىدا ياشايدىغان بولۇپ قالدى. ئانامنىڭ ئىككى ئالمىغا بەرگەن باھاسى ۋە كېيىنكى ئالمىنىڭ نەتىجىسى ئىككى دوستۇم ھەققىدىكى سوئالىمغا جاۋاب تېپىپ بەرگەندەك بولدى.

چىرايلىق دوستۇم ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان ماختاش، مەدھىيەلەر، ھەۋەس بىلەن قاراشلار، ئۇنىڭغا ئىشەنچ ئاتا قىلغانىكەن، ئۆزىگە ئىشەنچى بولغان ئادەم ھامان نەتىجە قازىنىپ چىقىدۇ، ئادەتتىكىچە بولغان يەنە بىر دوستۇم ئەقىللىك ھەم تىرىشچان بولسىمۇ، ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ تالانتىنىمۇ خازان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مىجەزى ئىتتىك، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، ھەممە ئادەمدىن قۇسۇر ئىزدەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆڭۈل يېرىملىقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتەك پاسسىپ ھالەتنى شەكىللەندۈردى. ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى گۈزەل، جەلپكار ھېس قىلسا، چوقۇم باشقىلارغا شۇنداق گۈزەل ھەم جەلپكار كۆرۈنىدىكەن، بۇ ھەقتە كارنىگىنىڭ مۇنداق بىر ھېكايىسى بار:

بىر ئاممىۋى يىغىلىشتا كېلىشكەن بىر ئايال:

— كارنىگ ئەپەندى، ياخشىمۇسىز؟ سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. ئاخىرى مۇرادىمغا يەتتىم، مەن بىر ئاددىي ئايال، — دەپتۇ. كارنىگ:

— ھە، ئاددىي خانىم، نېمە سۆزىڭىز بار؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. كارنىگ:

— سىز ئۆزىڭىزنى ئاددىي ئايال دەپ تونۇشتۇردىڭىز، شۇنىڭ

بىلەن مەنمۇ سىزنى ئاددىي خانىم دەپ ئاتىدىم، ئەجەبا بۇ خاتامۇ؟ نېمىشقا ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز كەمسىتىسىز؟ بىلىپ قىلىڭ، خانىم، ھەرقانداق ئادەم تەڭرىنىڭ بىر بۈيۈك كەشپىياتى، ئۇنى ھېچكىمنىڭ كەمسىتىش ھوقۇقى يوق، — دەپتۇ.

لېكىن، ئانام مېنى كۆپ ماختىمايتتى. تۈگىمەس تەربىيەلەر، تەكرار - تەكرار نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ بۇ سۆزلەردىن زېرىككەندەكمۇ بولاتتىم. كىيىنىشىمدىن تارتىپ، يۈرۈش - تۇرۇشۇمغىچە، ھەتتا تېلېفوندا قاتتىقراق كۈلۈشۈمگىمۇ چەك قوياتتى.

بىر كۈنى پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈپ ئولتۇرغاچ ئانام بىلەن پاراڭلاشتىم، ئانام شۇ كۈندىكى قىلغان ئىشلىرىنى، كىملەردىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، مېنىڭ دىققىتىم مۇسابىقىدە ئىدى.

— ئاپلا، — دېدىم ئانامنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — شۇنداق چىرايلىق ئەكېتىۋاتقان توپنى يېنىدىكىگە بەرسە چوقۇم كىرگۈزەتتى، ئۆزۈم تېپىمەن دەپ بەرمەي ئۆزىمۇ كىرگۈزەلمىدى، ئاران كەلگەن بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى، — دېدىم.

— شەخسىيەتچىلىك قىلسا شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئانام، — توپنى مەن كىرگۈزۈپ نامىمنى چىقىرىمەن دېگەن بولغىيدى، ئۇنداق قىلماي ئۇنىڭغا بەرسە كىرەتتى، ئۆزىنىڭمۇ تۆھپىسى بولاتتى. توپ ئويناشتا بولامدۇ، خىزمەتتە بولامدۇ ھەممە ئىشتا شەخسىيەتچىلىك قىلسا ئىش بۇزۇلىدۇ، نىيەتنى توغرا تۇتسىلا ئۆزىمۇ ئويلىمىغان يەردىن نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، مۇشۇ يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىغا قاراپمۇ ماشىنا ھەيدىگەن ئادەمنىڭ ساپاسىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئالدىراڭغۇ، شەخسىيەتچى ئادەم ماشىنىنىمۇ مىجەزىدەك ھەيدەيدۇ، يول تالىشىۋاتقان، پىيادىلەرگە، چوڭلارغا يول بەرمەيۋاتقان...

— ئىنسان نېمە ئىش قىلسۇن ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ، ئانا، — دېدىم.

ئانامنىڭ ساقلىغان نەرسىلىرى ئۆزگىچە ئىدى، ياش چاغلىرىدا ئىشلەتكەن ئەتىرلىرىنىڭ قۇتىسىنى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئارىسىدا ساقلايتتى، ھېلىمۇ ئۇنىڭ سۇس پۇرىقى بولاتتى، ساندۇقىنى ھەربىر قېتىم ئاچقاندا بىر قېتىم پۇراپ دادامنىڭ قاچان نەدىن ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى، قانچە ئۇزاق ئىشلەتكەنلىكىنى، بۇرۇنقى نەرسىلەرنىڭ جىڭلىقىنى سۆزلەيتتى. ھەربىرىمىزنىڭ بوۋاق چېغىمىزدىكى بىر بۆيۈمىمىزنى ساقلاپ قويغانىدى. چوڭ ئاكامنى ئۇيپىلىغان ئۇپا، كىچىك ئاكامنىڭ كۆرپە قولاقچىسى، ئاچامنىڭ دوپپىسى، مېنىڭ قىرىقىمدا قىرقى سۇيى قۇيغاندا كىيگەن كۆڭلىكىم، شالدۇرۇقۇم، باللىقىمدا ئوينىغان قورچىقىم، مېھماندارچىلىقتا ئوينىغان كىچىك تەخسە، پىيالە، بېشىمغا كىيگەن شلەپىلىرىم ساقلاقلىق ئىدى.

ئانام مېنى كىچىكىمدە بەك ياسايتتى، شلەپە ئېلىپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. كىچىكىمدىن كىيىپ ئادەتلىنىپ قالغاچقىمۇ تاكى بۈگۈنگىچە بېشىمغا باشنىڭ كىيىشنى ياخشى كۆرىمەن.

— باشنىڭ كىيىش ياخشى ئادەت، چاچ ئاپتاپتا كۆيۈپ خۇنۈكلىشىپ كەتمەيدۇ، باش كىيىم كىشىگە سالاپەت بېرىدۇ، سىزگە شلەپە بەك يارىشىدۇ، ئاچىڭىز كىيىشكە ئۇنىمايدىكەن، بىزدەك چوڭ ئاياللار ياغلىق ئارتساق سالاپەت بېرىدۇ، بويۇندىكى قورۇقلارنى توسىدۇ، كۆڭلەكنىڭ ئۇستىگە بىر نەرسە كىيسەك بۇزۇلغان فىگۇرىمىزنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، ياشلىقنىڭ ئۆزى گۈزەللىك، ئادەم ياش ۋاقتىدا ھەممە ئادەمگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ياش چوڭايغانسېرى ئىچكى دۇنياسىنى تازىلاپ، پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ يۇرسە سالاپىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بالام، ھەر ياشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كىيىنىش مەدەنىيىتى

بار. ئۆز لايىقىدا سۆپەتلىك كىيىنىش بەك مۇھىم، بىر ئادەمنىڭ كىيىنىشىگە قاراپ قانچىلىك تەربىيە كۆرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، سورۇنغا قاراپ، كۆرۈشىدىغان ئادەمگە قاراپ كىيىنىش كېرەك. بۇمۇ باشقىلارغا بولغان ھۆرمەت ... — دەيتتى ئانام.

ئانام ئاياللارنى كۆچلۈك دەپ بىلەتتى، ئانامنىڭ كۆچلۈك دېگىنى كۈچ ئەمەس، تەسىرىگە قارىتىلىپ ئېيتىلغان سۆز ئىدى. ئائىلىدە ئايالنىڭ رولى بەك مۇھىم دەپ قارايتتى. ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەكچى بولسا: «ئۇلارنىڭ ئۆيىدە دادىنىڭ قارارى ئاساس قىلىنامدىكەن، ئانىنىڭمۇ؟» دەپ سورايتتى، ئاتا ـ ئانا قانداق بولسا بالىلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

بۇ توغرىسىدا ئانام ئاچام ئىككىمىزگە مۇنداق بىر ھېكايەتلىك نەسىھەتنى قىلغانىدى:

بىر كارۋان غوجايىنى تۆگىلەرنى باشلاپ ماڭىدىغان ياخشى تۆگىدىن بىرنى ئالماقچى بولۇپ قىممەت باھادا بىر تۆگىنى سېتىۋاپتۇ ۋە تۆگە ئىگىسىدىن بۇ تۆگىنىڭ ئانىسىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى سوراپتۇ، تۆگىچى:

— بۇ ئۇزۇن سەپەرگە، يۈك ـ تاق كۆتۈرۈشكە بەك چىداملىق تۆگىنىڭ بالىسى، لېكىن ئۇنىڭ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا چۆكۈپ يېتىۋالىدىغان بىر ئادىتى بار ئىدى، — دەپتۇ.

كارۋانچى «ئۇزۇن سەپەرگە، يۈك ـ تاق كۆتۈرۈشكە بەك چىداملىق» دېگەن گەپتىن خۇشال بولۇپ، «دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆكۈۋالىدۇ» دېگەن سۆزگە ئېتىبار قىلماي تۆگىنى سېتىۋاپتۇ. بىر كۈنى بۇ چىداملىق تۆگىگە قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ئارتىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، بىر دەرياغا كەلگەندە كارۋانچى ھېلىقى سۆزنى ئېسىگە ئېلىپ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپتۇ ۋە: «ئۇ چۆكۈۋالىدىغىنى بۇ تۆگىنىڭ ئانىسى ئىكەن، بۇ ئەمەس» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ تۆگىنى دەرياغا سالپتۇ. دېگەندەك، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تۆگە چۆكۈپ زادى ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن

سودىگەرنىڭ ھەممە مېلى سۇدا ئېقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆكە» دېگەن سۆز قالغان. ئائىلىسى، ئاتا ـ ئانىسى ھەممىدىن مۇھىم، بالام. ئادەم بىر كېچىدە باي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن بىر كېچىدە ئەمەس بىر يىلدىمۇ سەۋىيەلىك، ساپالىق بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. بىر ئۆي ئەر بىلەن كىشىگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. ئايال كىشى كۆپ نەرسىلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ، شۇڭا ئەرنىڭ قارارىغا بويسۇنۇپ ياشاڭلار. ئايالى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان ئەرنىڭ بالىلىرى ئالدىدىمۇ، ئايالى ئالدىدىمۇ ھۆرمىتى بولمايدۇ. ئەر ئەردەك، ئايال ئايالدەك بولغىنى ياخشى. ھەممە ئىشتا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب دەپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ يۈرگەن ئايال دېگىنىگە ئېرىشكىنى بىلەن نۇرغۇن زىيىنى خورايدۇ، ئارامسىزلىنىدۇ، جىددىيلىشىدۇ، چارچايدۇ، ئاخىرى سەتلىشىپمۇ كېتىدۇ. دېگىنىمنى قىلدىم دېگەنبىلەن ئېرىنىڭ قەلبىدىكى ئورنى چۈشۈپ كېتىدۇ، چىرايلىق خوتۇنمۇ سەت كۆرۈنىدۇ، ئائىلىدە مۇھەببەت سۇسلايدۇ.

— تۇرمۇشتا ئايالنىڭ رولى مۇھىم جۇمۇ، ئانا.

— مۇھىم بولماىتىكى، بالام، مانا مەن دەپ يۈرگەن يىگىتلەر تەربىيە كۆرمىگەن قىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا كۈلدە كۆمەچلا بولۇپ كېتىدۇ، پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگەپ يۈرگەن ئوغۇل بالا ياخشى ئايالغا ئېرىشسە، بۇنداق ئايال ئەرنىمۇ، ئۆيىنىمۇ گۈل قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۆيلەنگەندە نەسەبىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا، پەزىلىتىگە بەك قاراش كېرەك، ئۇنداق دېگىنىم بىلەن نىكاھتا پېشانىغا پۈتۈلگىنى ھېساب ئىكەن، ئۇ ئارماننى قىلىپلا قالىدىكەنمىز ...

— نۇرغۇن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبەڭمۇ بۇ، ئانا؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇرۇنقى چاغلاردا ئانىمىز قولىقىمىزغا قۇيۇۋېتەتتى، ئېرىڭدىن رۇخسەت سورىماي بىر يەرگە بارساڭ، يا پۈتلىشىپ، يا

بىر نەرسەڭنى ئوغرىغا بېرىپ دېگەندەك پالاكەت باسىدۇ. ھەممە ئىشنى ئەرنىڭ روخسىتى، رازىلىقى بىلەن قىلىش كېرەك. ئەردىن مەخپىي يىغقان مال ــ دۇنيانىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. بىر ئۆي دېگەندە تىلى، دىلى بىر يەردە بولمىسا بەرىكەت، بالىلىرىدا ئىنساب بولمايدۇ. ئۆينىڭ بەرىكىتى ئايالدا، سەھەر قوپۇپ چاچلىرىڭنى تاراپ، ئۆزۈڭنى تۈزەشتۈرۈپ ئېرىڭگە كۆرۈنگىن، ئۆيدە چېچىلىڭ چۈۋۈق، كىر كىيىملەر بىلەن يۈرمە دەپ مېڭىمىزگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ھازىر ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر دەپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ. ئاياللارمۇ خىزمەت قىلىدۇ، چارچاپ كېلىپ قارىسا ئۆينىڭ ئىشلىرى قاراپ تۇرغان، ھېرىغاندا دەردىنى ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتكە دەز كېتىدۇ. ئەر ــ ئايالنىڭ بىرسىنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىسا يەنە بىرسىنىڭمۇ چوقۇم شۇنداق ئۆزگىرىدۇ. ئائىلە دېگەن بەك قۇدرەتلىك قورغان. ئىكاھقا، ئائىلىگە چوقۇم بەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. مېنىڭ بالام بولۇڭلار، چاقىقان، پاكىز بولۇڭلار، ئادەم ئىشلىگەنگە ھېچنېمە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئىش قىلغاننىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، ــ دەيتتى رەھمەتلىك ئانام بىزگە تەربىيەنى ئۆزمەي.

كۆپىنچە ھاللاردا ئانامغا تەسەللى سۆزىنى مەن قىلاتتىم. بىر كۈنى غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئانامنىڭ جاينامازدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقىنىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، رەھمەتلىك ئانام تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ــ چۈششەك كۆڭۈل ئاغرىقىدىن ناماز بىلەن تەسەللى تاپاتتى:

ــ ئىھ ئاللا، ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈم بېرەرلا. بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ قىلارلا. بالىلىرىم، كېلىنلىرىمگە ئىنساب ــ تەۋپىق بېرەرلا، ئۇلارنىڭ گۆدەكلىكتىن قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنى مەخپىرەت قىلارلا، قىلىپ قويغان گۇناھلىرى سەۋەب ئۇلارغا غەزەپ قىلىپ سىلىشلىرىدىن قورقىمەن، ئۇلارغا مەخپىرەت ئىشىكلىرىنى كەڭ ئاچارلا،

كۆڭلىگە مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلارلا ...

بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي ئولتۇرۇپتىمەن.

جېنىم ئانا، دۇنيادا بېغىشلاپ ئېرىشىشنى كۈتمەيدىغان بىر ئانىنىڭ يۈرىكىدىن باشقا يەنە بىر يۈرەكنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بالىسى ئۈچۈن يىغلاپ تۇرۇپ كۈلەلەيدىغان ئانىنىڭ كۆزىدىن باشقا يەنە بىر كۆزنىڭ بارلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. يۈرىكىنى قان قىلىۋاتقان بالىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن، تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، كېچىسى ئۇخلىماي ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخپىرەت تىلەۋاتقان ئانىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىدىن باشقا يەنە بىر قولنىڭ بارلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن...

تەڭرىم، ماڭا ۋە باشقىلارغا پۈتۈن دۇنيادىكى قېرىنداشلارنى، پەزىلەت ئەھلىنى ياخشى كۆرۈشتىن سىرت، يامانلارنىمۇ، دىلىمىزغا ئازار بەرگەنلەرنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتەلەيدىغان يۈرەك ئاتا قىلغىن... بۇ يۈرەك ئانىلارنىڭ يۈرىكىدەك گۈزەل ھەم پاكىز بولسۇن...

# ئاچچىق ئەسلىمە

ئالبوم ئالدىمدا، كۆزۈمدە لىق ياش،
تىلىمدا پەرياد، دىلدا تېگىرقاش.
ئاسماندا بىر قۇياش ئۆچتى، دىلىمدا —
زۇلمەت قوينىغا چۆكتى مىڭ قۇياش.

ئانام ئىككىمىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋاقتىمىز ئەتىگەن ھەم كەچتە چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىش ئىدى، بىر پىيالە چاي بىلەن نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلاتتۇق.

ئانام ماڭا كۆپىنچە گەپنى ئۇدۇللا دېمەي، نۇرغۇن مىسال ياكى بىرەر ھېكايەت ئارقىلىق سۆزلىگەچ نەسىھەتنى باشلايتتى. مېنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ كۆڭلۈمنى ئاياپ گەپنى ئەگىتىپ سۆزلەيتتى.

بىر كۈنى ئانام يېقىن ئۆتىدىغان بىر دوستۇمنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. يېقىندا كۆرۈشكىنىمنى، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلغىنىنى، باشقىلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ خاتا قىلغىنىنى، ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغىنىغا بەك پۇشايمان قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

— ئاتا - ئانا دېگەن بالىنى خاتا يولغا باشلىمايدۇ، كىم بالىسىنى يامان بولسۇن دەيدۇ؟ ئاتا - ئانىنىڭ بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەچكە كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئەينەكتە كۆرگەندەك كۆرەلەيدۇ. ئۇ دوستىڭىزمۇ چىرايىغا، ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتتى، ئېرى ياۋاش، ياخشى بالا ئىدى. ئاتا - ئانىسىنىمۇ ئوبدان

خەق ئىدى. پۇل تاپمىدىڭ، باشقىلاردەك ئىككى قەۋەتلىك ئۆيدە ئولتۇرمىدۇق دەپ، سودا قىلىپ پۇل تاپتى. لېكىن، پۇل دېگەن ئۆزگە قۇل بولغانلارنى ھەر كويغا سالىدۇ، پۇل تېپىپ يەنە رېستوران ئاچىمەن دەپ كېچىسى ئىشلەپ، ئۆي بىلەن ئېرى بىلەن چاتىقى بولماي ئاجرىشىپ كېتىپ ئولتۇردى مانا، — دېدى ئانام.

— بۇ ئىشتا بەزى دوستلىرى ئوتقۇيرۇقلۇق قىلدى. پۇلنى سەن تېپىپ بەرسەڭ، ئۇ خەجلەيدۇ، بالاڭنى ئىككى قىلىپ باقامسەن دەپ سۆزلەۋېرىپ، كېيىنچە ئۇ ئېرىنى ياراتماس بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى، — دېدىم.

— قۇشلار جېنىدا ئۇۋىسىنى بۇزمايدۇ، ئاجرىشىپ مېنى كىملەر كۈتۈپ تۇرىدىكىن دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، «ئاجراش» دېگەن دوستلىرى ھازىر غېمىدە يوق ئۆز ئۆيىنى تۇتۇپ يۈرىدۇ ھەرقاچان... «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم ياخشى، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم ياخشى» دەيدىغان گەپ بار. پۇلۇم بار دېگەن بىلەن پۇل ھەممىگە قادىرمۇ؟ ئىنسان ئاشۇنداق ناشۇكۇرلۇك قىلسا زىيان تارتىدۇ. ئادەم دېگەنغۇ مەڭگۈ قانائەت قىلمايدۇ، سىز ھەرگىزمۇ شۇنداق پۇلغا ھېرىسمەن بولماڭ، ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش ئەڭ ياخشى، ئادەمگە خاتىرجەملىك ئەۋزەل. ھەرەمگە بارغىنىمدا بىر ئايال ياتاقدىشىم بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئۇلارنىڭ بىر قوشنىسى بىر قىزى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، قىزىنى بەك جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ. «قىزىممۇ مەندەك بەختسىز بولۇپ قالمىسۇن، بۇ يەردە خوتۇنىنىڭ قەدرىنى قىلمايدۇ» دەپ قىزىنى چەت ئەلگە ياتلىق قىلىپتۇ ۋە «قىزىم چەت ئەلدە راھەتتە ياشاۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ يۈرۈپتۇ. كېيىن قىزىنىڭ شۇ دۆلەتتە ساراڭ بولۇپ قېلىپ نېرۋا كېسەللىلەر دوختۇرخانىسىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ چەت ئەلگە بېرىپ، كۈيۈئوغلىنىڭ نەچچە خوتۇنى بار ئادەم ئىكەنلىكى، قىزىنىڭ بۇ يەردە بەك خورلۇق تارتىپ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

ئەرز قىلاي دېسە نەگە بېرىشىنى بىلمەپتۇ، تىلدىن، ئىقتىسادتىن قىسىلىپتۇ. ئۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق تۇزۇم قانۇنلۇق بولغاندىكىن ھېچ يەردە گېپىنى ئاڭقۇزالماپتۇ. قىزىنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارسا، ئانىسىنى تونۇماي قوغلاپ ئۇرىمەن، دەپ يۇرۇپتۇ. قىزىنىڭ ئىچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ زادى چىدىماي، بۇ دۆلەتتە ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ، قىزىنى سەل ياخشى بولسا ئېلىپ كېتىمەن، دەپ يۇرۇپتۇ. جېنىم بالام، تاشمۇ چۇشكەن يېرىدە ئېغىر، ھەممە يەردە قازانىنىڭ قۇلىقى تۆت، ھەرگىز چەت ئەلدە ياشايمەن دەپ ئويلىماڭ. مۇشۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىسام نەچچە كۈن ئۇخلىمايمەن. بىر نان يېسە قورساق تويىدۇ، ئالتۇندىن تاج كىيسىمۇ خاتىرجەملىك ئەۋزەل، بالام، — دېدى ئانام.

— نەدىنمۇ ئاڭلايدىغانسەن، ئانا، ساڭلا دەپ بېرەمدىغاندۇ مۇشۇنداق گەپلەرنى، چەت ئەلدە ياشاپ ئۇتۇق قازىنىۋاتقانلارنى نېمىشقا ئاڭلىمايدىغانسەن؟ ئەمدى دۇنيا بولغاندىكىن ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئادەم، ھەر خىل تۇرمۇش بولىدۇ، بىرسى مۇشۇنداق بوپتۇ، مەن ئۆيدىن چىقماي دەپ ئولتۇرغىلى بولامدۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ پېشانىسىدە ئۆزىگىلا خاس تەقدىرى يېزىلغان بولىدۇ، بىر ئادەم بىلەن ئوخشاش تەقدىردە بولۇپ قېلىشى ناتايىن. ئانا، يوق ئىشلاردىن غەم قىلىپ يۇرمىگىنە، ياخشىلىقنى تىلىگىن، ئانا، — دېدىم سەل خۇيلىنىپ.

— ئانا دېگەن ئەنسىرەيدۇ، بالام، مەن ھەممە ئىشنى ئويلايمەن، باشقىنىڭغۇ ئاڭلىماي، كۆز ئالدىمدىكى دوستۇم پەرىدەنىڭ ھاياتىچۇ؟

— ھە راست، ئانا، پەرىدە ئانام ئەجەب جاھىل ئايال - ھە؟ بىر ئۆمۈر دېگىنىنى قىلىپ كەلدى، ھاياتنى شۇنداق قېيىداش بىلەن ئۆتكۇزۇۋەتكىنىدىن پۇشايمان قىلامدىغاندۇ؟

— قىلامدۇ؟ ... يېقىندىن بۇيان ئۆيگە تولا كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۆتكەن ئىشلارنى تولا سۆزلەيدۇ، پۇشايمان قىلىپ

يىغلايدۇ، يالغۇزلۇقتىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دېمىسىمۇ يالغۇزلۇق بىر ئاللاغا خاس، بالام.

— ھە، پەرىدە ئانامنىڭ كەچمىشىنى سۆزلەپ بەرگىنە، ئادەمگە نەسىھەت قىلىمەن دېمەي، — دېدىم كۈلۈپ.

— پەرىدە خۇددى سىزنىڭ ماھىرە دوستىڭىزدەك مېنىڭمۇ كىچىكىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستۇم. ئۇمۇ شۇنداق جاھىل، رومانتىك قىز ئىدى. ئالىي مەكتەپتە بىر ساۋاقدىشى بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ، ئىككىسى ۋەدىلىشىپ توي قىلىمىز دېگەندە، ئۇ بالىنى يىراق بىر يېزىغا چۇشۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇ چاغدا خەت ئالاقە قىلىش قىيىن بولغاچقا خېلى ۋاقىتقىچە خەۋەر ئالالماپتۇ، كېيىن خەت يېزىشىپ تۇرۇپتۇ. نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ، پەرىدە ئۇ بالىنىڭ قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خىزمىتىنى تاشلاپ شۇ بالا بار يېزىغا كەتمەكچى بولۇپ بارسا، ئۇ بالا شۇ يېزىنىڭ يېزا باشلىقىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىۋاپتۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن پەرىدە قىل قاپتۇ ساراڭ بولۇپ قالغىلى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بولۇپ قالدى. توي توغرىسىدا گەپ قىلساق ساراڭدەك ۋاقىراپ ئۇرۇشۇپ كېتەتتى، ھەممىمىز بۇنى بىلگەندىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق زادى گەپ قىلمايدىغان بولدۇق. لېكىن، دوستىمىز بولغاندىن كېيىن بەك كۆڭۈل بۆلەتتۇق، ئەر دېسە شۇنداق ئۆچلۈك قىلاتتى. توي، ئەر ھەققىدە گەپ بولسا ئورنىدىن تۇرۇپلا كېتىپ قالاتتى، بىز بىلەنمۇ كۆرۈشكىلى ئۇنىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاستا ــ ئاستا ئۇنىڭغا بۇ تېمىدا زادى گەپ قىلمىدۇق. ھەممىمىز بالىچاقىلىق، نەۋرىلىك بولۇپ كەتتۇق، پەرىدە خىزمەت دەپ يۈرۈۋەردى، ئادەم دېگەن ئۇنچىلىك جاھىل بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، بالام. «زامان ساڭا باقمىسا سەن زامانغا باق» دېگەن سۆز بار، نەدىمۇ ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغان، توققۇزى تەل ھايات بولسۇن، ھەممە ئىشنى مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولىدۇ، مېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىمدەك بولۇشى

كېرەك، مېنىڭ دېگىنىمدەك بولىدۇ، دەپ تەقدىر بىلەن قېرىشسا ئادەم هامان زىيان تارتىدۇ، چوڭ يول بولمىسا كىچىك يولدا مېڭىپ باقاي، ماشىنا بولمىسا پىيادە مېڭىپ باقاي، ئات بولمىسا ئېشەك بولسىمۇ مىنىپ باقاي دېمىسە، زىيان تارتقىنى تارتقان بولىدۇ. پەرىدە هەممىمىزدىن چىرايلىق، هەممىمىزدىن ئەقىللىك، هەممىمىزدىن ياخشى ئوقۇغان قىز ئىدى. ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىگە پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن ئەقىدە قىلغاچقا، مەنىمۇ شۇنداق جاۋابقا ئېرىشىشىم كېرەك دەپ ئويلاپ، كۆڭلىدىكىدەك بولمىغاندىن كېيىن هەممىدىن ۋاز كېچىپ، تاس قالدى راهىبەتەك بولۇپ كەتكىلى، شۇ بالىغا قېيىداپ تويمۇ قىلمىدى، مانا ئەمدى پېنسىيەگە چىقتى، بۇرۇن خىزمەت بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ بىلىنمىگەن بىلەن ئەمدى پېنسىيەگە چىقىپ ئۆيدىن تالاغا چىقماي يالغۇزلۇقتا «ئۆي دېگەن ئويۇپ يەيدۇ» دەپ، تولا ئويلاپ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالماي، بۇرۇنقى هەسرەتلىرى قايتا قوزغىلىپ، كېسەلچانمۇ بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئۆيگە كەلسە يەنە دېگەن گەپنى يەنە قىلىپ، ئاشۇ بالىدىن ئاغرىنىپلا يۈرىدۇ، مۇهەببەت دېگەن كۆڭۈلدىلا قالسا تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. «قىرىق يىل سۆزلەپ چارچىمىدىڭ، ئۇنىڭ ئېسىدە بارمۇ سەن، بىلەمسەن؟ پەقەت بىر كېلىدىغان هاياتىڭنى، ياشلىقىڭنى، ئەڭ گۈزەل ۋاقىتلىرىڭنى ئەرزىمەس ئادەم ئۈچۈن قۇربان قىلغىنىڭ يەتمىگەندەك هېلىمۇ يەنە شۇنى سۆزلەپ ئاغرىپ قېلىۋاتىسەن. بولدى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلما، چىرايلىق ياسىنىپ كۆڭۈللۈك ياشا، شارائىتىڭ بولغاندىكىن چەت ئەللەرگە ساياهەتكە چىققىن، هەرەمگە بار، ئەمدى بۇ يېشىڭدا بىر ئەرنىڭ گېپىنى قىلىپ بىرسىدىن ئاغرىنىپ يۈرسەڭمۇ ياراشمايدۇ» دېسەم يىغلاپ كەتتى، — دېدى ئانام كۆڭلى سەل بۇزۇلغاندەك بولۇپ.

— نېمىشقىمۇ ئۇنداق دېگەنسەن، ئانا. بىچارە پەرىدە ئانام شۇ مۇهەببەتنى ئۇنتۇيالمىغاندىن كېيىن سېنى يېقىن كۆرۈپ،

سىنى چۈشىنىدۇ دەپ دەپتىكەن، ئەجەب بىر گەپ قىلىپسەن، بىر كۈنى مەن بىر مۇڭدىشىپ تەسەللى بېرەيمىكىن، — دېدىم.

— ھەرگىز ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ يۈرمەڭ، ئۇ بەك يوشۇرىدۇ، بالىلىرىڭغا دېمىگىن دەيدۇ، سىزگە تەربىيە بولامدىكىن دەپ جانلىق مىسال سۈپىتىدە سۆزلەپ سالدىم، بولمىسا ھەرگىز دېمەيتتىم، — دېدى ئانام جىددىيلىشىپ.

— شۇنچە يىللاردىن بېرى زادى بىلمەپتىكەنمەن، مەن تېخى توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەنمىكىن دەپ ئويلايتتىم.

— مانا ئەمدى «توي قىلسام بوپتىكەن، كەچلىرى يالغۇزلۇقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم، سالامەتلىكىممۇ ياخشى ئەمەس. يالغۇز ئۆيدە ئۆلۈپ قالسام ئېڭىكىمنى تاڭىدىغان ئادەم يوق بولۇپ قالارمۇ» دەپ ئولتۇرىدۇ، جېنىم بالام. بۇ دۇنيادا ھېچكىم مۇرادىغا يەتكەن ئەمەس، كاككۇك بىلەن زەينەپ ۋىسالىغا يەتكەن چاغدا پۈتۈن ئاشىقلار مۇرادىغا يېتەرمىش دېگەن گەپ بار. ئادەم ئەمەلىي بولغان تۈزۈك. يىراقتىكى غۇۋا نەرسىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، يېنىدا ئېچىلىپ تۇرغان گۈل بىلەن چاتىقى بولمىسا ئۇنىمۇ باشقىلار چېكىسىگە قىسىپ كېتىدۇ. كېيىن يىراقتىكى غۇۋا نەرسىنىڭ ھېچ قىممىتى يوق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، گۈلنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇ ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ چېكىسىگە قىسىلىپ بولغان بولىدۇ. پۇرسەت كەتسە قايتا كەلمەيدۇ، پۇرسەتنى جايىدا تۇتۇۋالالىسا تۇتۇۋالدى، بولمىسا مەڭگۈ خورسىنىپ ياشايدىغان گەپ، بالام. بىر كىتابتىن مۇنداق بىر سۆزنى ئوقۇغانىدىم: ئادەمنىڭ قەلبىدە ئىككى ئېغىز ئۆي بار، بىرىدە خۇشاللىق، بىرىدە قايغۇ ئۇخلايدۇ، سەن خۇشال بولۇپ كەتكەندە بەك كۈلۈپ كەتمە، بولمىسا قايغۇنى ئويغىتىۋېتىسەن، بۇ دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان نېمە بار دەيسەن؟

— توغرا، ئانا، مېنىڭ خاتىرەمدە مۇنداق بىر سۆز بار: «ئامەت ئىشىكىڭىزنى چېكىدۇ، سىز بىپەرۋالىق قىلىپ ئاڭلىمايسىز، يەنە چېكىدۇ، يەنە بىپەرۋالىق قىلىپ ئاڭلىمايسىز، سىز



www.uyghurkitap.com

كېچىكىپ ئاڭلاپ ئىشىكىڭىزنى ئاچقىنىڭىزدا ئۇ ئاللىقاچان ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ»، — دېدىم ئانامنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

ئانام بىلەن ئاشۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ مۇڭدىشاتتۇق. ئانام تۇرمۇشۇمدىن تولىمۇ ۋايىم يەيتتى. دوستلىرىمنىڭ گېپىنى، ھېكايەت، مىسساللارنى سۆزلىگەن بولۇپ مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا دارىتمىلايتتى. مېنى بەختىنى تېپىپ، خاتىرجەم ياشىسا دەپ ئويلايتتى. ئەمدىكى تۇرمۇشۇمدا مېنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان، بەختىمدىن ۋايىم يەپ ئۇخلىمايدىغان ئادەم يوق. مېنىڭ ئۇچۇن سوقىدىغان ئوتلۇق يۈرەك يوق، ئۇ يەر ئاستىغا مەڭگۈلۈك كۆمۈلدى ...

جېنىم ئانا ماڭا ئىشەنگىن، مەن سېنىڭ قىزىڭ، ھايات ماڭا قەيسەرلىكنى، كۈرەش قىلىشنى، ئازابقا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگەتمەكتە. جېنىم ئانا، مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە تېخى كۆز ياشلىرىمۇ قۇرۇماي تۇرۇپ، سەندىن ئايرىلغىلى ئىككى يىل بوپتۇ. بوۋاقلارنى كۆرسەڭ: «سىزمۇ شۇنداق بۇلماقتەك قىز ئىدىڭىز، قولۇمغا ئالسام ‹ۋىلىققىدە›، كۈلۈپ بېرەتتىڭىز، يېنىمدىن ئايرىلمايدىغان باچكام ھەم سايەم ئىدىڭىز» دەپ ئەركىلىتىپ كېتەتتىڭ...

سۆيۈملۈك ئانا، بىز ھەممىمىز ئاچچىق يىغا بىلەن بۇ دۇنياغا كېلىدىكەنمىز، كۆز ئېچىپ باغرىڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئوغۇز سۇتۇڭدە ئېغىز ئاچىدىكەنمىز ... «ئانا» دەپ كەينىڭدىن ئۆمىلەپ، «بالام» دەپ قولىمىزدىن يېتىلەپ چوڭ قىلدىڭ، يىللار ئۆتۈپ شۇنداق بىر كۈنلەر كەلدىكى، سەن بىزنى ئەمەس. بىز سېنى يېتىلەپ ماڭىدىغان بولدۇق، لېكىن سەن بىزنى بىر يېڭى ئۆيگە باشلاپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويغىنىڭ بىلەن بىز سېنى يېتىلەپ سوغۇق قەبرىگە ئۇزىتىپ قويدۇق.

ئانا، بۈگۈن سەن ماڭغان يوللاردا يالغۇز كېتىۋاتىماقتىمەن، سېنى قانچىلىك سېغىنىۋاتقانلىقىمنى ئېغىر قەدەملىرىمدىن،

ھەسرەتلىك تىنىقلىرىمدىن ھېس قىلىۋاتىمەن. يۈرىكىمنىڭ ھەربىر سوقۇشىدىن «ئانا» دېگەن نىدانى ئاڭلىغاندەك بولىمەن، روھىم ئاسمىنىدا ئايلىنىپ يۈرگەن مەغرۇر سىيمايىڭنى سېغىنىمەن، ئانا...

ئانا، سېنىڭدىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ قانىتى سۇنغان قۇشتەك، يارىلانغان كېپىكتەك تولغاندىم، سېنى ئىزدىدىم، سېنى ھەممە يەردىن ئىزدىدىم... سەن پەرۋىشلىگەن گۈللەردىن ئىزدىدىم. گۈللەر: «ئاناڭنىڭ ۋۇجۇدى بىزدەك خۇشبۇي ئىدى» دېدى. ئانا، سېنى يەردىن سورىسام يەر كۆز يېشىمدا يۇيۇلۇپ تۇرۇپ: «يىغلىمىغىن، ئاناڭ مېنىڭ باغرىمدا» دېدى... ئانا، سېنىڭدىن ئايرىلىپ، ئانا دېگەنلەرنىڭ ئاغزىغا، دادا دېگەنلەرنىڭ دادىسىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، بىزنىڭمۇ شۇنداق بەختلىك ۋاقىتلىرىمىز بولغان ـ ھە، دەپ خورسىنىپ يۈرۈپتىمىز. جېنىم ئانا، سەن ئولتۇرغان ئورۇنلار بوش. سەن ياتقان كارىۋات بوش، سەن ماڭغان شۇ يوللار بوش. ئانا، ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە ئولتۇراتتىڭ، داستىخىنىمىزنىڭ گۈلى ئىدىڭ، تۇرمۇشىمىزنىڭ بەركىتى ئىدىڭ، ھاياتىمىزنىڭ مەنىسى ئىدىڭ، يىغلىساق كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتەتتىڭ، باغرىڭغا بېسىپ تەسەللى بېرەتتىڭ، خۇشال بولساق تەڭ كۈلەتتىڭ ...

دۇنيادا ھەممە ئايالنى سېنىڭدەك ۋاپادار، سېنىڭدەك ئاق كۆڭۈل دەپ ئويلىدۇق. چۈنكى، كۆز ئېچىپ كۆرگىنىمىز سەن مېھرىبان ئانىمىز بولغىنىڭ ئۈچۈن ئىدى، ئانا. دۇنيادا ھەممە ئەرلەرنى دادىمىزدەك كۆيۈمچان دەپ ئويلىدۇق، چۈنكى كۆز ئالدىمىزدا بىزگە ئۈلگە بولۇپ ياشىغىنى دادىمىزدەك باغرى يۇمشاق مۇھەببەتلىك قەلب بولغىنى ئۈچۈن ئىدى، ئانا.

جېنىم ئانا، بۈگۈن پاتقان قۇياش ئەتىسى چىققان بىلەن بۈگۈن قەبرىگە كىرگەن ئادەم مەڭگۈ چىقمايدىكەن. بۈرۈن كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ سېنى يېتىلەپ رەھمەتلىك دادامنىڭ قەبرىسىگە چىقاتتىم، دادامدىن ئايرىلىپ زېدىلەنگەن يۈرىكىمگە

سەن مەلھەم بولغانىدىڭ، ئەمدى ھىجران ئوتىنى كىم باسار؟ كۆز يېشىمنى كىم سۈرتەر؟ ئانا، سەن بىزنى توققۇز ئاي قورسىقىڭدا، لېكىن بىر ئۆمۈر قەلبىڭدە كۆتۈرۈپ كەلگەنىكەنسەن. ۋاھالەنكى، باشقىلار ئالدىدا ئېگىلگەن بېشىمىز ئاتا ـ ئانا ئالدىدا ئېگىلمەيدىكەن، باشقىلار ئالدىدا ئېيتىلغان شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى ئاتا ـ ئانىمىز ئالدىدا ئېيتمايدىكەنمىز، ئېيتقىمىز يوق ئەمەس، ئاتا ـ ئانىمىزنى بىر ئۆمۈر ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە ئولتۇرىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ بەكمۇ يېقىن ئارىدا بىزنى ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمىز...

مانا بۇگۈن بىرسى مەندىن ھاياتقا چۈشەنچە بەرگىن دېسە مۇنداق دەيمەن: «ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانلاردىن نېمە بولدى دەپ ئەمەس، كىملەرگە ئىشەنچ قىلغانىدىڭ، دەپ سورىغىن. ھايات زالىم بىر ئۇستازدۇركى، دەرس بەرمەستىن ئىمتىھان ئالىدۇ» دەيمەن.

بۇ كۈنلەردە ئانام بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر كۆپ ئېسىمگە كېلىدۇ.

بىر كۈنى قەشقەر رەستىسىدە تىترەپ تۇرغان ئاجىز بىر موماي كۆتۈرۈۋالغان بىر دەستە گۈلگە كۆزۈم چۈشتى، بۇ گۈل قىزىلگۈل ياكى ئەتىرگۈل ئەمەس. ھويلىلاردا، ئېتىز ـ قىرلاردا ئېچىلىپ قالىدىغان سۆسۈن، سېرىق، ھال رەڭ گۈللەر ئىدى. مومايغا قارىدىم. مومايىنىڭ ۋۇجۇدى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغىنىدىن بولسا كېرەك تىترەۋاتاتتى، ياق ئۇنىڭ ۋۇجۇدى موھتاجلىقتىن تىترەۋاتاتتى. شۇ ھامان كۆز ئالدىمغا بالىلىق ۋاقىتلىرىمدا ئانامنىڭ ئۆزى تېرىغان رەيھانگۈلنى چېكىسىگە قىسىۋېلىپ: «مانا قاراڭ، گۈلۈم قىزىم، بۇ گۈللەر ئاچچىق ئىككىڭلاردەك ئېچىلىپتۇ» دېگەن ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئۆزۈمنى زادى تۇتالمىدىم. كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولغانىدى. دەرھال بىرىپ مومايىنىڭ قولىدىكى ۋە چېلەكىدىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى

ئېلىپ باغرىمغا باستىم، ئۇنى پۇرىغاندەك قىلدىم ـ يۇ، لېكىن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدىم... گۈلدىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم، كۆز ياشلىرىمنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالىمىدىم. شۇ چاغدا مومايىنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلىۋالغۇم كەلدى، لېكىن قىلالمىدىم. گۈلچى مومايىنىڭ ھەممە گۈللىرىنى سېتىۋالدىم، ئۇنى ئېلىپ ئۇدۇل ئانامنىڭ قەبرىسىگە يول ئالدىم، بۇ يوللارنى بىر چاغلاردا دادام بىلەن ماڭغانىدىم. كېيىن دادامنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ ئانام بىلەن ماڭدىم، مانا بۈگۈن ھەر ئىككىسىنىڭ قەبرىسىگە يالغۇز كېتىۋاتىمەن، مىسكىن قەبرە تاشلىرىغا قاراپ يۈرىكىم ئېرىپ كېتىۋاتاتتى.

كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان قەبرە تاشلىرى ماڭا ئۆلۈمنى يەنە ئەسلىتىۋاتاتتى. مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بىر ئايەت بار: «ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر.» دەرۋەقە، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز، ھەممىمىزنىڭ قارارگاھى دەل قەبرە، ھايات، تۇرمۇش، مۇھەببەت، بالام، خىزمىتىم دەپ ئالدىرىغىنىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاخىرقى نىشانىمىز دەل مۇشۇ يەر...

جېنىم ئانا، سېنى تۇپراقتىن ئەمەس قەلبىمدىن ئىزدەيمەن.

ئانا بىر قۇياش، ئۇنىڭ تەپتى ھېچقاچان ئاجىزلاشمايدۇ، ئانىنىڭ دىلى ئاغرىسا زېمىن تىترەيدۇ، ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقسا زېمىن ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئېغىز ئاچچىق سۆزى بىزنىڭ ئەقىل كۆزىمىزنى ئاچىدۇ، ئانىسى بار ئادەم قېرىمايدۇ، دەپ سەن بار چاغدا ئۆزۈمنى كىچىك بالىدەك ھېس قىلغان، سەن بار كۆڭلۈم توق، يۈرىكىم پۈتۈن يۈرگەنىكەنمەن. سەن بار ھەممە نېمەم تولۇق، كۆچكە تولۇپ ياشىغانىكەنمەن... پەقەت سەندىن ئايرىلغاندىلا ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر يالغۇز قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

جېنىم ئانا، ھايات ۋاقتىڭدا نەسىھەت قىلساڭ، مېنى كىچىك بالىدەك كۆرىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن. لېكىن، سېنىڭ قىلغان

ھەربىر سۆزۈڭ كېيىنكى ھايات يولۇمدا روي بەرگىنىدە سېنىڭ نەقەدەر ئەقىللىك، نەقەدەر ئالدىن كۆرەرلىكىڭنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلدىم.
بالىلىقىمدا ئۆيىمىزدە كۆلكە ساداسى ئۈزۈلمەيتتى. ھەربىر كۈندىن بىر خۇشاللىق تېپىپ ياشىيالايتتۇق، تۇغۇلغان كۈننى، يېڭى يىلنى، ھېيت ـ بايراملارنى خۇشال كۈتۈۋالاتتۇق، مۇھەببەتلىك چېھرىلەردە گۈزەللىك چاقناپ تۇراتتى. ئائىلىمىزدە مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىللىقلىق، قىزغىن كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۆيگە مېھمان كەلسە خۇش بولۇپ كېتەتتۇق، ئانام داستىخانغا كەمپۈت، تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى تىزاتتى. بىز داستىخاننىڭ يېنىغا بىرنۇۋالماي يىراقتا تۇرۇپ مېھمانلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالاتتۇق. پاراڭلىرىنىڭ ئارىسىدا بىزگە تەسىھەتلەر بولاتتى، مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن ئانام كەمپۈتلەرنى دەرھال تىقىۋېتەتتى، بىز نەگە تىقىقىنىنى بىلىۋېلىپ ئوغرىلاپ يەيتتۇق. ئانام بىلىپ قېلىپ كىم يېدى دەپ سورىسا، بىر ـ بىرىمىزگە دۆڭگەپ زادى دېمەيتتۇق. ھازىر ئويلىسام بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ غەمسىز چاغلىرىم ئىكەن. شۇ چاغلارنى، شۇ كەيپىياتنى دائىم ئەسلەيمەن، دائىم سېغىنىمەن. شۇ چاغلاردا ئۆينىڭ بىر گۈزەل ئەسلىمە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز، ھەممە نەرسە قولدىن كەتكەندىن كېيىن سېغىنىدىكەنمىز. ئۇ چاغدا ئۆيىمىزنى چىراغدەك يورۇتۇپ تۇرغان ئانىمىز بار ئىدى.
قىز تۇغۇلسا دادىسىغا جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، ياتلىق بولغاندا ئېرىنىڭ يېرىم ئىمانى پۈتۈن بولىدۇ، ئانا بولغاندا جەننەت ئايىغى ئاستىدا بولىدۇ دەيدىكەنمىز. ئانا، لەۋەن قىزدىن ئانا بولدۇڭ، كېلىن، كۈيۈئوغۇل كۆردۈڭ، موما بولدۇڭ، ئۈلۈغ موما بولدۇڭ، ئائىلەڭ زورايدى. لېكىن، سەن ياشىنىپ قالغانسېڭ، ھاياتقا چىدىماق ئاسان ئەمەس، ئادەم ئۆلۈمدىن

قورقمايدۇ، قورقمىدىغىنى پەرزەنتىنى مېھىر ـ مۇھەببەتتىن جۇدا قىلىش ...

بىر ئادەم تەڭرىگە: «ئەي تەڭرىم، بىز ئىنسانلارغا ئۆلۈمنى تۇيۇقسىز بەرمىگىن، بىزنى تۇيۇقسىز ئېلىپ كەتمىگىن، بىزگە ئالدىن خەۋەر بېرىپ ئاندىن ئېلىپ كەتكىن» دەپ نالە قىلىپتۇ. تەڭرى: «مەن ساڭا ئالدىن خەۋەر بەردىم، بۇنى بىلمىدىڭ، چاچلىرىڭغا ئاق كىرگۈزدۈم، كۆزۈڭ تورلاشتى، قەدىمىڭ قىسقاردى، پۇتۇڭ ئاغرىدى، قولۇڭ قولاشمىدى، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىڭ ئاغرىدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق بەلگە بېرەمدىم؟» دېگەنىكەن. ھاياتلىقنىڭ بىزگە قاچانغىچە بېرىلگەن ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. شۇ قىسقا ۋاقىتتا بىر ـ بىرىمىزنى مېھماندەك قەدىرلەپ ياشىغىنىمىز ئەۋزەل ئىكەن. ئانا، سەن قەلبىمىزدە بىر پەرىشتە. بىزنىڭ كۆلكىمىز ئۈچۈن كۆز يېشىنى يوشۇرالايدىغان، غايىمىز ئۈچۈن يول ئىزدىيەلەيدىغان، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن جاپا چېكىشتىن قورقمايدىغان، بەختىمىز ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلىدىغان ئىنسان دەل سەن — ئانىمىز...

ئەلۋىدا، ئانا، سەن باسقان يوللاردىن قىزىلگۈللەر ئۈنسۇن، قەبرەڭ ئەتىرگۈللەرگە پۈركەنسۇن...



www.uyghurkitap.com

# چىدا يۈرىكىم

چىدا يۈرىكىم، ھەسرەتكە چىدا،
ھىجران داغىغا، ئۆلمەككە چىدا.
ئىنسان ھاياتتا نېمە كۆرمەيدۇ،
نى زۇلۇم، سىتەمنى كۆرمەككە چىدا.

بالىلىقىمدا رەھمەتلىك ئانامنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلىپ ماڭاتتىم، چوڭ بولۇپمۇ ئانامنىڭ قولىغا شۇنداق ئېسىلىپ ماڭسام، ئانام:

— قولۇمغا ئېسىلىپ ماڭىدىغان ئادىتىڭىز زادى ئۆزگەرمىدى، مەن قېرىپ كېتىۋاتىمەن، چىڭ تۇتىسىز، بۇرۇن بىلمەيتتىم، ئەمدى قېرىغاندا قولۇم تېلىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى، — دېگەنىدى.

— راست دەيسەن، ئانا، مۇشۇ ئادىتىم زادى ئۆزگەرمىدى، تۇرۇپ شۇ بالىلىقىم ئېسىمگە كېلىپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇ چاغلاردا كوچىلاردا مۇشۇنداق ماڭساق سەن ھەممە ئادەمگە سالام قىلىپ ماڭاتتىڭ، بۇ ئانام ھەممە ئادەمنى تونۇمدىغاندۇ؟ دەپ قالاتتىم، كېيىنچە تونۇمىساڭمۇ سالام قىلىپ ماڭىدىغىنىڭنى بىلدىم، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن تونۇسا ـ تونۇمىسا سالام قىلىپ مېڭىشنىڭ بىر پەزىلەت، بىر قائىدە، بىر ئەخلاق ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دېگەنىدىم ئانامغا.

مانا بۈگۈن سالىمى چىرايلىق، مېنى يېتىلەپ يۈرىدىغان

ئانام يوق.

رەھمەتلىك ئانام ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا مېنى تىلغا ئېلىپ ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئاھ ئانا، ياش ۋاقتىڭدا ھېچكىمنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىشىغا موھتاج ئەمەس ئىدىڭ، ھەم ھالىمدىن خەۋەر ئالىسەن دەپمۇ ئويلىمايتتىڭ، سەن قېرىپ بىزگە موھتاج بولغان ۋاقتىڭدا بىز خىزمەت، تۇرمۇش دەپ خىزمىتىڭدە بولالمىدۇق. بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى مۇقەددەس بۇرچىمىزنىڭ بىرى ئاتا - ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپتۇق.

ئانا، تالاي ئانىلارغا ئوخشاش بىزگە موھتاج بولۇپ، بىزنى كېچە - كۈندۈز يېنىمدا تۇرسىكەن دەپ ئارمان قىلساڭمۇ يەنىلا رەت قىلاتتىڭ، چۈنكى سەن يەنىلا بىزنى ئويلايتتىڭ.

بۇرۇن سېنىڭ قىلالمايدىغان ئىشىڭ يوق ئىدى، كۆزۈڭ تورلىشىپ، پۇت - قولۇڭ ماغدۇرسىزلانغىنىغا كۆڭلۈڭ يېرىم بولاتتى، ئۆزۈڭنى يارامسىزدەك ھېس قىلاتتىڭ، مەن سىلەرگە يۈك بولۇپ قالدىم دەپ بىئارام بولاتتىڭ، شۇنچە ئاغرىپ تۇرساڭمۇ بىزنى ئاياپ دوختۇرخانىدا يېتىشقا قېرىقلىق قىلىپ تۇرۇۋالاتتىڭ.

ئاكا - ئاچىلىرىم بالىلىرى ئۇچۇن جاپا چەكسە چىدىمايتتىڭ، «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دەپ تۇرساڭمۇ يەنىلا چىدىمايتتىڭ، ئانىنىڭ قەلبىدىكى مېھىر ئوتىنىڭ قىلچە سۇسلىمايدىغانلىقىنى سەندىن كۆرگەنمەن، ئانا.

ئاھ، ئانا، ئاق چاچلىرىڭ، كېسەلدىن ئاجىزلىغان جىسمىڭنى ئويلىسام يۈرىكىم ئاغىدۇ، سەن بىزنى بېقىپ قاتارغا قوشقۇچە ياشلىقىڭنى، كۈچ - قۇدرىتىڭنى، مېھىر - مۇھەببىتىڭنى بېغىشلىدىڭ، بىز ساڭا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدۇق؟ بىزنى سېغىنىپ پىنھاندا تۆككەن ياشلىرىڭنى سۈرتۈپ قويالىدۇقمۇ؟

ئاھ، كېچىككىنىشكە، ئارمانغا تولغان ھايات !

*   *   *

شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە ئانامنى ئەسلەپ ـ سېغىنىپ ئاققان ياشلىرىمنى، ئانامنىڭ مەڭگۈلۈك سىيماسىنى قەغەز يۈزىگە پۈتۈپ سەل راھەتلەنگەندەك بولدۇم. ئاخىرىدا ئانامنىڭ خاتىرىسىدىكى يۈرىكىمنى ئېزىپ مېنى ئارماندا قويغان ئارزۇلىرىنى خاتىمە سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇردۇم، چۈنكى بۇ يالغۇز مېنىڭ ئانامنىڭلا ئەمەس، تالاي ئانىلارنىڭ يۈرەك سۆزى، تالاي ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا دېيەلمەيدىغان يۈرەك سۆزلىرى... ئۇلار دېيەلەيدۇ، لېكىن بالىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بوغۇزىغا كەلگەن سۆزلىرىنى يەنە يۇتۇۋېتىدۇ، يالغۇز ئولتۇرۇپ ياش تۆكىدۇ ـ يۇ، لېكىن بالىلىرىنىڭ ئالدىدا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ھېچنېمىنى چاندۇرمايدۇ، بۇنى پەقەت ئانا بالىلىرىغا قىلالايدۇ، بۇ گۈزەل يالغانچىلىق پەقەت پەرزەنت خۇشاللىقى ئۈچۈنلا يارىشىدىغان ئانا مېھرى.

... چېنىم بالىلىرىم، بىر چاغلاردا مەنمۇ سىلەردەك ئانامغا ئەركىلەپ ئوينايدىغان بىر سەبىي قىز ئىدىم، رەھمەتلىك ئانامغا: «قورچىقىمغا كىيىم تىكىپ بەر، ئانا» دەپ خاپا قىلسام، «ئالدىرىماسىڭىز شۇ بالىنىمۇ باقىسىز، قىزىم» دەيتتى. ئانام دېگەندەك، مانا بۈگۈن بەش بالىغا ئانا بولدۇم. ئانام يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلمەي ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ دېسە كۈلەتتىم، مانا بۈگۈن مەن سىلەرگە بۇ تەلەپنى قويۇۋاتىمەن، بۇ ھايات شۇنداق داۋاملىشىدىكەن، بالىلىرىم. مانا بۈگۈن سىلەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەي مۇڭلىنىپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا، ئەينى چاغدا مەنمۇ ئانامنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي ئۇنى رەنجىتىپ قويغانىكەنمەن دەپ ئويلىدىم. ئاھ، بىچارە ئانام، ئوچاق بېشىدا ئوتقا قاراپ ئۇزاقتىن ـ

ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتسە، نېمىگە بۇنچە جىمىپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ دېرىزىدىن يىراقلارغا سائەتلەپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىشىمدىن، بالىلىرىمدىن مۇھەببەت تىلەپ مۇڭلىنىپ قېلىشىمدىن، ئاھ بىچارە ئانام، ئەجەبمۇ قەلبىڭگە كىرەلمەپتىكەنمەن دەپ ئۆكسۈيمەن. بۇ دۇنيا شۇنداق بىر ـ بىرىمىزنى چۈشەنمەي، بىر ـ بىرىمىزگە قېنىشماي ئۆتۈپ كېتىدىغان دۇنيا ئىكەن...

جېنىم بالىلىرىم، مەن ياشىنىپ قالدىم، قەدىمىمنىڭ قىسقىرىشى، چاچلىرىمدىكى ئاقلار، كۆزۈمنىڭ تورلىشىشى بىزگە بېرىلگەن جاننىڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇۋاتىدۇ.

سىلەرنى ئويلىسام، سىلەردىن ئايرىلىشنى ئويلىسام پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىن تارالغان ئاچچىق بىر ياش مېنى قىيناپ كۆزۈمدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

سالامەتلىكىمنىڭ چېكىنىۋاتقانلىقى ماڭا ئايان، ھەر كۈنى ئۆزۈمنى تىڭشاپ قويىمەن. قۇياشنى كۆرۈشنى، سىلەرنى كۆرۈشنى ئەڭ چوڭ بەخت دەپ بىلىمەن. گاھىدا ماغدۇرسىز بولۇپ قالىدىغان پۇتۇمنى تەستە يۆتكەپ ماڭغىنىمدا يەنە سىلەرنى ئويلاپ قالىمەن. سىلەرنىڭ ئەمدىلەتىن قەدىمىڭلار چىققاندا ئۆرە تۇرغۇزۇپ، سەل نېرىدا كەمپۈتنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «قېنى بالام، تە ـ تە قىلىپ ماڭىدۇ مانا» دەپ قولۇمدىكى كەمپۈتكە قىزىقتۇرۇپ، يۆتكىگەن قەدىمىڭلار ئۇچۇن باغرىمغا بېسىپ خۇشال كۈلگەن چاغلىرىمنى ئەسلەپ، بۈگۈن مېنىڭ مېڭىشىمنىڭ شۇ چاغدىكى سىلەردەك تەس بولۇپ قېلىۋاتقىنىدىن ھەيران قالىمەن.

كېلىن قىزىم داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭغاندا سىلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىڭلار ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا

كېلىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار تاماق يېيەلمەيتتىڭلار، قاچىنى كۆتۈرۈپ كەينىڭلاردىن تاماق يېگۈزىمەن دەپ يۈرەتتىم، ئەنە مۇشۇك يەۋالىمەن دەيدۇ، ئەنە ئاسماندا ئايروپىلان ئۇچۇۋاتىدۇ، قېنى بالام ئاغزىنى يوغان ئاچىدۇ، دادىسى يەۋالىمەن دەيدۇ دەپ، بىر پىيالە تاماقنى يېگۈزۈش ئۈچۈن دېمىگەن سۆزلىرىم قالمايتتى. ئۇ چاغدا چىشىڭلار يوق ئىدى، تاماقنى يۇمشاق چايناپ، شۇنچە شېرىن تاماقنى گېلىمدىن ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئاغزىڭلارغا سالاتتىم، سىلەر تاماق يېسەڭلەر مەن يېگەندەك خۇش بولاتتىم، مانا بۈگۈن مېنىڭ چىشىم يوق، باللىرىم يۇمشاقراق تاماق ئەتسىكەن، چاينىمايلا يۇتسام دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، لېكىن كۆڭلۈڭلەرنى ئاياپ شۇ تەلەپنىمۇ دېيەلمەيتتىم.

باللىرىم، كۆزۈم تورلاشتى، قۇلىقىم ئېغىرلاشتى، بەزىدە ئاڭلىيالمىغان سۆزلىرىمنى قايتا ـ قايتا سورايمەن، بۇنىڭغا تېرىكمەڭلار، باللىرىم، سىلەر كىچىك ۋاقتىڭلاردا: «ئانا بۇ نېمە؟ بۇ نېمىشقا مۇنداق، نېمىشقا ئۇنداق؟» دەپ توختىماي سوئال سورايتتىڭلار، مەن ئېرىنمەي جاۋاب بېرەتتىم، مانا بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ شۇ كىچىك ۋاقتىڭلاردىكىدەك قايتىلاپ سوئال سورايدىغان بولۇپ قالدىم، بەزىدە ھازىر سورىغان سوئالنى يەنە سوراپ قالىمەن، ئەگەر شۇنداق قىلسام رەنجىمەڭلار، باللىرىم، مەندىن شەپقىتىڭلارنى ئايىماڭلار. باللىرىڭلار ئويناۋاتقان نەرسىلەرنى نېمە ئىكەن دەپ سورىسام، مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ كۈلمەڭلار، باللىرىم، سىلەر شۇ سۆزنى كۈلۈپ دېگىنىڭلار بىلەن يۈرىكىمگە تىغدەك سانجىلىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن تەمتىرەپ ماڭالمىغان چاغلىرىمدا قوللىرىمنى

مەھكەم تۇتۇپ يېتىلەپ مېڭىڭلار، باللىرىم، سىلەرنى شۇنداق يېتىلەپ ئۆگەنگەنمەن، بۇ قوللىرىم قوللىرىڭلارنى سېغىنىدۇ، قولۇمنى تۇتقان قوللىرىڭلاردىن يۈرىكىڭلارنى سېزەلەيمەن، باللىرىم، پەيدىنپەي قورۇق باسىدىغان، تىترەيدىغان بۇ قوللىرىم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارغا بەكمۇ موھتاج بولىدۇ.

كىچىك چاغلىرىڭلاردا سىلەرنى ياخشى تەربىيەدە چوڭ بولسۇن، تەربىيە كۆرگەن باللاردىن بولسۇن دەپ كۆپ تەنبىھلەرنى بېرەتتىم، خاتا قىلغان ئىشىڭلارنى يەنە تەكرارلىمىسۇن دەپ قاتتىقراقمۇ سۆزلەيتتىم، لېكىن مەن قېرىغاندا خاتا قىلسام ئۇنداق تەنبىھ بەرمەڭلار، باللىرىم، مېنىڭ يەنە چوڭ بولۇشۇم يوق، ئادەم ياشانغانسېرى دىلى سۇنۇق ھەم نازۇك بولۇپ قالىدىكەن، سىلەرنىڭ تەربىيەڭلار، قاتتىقراق ئاۋازىڭلارنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىكەن، ماڭا قاتتىق سۆزلىمەڭلار، جېنىم باللىرىم.

سىلەر تۇغۇلغاندا مەن ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال دەپ بىلگەنىدىم، ئۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، سىلەر تۇغۇلغاندىن تارتىپ سىلەردىن زادىلا ئايرىلمىدىم، قۇچىقىمدا، باغرىمدا، قولۇمنى مەھكەم تۇتۇپ يېنىمدىلا يۈردۈڭلار، ئوقۇشقا ماڭغاندا، خىزمەتتە، دوستلىرىڭلار بىلەن يۈرگەندىمۇ يۈرىكىم سىلەر بىلەن كەتكەن، خىيالىم ھەم يۈرىكىم سىلەر بىلەن بىللە ئىدى.

جېنىم باللىرىم، مېنىڭ كىچە ـ كۈندۈز تىلەيدىغىنىم، سىلەر دۇنياغا كەلگەن چاغدا يېنىڭلاردا بولغانمەن، مەنمۇ بۇ دۇنيادىن كەتكەن چاغدا سىلەرمۇ يېنىمدا بولۇڭلار. سىلەرگە



www.uyghurkitap.com

قانچە قېتىمسامىمۇ، ئايرىلىشقا چىدىمىسامىمۇ ھامان بىر كۈنى سىلەرنى داغدا قويۇپ كېتىمەن. سىلەر دۇنياغا كەلگەندە سىلەر يىغلاپ، مەن كۈلگەنىدىم، ئەمدى مېنى سىلەر يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويىسىلەر...

مانا بۇ ئانامنىڭ ھەم ئانىلارنىڭ يۈرەك سۆزى، ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا دېگۈسى بار، لېكىن دېيەلمەيدىغان يۈرەك سۆزى، بىز تامامەن ئاڭلىيالايدىغان، لېكىن ئاڭلاشقا ۋاقتىمىز چىقمايدىغان قەلب سۆزلىرى، بىز ھامان ئاڭلايدىغان، لېكىن كېچىكىپ ئاڭلايدىغان، ھەسرەت، ئۆكۈنۈش، پۇشايمان ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ئاڭلايدىغان يۈرەك سۆزلىرى...

يۈرىكىم ھەسرەتتە پۇچىلانماقتا، كۆيۈپ كۈل بولماقتا، يۈرىكىم بۇ كۈنلەرگىمۇ چىدىغىن ! مەن يەنە ياشىشىم كېرەك، ئانامنىڭ ئارمانلىرىنى ئاقلىشىم كېرەك، بۇ يوللارنى ئانىسىز بېسىشىمغا كۈچ - قۇدرەت كېرەك، چىدىغىن يۈرىكىم ! سېنىڭدە ئانامنىڭ نۇرغۇن ئارمانلىرى بار، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم كېرەك، چىدىغىن يۈرىكىم !...

مېنى ئاتەشلىك مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئىمانلىق، ئىنساب - دىيانەتلىك قىلىپ تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقان، ئۆمۈر پەلەمپىيىنىڭ ئاتمىش توققۇزىنچى باسقۇچىدا ماڭا يەنە تالاي ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قالدۇرۇپ، كۆز يۇمغان سۆيۈملۈك ئانام گۈلئايىم ھاجىخېنىمنى سېغىنىش ۋە ئەسلەش ئىلكىدە ئىختىيارسىز قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ ئەسلىمىلىرىم، خاتىرىلىرىم، چوڭقۇر خىياللىرىمنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈردۈم، ئېھتىمال بۇ ئارقىلىق ئۆزۈمگە تەسەللى ئىزدىگەندىمەن. ئېھتىمال ئانامنىڭ خاتىرەمدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ چاقنىتىش

خىيالىدا بولغانىمەن...

يازمامدىكى نادامەتلىك قۇرلارنى ئوقۇغان ھەركىم ئانىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، تېلېفون نومۇرىنى باسسا، بالىلىرىنى سېغىنىپ ئىشىككە، تېلېفونغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئاشۇ ئانىلىرىغا پەرزەنتلىك كۆڭلىنى بىلدۈرسە، ئاز ـ تولا تەسەللىگە ئېرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس.

2014 ـ يىلى 23 ـ نويابىر

# قىرىق كېچە

(ئەدەبىي خاتىرە)


پىلانلىغۇچى:  گۈلباھار ئەخەت

ئاپتورى:  گۈلچېھرە چوڭئەلەم ئەزىز

مەسئۇل مۇھەررىرى:  گۈلباھار ئەخەت

مەسئۇل كوررېكتورى:  رەناگۈل ئابلىمىت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:  نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:  شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى  
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تېلېفون:  0991-2827472

ئادرېسى:  ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى:  830001

باسقۇچى:  بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى:  شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى:  880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى:  8.25

نەشرى:  2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى:  2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى:  1 — 3000

كىتاب نومۇرى:  ISBN 978 - 7 - 228 - 19296 - 0

باھاسى:  25.00 يۈەن